# یاشلیق ڕەهبەری

((رسالەئی نوُر)) توپلمدىن

# ياشلىق رەهبرى

مۇئەللفى:

بەدىئوُززامان سەئىد نوُرسى

# كىرىش سۆز

بۇ «ياشلىق رەھبىرى» يېڭى يېزىق بىلەن نەشر قىلىنغىنىغا ئوخشاش، كونا يېزىق بىلەن ئىسپارتادىمۇ كۆپەيتىلىپ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ھۆكۈمەت ۋە ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئىلىشمەسلىگى ۋە ھەر تەرەپتە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇلىشى ھەمدە تارقىلىپ يېيىلىشى كۆرسىتىدۇكى؛ بۇ «رەھبەر»نىڭ مىللەتكە، خەلققە، بولۇپمۇ ياشلارغا كۆپ مەنپەئەتى بار. ئەمما ئەنقەرەدە خەۋپسىزلىك ئىدارىسى مۇدىرى 52 - بەتنىڭ 5 - قۇرىدىكى «دىنى دەرسلەر ئۈچۈن خۇسۇسى دەرسخانىلارنىڭ ئېچىلىشىغا رۇخسەت بېرىلىشىگە بىنائەن» جۈملىسىنى ئوقۇماستىن؛ 8 - قۇردىكى «مۇمكىن بولىشىچە ھەر يەردە بىردىن كىچىك نۇر دەرسخانىلىرىنى ئېچىش لازىم» جۈملىسىگە ئىلىشكەن ئىدى. دېمەك، كېيىن ھەقىقەتنى چۈشەنگەنكى، بۇنىڭ تارقىلىشىغا يەنە توسقۇنلۇق قىلمىدى.

«ھۆۋە سىرى» گەرچە چوڭقۇر مەنىلىك، بىراق ھەر كىم دەرھال چۈشىنەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ سىر تەبىئەتشۇناسلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ئۇل تېشىنى پارچە - پارچە قىلغىنىدەك، جاھىل پەيلاسوپلارنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ ئىمانغا كەلتۈردى.

ھەمدە ئۇ سىر ئاچقۇچى بىلەن ئېچىلغان مىسال ئالەمدىكى* مەنىۋى ساياھەت ئارقىلىق، ئاخىرەتنىڭ بىر كىنوسى «ئەينەلىيەقىن»** ھالدا كۆرۈندى. بىراق ناھايىتى ئىنچىكە بولغانلىقتىن نەشر قىلىنمىدى.

بەدىئۈززامان

سەئىد نۇرسى

*مىسال ئالەمى : چۈشتە كۆرگەن ئالەم.

**ئەينەلىيەقىن : كۆز بىلەن كۆرۈش دەرىجىسىدە بىلمەك.

بسم الله الرحمن الرحيم

## بىرىنچى سۆز

«بىسمىللاھ» ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. بىزمۇ باشتا ئۇنىڭ بىلەن باشلايمىز. بىل ئەي نەپسىم! شۇ مۇبارەك سۆز ئىسلامنىڭ بەلگىسى بولغىنىدەك، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئەھۋال تىلى* بىلەن قىلىپ تۇرىدىغان زىكرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «بىسمىللاھ» نەقەدەر چوڭ تۈگىمەس بىر قۇۋۋەت، نەقەدەر كۆپ پۈتمەس بىر بەركەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشنى خالىساڭ، شۇ كىچىك مىسالى ھېكايىگە قارا ... ئاڭلا ... تۆۋەندىكىچە: كۆچمەن ئەرەپ چۆللىرىدە ساياھەت قىلغان كىشى، قاراقچىلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ھاجەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىشى ئۈچۈن بىر قەبىلە باشلىغىنىڭ ئىسمىنى ئېلىشى ۋە ھىمايىسى ئاستىغا كىرىشى كېرەك.

*ئەھۋال تىلى : ئەھۋالى، ھالى ئارقىلىق چۈشىنىشكە بولىدىغان مەنا.

جانابى ھەقنىڭ نامىغا ھەرىكەت قىلىدۇكى، زەررىچىلىك ئۇرۇقلار باشلىرىدا يوغان دەرەخلەرنى، تاغدەك يۈكلەرنى كۆتىرىدۇ. دېمەك ھەر بىر دەرەخ «بىسمىللاھ» دەيدۇ. رەھمەت خەزىنىسىنىڭ مېۋىلىرىدىن قوللىرىنى تولدۇرۇپ، بىزلەرگە خىزمەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەر بىر باغ «بىسمىللاھ» دەيدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئاشخانىسىدىن گويا بىر قازان بولۇپ، ئىچىدە خىلمۇ - خىل، كۆپلىگەن لەززەتلىك تائاملار بىللە پىشۇرىلىدۇ.

بولمىسا ئۆزى يالغۇز چەكسىز دۈشمەن ۋە ئېھتىياجلىرىغا قارشى پەرىشان بولىدۇ. مانا شۇنداق بىر ساياھەت ئۈچۈن ئىككى كىشى چۆلگە چىقىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرى كەمتەر ئىدى ... يەنە بىرى تەكەببۇر. كەمتەر بولغىنى بىر رەئىسنىڭ ئىسمىنى ئالدى، تەكەببۇر ئالمىدى ... ئالغىنى ھەر يەردە ساق - سالامەت يۈردى. يول توسقانلارغا دۇچ كەلسە «مەن پالان رەئىسنىڭ ئىسمى بىلەن يۈرىۋاتىمەن» دەيدۇ. قاراقچى ئېلىشەلمەي ئۆزاقلىشىدۇ. بىر چېدىرغا كىرسە شۇ نام بىلەن ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. ھېلقى تەكەببۇر بولسا، پۈتۈن ساياھىتىدە شۇنداق بالالارنى چېكىدۇكى، تەرىپ قىلغۇسىز دەرىجىدە؛ دائىم تىترەيدۇ، دائىم تىلەمچىلىك قىلىدۇ. ھەم خور، ھەم رەزىل بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئەي تەكەببۇر نەپسىم! سەن شۇ ساياھەتچىسەن. شۇ دۇنيا بولسا بىر چۆل. ئاجىزلىغىڭ ۋە مۇھتاجلىغىڭ چەكسىز. تۈگىمەس دۈشمىنىڭ ۋە ھاجەتلىرىڭ بار. شۇڭلاشقا پۈتۈن كائىناتقا تىلەمچى بولۇپ قالماسلىغىڭ ۋە ھەر ھادىسىنىڭ قارشىسىدا تىترىمەي قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن، شۇ چۆلنىڭ ئەبەدى مالىكى ۋە ئەزەلى ھاكىمى بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئال.

شۇنداق، بۇ سۆز شۇنداق بىر مۇبارەك خەزىنىدۇركى، سېنىڭ چەكسىز ئاجىزلىغىڭ ۋە مۇھتاجلىغىڭ، سېنى چەكسىز قۇدرەتكە ۋە رەھمەتكە باغلاپ، قادىرى رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاجىزلىقنى، مۇھتاجلىقنى ئەڭ مەقبۇل بىر شاپائەتچى قىلىدۇ.

شۇنداق، ئۇ سۆز بىلەن ھەرىكەت قىلغان ئادەم، ئەسكەرلىككە

ئىلىنغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، دۆلەت نامىغا ھەرىكەت قىلىدۇ. ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايدۇ. «قانۇن نامىغا، دۆلەت نامىغا» دەيدۇ ۋە ھەر ئىشنى قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشقا چىدامىلىق كۆرسىتىدۇ.

باشتا، پۈتۈن مەۋجۇدات ئەھۋال تىلى بىلەن «بىسمىللاھ» دەيدۇ، دېگەنىدۇق. شۇنداقمۇ؟

شۇنداق. كۆرسەڭكى، بىر كىشى كەلدى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى مەجبۇر بىر يەرگە ھەيدىدى ۋە مەجبۇر ئىشلەتتى. ئۇ چاغدا سەن؛ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى نامىغا ۋە ئۆز قۇۋۋىتى بىلەن ھەرىكەت قىلمايۋاتقانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ بىر ئەسكەر بولۇپ، دۆلەت نامىغا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بىر پادىشاھ قۇۋۋىتىگە تايىنىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ھالدا بىلەلەيسەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق

نەرسە

ھەر بىر كالا، تۆگە، قوي، ئۆچكىدەك مۇبارەك ھايۋانلار «بىسمىللاھ» دەيدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمەت بەركىتىدىن بىر سۈت بۇلىقى بولىدۇ. بىزلەرگە رەززاق نامى بىلەن ئەڭ شىرىن، ئەڭ پاكىز، ئابى ھاياتتەك بىر غىزانى تەقدىم قىلىشىدۇ. ھەر بىر ئۆسۈملۈك، دەرەخ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق يىلتىزلىرى «بىسمىللاھ» دەيدۇ. قاتتىق تاش ۋە تۇپراقلارنى تېشىپ ئۆتىدۇ. «ئاللاھ نامى بىلەن، رەھمان نامى بىلەن» دەيدۇ. ھەر نەرسە ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ. شۇنداق، ھاۋادا شاخلارنىڭ يېيىلىشى ۋە مېۋە بېرىشىگە ئوخشاش،

ئۇ قاتتىق تاش ۋە تۇپراقتىكى يىلتىزلارنىڭ ئىنتايىن ئوڭايلىق بىلەن يېيىلىشى ۋە يەر ئاستىدا مېۋە بېرىشى ... ھەم ناھايىتى ئىسسىققا قارشى

نازۇك، يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئايلارچە ھۆل پېتى قېلىشى، تەبىئەتچىلەرنىڭ ئاغزىغا شىددەتلىك كاچات ئۇرىدۇ. كور كۆزىگە بارمىقىنى تىقىدۇ ۋە دەيدۇ: سەن ئەڭ ئىشەنگەن قاتتىقلىق ۋە ئىسسىقلىقمۇ ئەمىر ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇكى، ئۇ يىپەكتەك يۇمشاق يىلتىزلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدەك

فَقُلْنَا اضْرِبْ بِعَصَاكَ الْحَجَرَ

ئەمرىگە بويسۇنۇپ تاشلارنى پارچىلايدۇ. تاماكا قەغىزىدەك نېپىز، نازۇك يوپۇرماقلار خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزەلىرىدەك ئوت چاچقان ئىسسىقلىققا قارشى

يَا نَارُ كُونِى بَرْدًا وَ سَلَامًا

ئايىتىنى ئوقۇيدۇ.

دېمەك ھەر نەرسە مەنىۋى جەھەتتىن «بىسمىللاھ» دەيدۇ. ئاللاھ نامى بىلەن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە بېرىدۇ. بىزمۇ «بىسمىللاھ» دېيىشىمىز كېرەك. ئاللاھ نامى بىلەن بېرىشىمىز، ئاللاھ نامى بىلەن ئېلىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا، ئاللاھ نامى بىلەن بەرمىگەن غاپىل ئىنسانلاردىن ئالماسلىقىمىز لازىم.

سوئال: مال ساتقۇچى ئىنسانلارغا بىز ھەق بېرىمىز. ئەجەبا مالنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان ئاللاھ قانداق ھەق تەلەپ قىلىدۇ؟

جاۋاپ: شۇنداق، ئۇ ھەقىقى نېمەت بەرگۈچى بولغان ئاللاھ، ئۇ قىممەتلىك نېمەتلەر ۋە ماللار ئۈچۈن بىزدىن تەلەپ قىلغان ھەق بولسا ئۈچ نەرسىدۇر. بىرى زىكرى، بىرى شۈكۈر، بىرى پىكىر.

باشتا «بىسمىللاھ» زىكىردۇر. ئاخىرىسىدا «ئەلھەمدۇلىللاھ»

شۇ كۆردۇر. ئوتتۇرىسىدا، ئۇ قىممەتلىك ۋە ھەيران قالارلىق سەنئەت بولغان نىمەتلەر، ئەھەدى سەمەد* بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرەت مۆجىزىسى ۋە رەھمەت ھەدىيەسى ئىكەنلىكىنى ئويلاش ۋە چۈشىنىش پىكىردۇر. بىر پادىشاھنىڭ قىممەتلىك بىر ھەدىيەسىنى ساڭا ئېلىپ كەلگەن بىر مىسكىن ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ، ھەدىيە ئىگىسىنى تونىماسلىق نەقەدەر ئەخمەقلىق بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلا كۆرىنىشتىكى نىمەت بەرگۈچىلەرنى مەدھىلەپ سۆيۈپ، ھەقىقى نىمەت بەرگۈچى بولغان ئاللاھنى ئۇنۇتۇش ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىر ئەخمەقلىقتۇر.

ئەي نەفس! شۇنىڭدەك ئەخمەق بولۇشنى خالىمىساڭ، ئاللاھ نامى بىلەن بەر. ئاللاھ نامى بىلەن ئال. ئاللاھ نامى بىلەن باشلا. ئاللاھ نامى بىلەن ئىشلە. ۋەسسالام.

---

*ئەھەدى سەمەد : ئەھەد بىر، يالغۇز (ئاللاھ)؛ سەمەد : ئۆزى ھېچ بىر نەرسىگە مۇھتاج بولمىغان، ھەر نەرسە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان ئاللاھ.

بسم الله الرحمن الرحيم

# ئون ئۈچىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى ماقامى

(جەزبىلىك فىتنەلەر ئىچىدە بولغان ۋە تېخى ئەقلىنى يوقاتمىغان بەزى ياشلار بىلەن بولغان بىر سۆھبەت)

ھازىرقى ئالدامچى، جەزبىلىك گۇناھلىق ئويۇنلار ۋە فىتنەلەرنىڭ* ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن بىر قىسىم ياشلار «ئاخىرىتىمىزنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزىمىز؟» دەپ، رىسالەئى نۇردىن ياردەم سوراشتى. مەنمۇ رىسالەئى نۇرنىڭ شەخسى مەنىۋىسى نامىدىن ئۇلارغا دېدىمكى: قەبىر بار. ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. خالىسىمۇ، خالىمىسىمۇ ھەر كىم ئۇ يەرگە كىرىدۇ ۋە ئۇ يەرگە كىرىش ئۈچۈنمۇ، ئۈچ شەكىلدە ئۈچ يولدىن باشقا يول يوق.

بىرىنچى يول: ئۇ قەبىر، مۆئمىنلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن تېخىمۇ ياخشى بىر ئالەمنىڭ ئىشىكىدۇر.

ئىككىنچى يول: ئاخىرەتنى تەستىق قىلغان، بىراق كەيپ ـ ساپا ۋە زالالەت** يولىدا ماڭغانلار ئۈچۈن بىر مەڭگۈلۈك تۈرمە ۋە بارلىق دوست ـ يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدىغان يالغۇز كىشىلىك بىر تۈرمە ئىشىكىدۇر.

*فىتنە : ئىنسانىنىڭ ئەقىل ۋە قەلبىنى توغرىدىن ـ توغرا، ھەق ۋە ھەقىقەتتىن ئاداشتۇرغۇچى.

**زالالەت : ئاداشقانلىق، ھەق ۋە ھەقىقەتتىن، ئىمان ۋە ئىسلامىيەتتىن ئايرىلماق.

شۇنداق دەپ بىلگەنلىگى، ئىتىقات قىلغانلىقى ۋە ئىشەنگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلمىغانلىغى ئۈچۈن شۇنداق مۇئامىلە كۆرىدۇ.

ئۈچىنچى يول: ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ئىنكارچىلار ۋە زالالەتتىكىلەر ئۈچۈن ئەبەدى يوق بولۇش ئىشىكى... يەنى ھەم ئۆزىنى، ھەم ياخشى كۆرگەنلىرىنى ئىبىسپ ئۆلتۈرىدىغان داردۇر، شۇنداق دەپ بىلگەنلىگى ئۈچۈن ئەينەن شۇنداق جازا كۆرىدۇ. بۇ ئىككى يول ئىنىقتۇر؛ دەلىل خالىماس. كۆز بىلەن كۆرىنىدۇ. چۈنكى ئەجەل يوشۇرۇن بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆلۈم باشنى ئىلىش ئۈچۈن كىلىشى مۇمكىن، ھەممە ياش - قېرى دىمەيدۇ. ئەلۋەتتە دائىم كۆز ئالدىدا بولغان شۇنداق چوڭ ۋە دەھشەتلىك بىر مەسىلە قارشىسىدا بولغان بىچارە ئىنسان، مەڭگۈلۈك يوق بولۇش ۋە ئۇ تىگى يوق، ئىچى يوق يالغۇز كىشلىك تۈرمىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدىنىش، ھەممە ئۆزى ئۈچۈن قەبىر ئىشىكىنى ئەبەدى بىر ئالەمگە، مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ۋە بىر نۇر ئالەمگە ئىچىلغان بىر ئىشىككە ئۆزگەرتىشى كىرەك. بۇ، ئۇ ئىنسانىڭ دۇنياچىلىق چوڭ بىر مەسىلىسىدۇر.

بۇ ئىنىق ھەقىقەت، يەنى ئۆلۈمگە ئۈچ يول بار. بۇ ئۈچ يولىنىڭمۇ يۇقىرىدا

ئىيتىلغىنىدەك ئۈچ ھەقىقىتى بولىدىغانلىغىنى خەۋەر بەرگەن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ سادىق خەۋەرچىلەر يەنى، قوللىرىدا تەستىق بەلگىلىرى دەپ قارالغان مۆجىزىلەر بولغان پەيغەمبەرلەر،

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ شۇ خەۋەرلىرىنى كەشىپ، كارامەت ۋە كۆرۈش ئارقىلىق تەستىق قىلغان ۋە ئىمزالىغان، ھەمدە شۇ ھەقىقەتكە شاھادەت* ئەتكەن يۈز يىگىرمە تۆت مىليون ئەۋلىيالار، شۇنداقلا قەتئىي دەلىللىرى بىلەن ئۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار بەرگەن دەل شۇ خەۋەرلەرنى ئەقلى ھالدا ئىلمەلىيەقىن** دەرىجىسىدە(*** ) ئىسپات قىلغان سان ـ ساناقسىز ھەقىقەتپەرۋەرلەر يۈزدە توقسان توققۇز قەتئىي ئېھتىمال بىلەن: «ئۇ يوق بولۇش ۋە مەڭگۈلۈك تۈرمىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇ يولنى ئەبەدى بەخت ـ سائادەتكە ئۆزگەرتىش، پەقەتلا ئىمان ۋە ئىتائەت بىلەندۇر.» دەپ ئىتتىپاق بىلەن خەۋەر بىرىشىدۇ.

ئەجبا يۈزدە بىر ھالاكەت ئېھتىمالى بولغان بىر خەتەرلىك يول بولسا، ئۇ يولدا ماڭماسلىق ئۈچۈن بىرلا خەۋەرچىنىڭ سۆزىگە ئەھمىيەت بىرىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ئۇ يولدا ماڭغان كىشىنىڭ ھالاكەت ئەندىشىسىدىن كەلگەن سادىق ۋە ئىشەنچلىك خەۋەرچىلەر يۈزدە يۈز ئېھتىمال بىلەن، زالالەت ۋە كەيپ ـ ساپاچىلىقنىڭ، كۆز ئالدىدىكى قەبىر دارىغا ۋە مەڭگۈلۈك يالغۇز كىشىلىك تۈرمىگە قەتئىيەن سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى، ئىمان ۋە ئىبادەت بولسا، يۈزدە يۈز ئېھتىمال بىلەن، ئۇ دارنى ئېلىپ تاشلاپ،

---

*شاھادەت : بىر نەرسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنمەك، گۇۋاھ بولماق، دەلىل بولماق.

**ئىلمەلىيەقىن : ئىلمى ئارقىلىق بىلىش.

(***) ئۇلاردىن بىرسى «رىسالەئى نۇر» دۇر، مەيداندادۇر.

ئۇ يالغۇز كىشىلىك تۇرمىنى تاقاپ، شۇ كۆز ئالدىدىكى قەبرىنى بىر ئەبەدىي خەزىنىگە، بىر سائادەت سارىيىغا ئېچىلغان بىر ئىشىككە ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ، ھەتتا دەلىل - پاكىتلىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋە چوڭ مەسىلە قارشىسىدىكى بىچارە ئىنسانغا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانغا، ئەگەر ئىمان ۋە ئىبادىتى بولمىسا، پۈتۈن دۇنيا سەلتەنىتىنى ۋە راھەتچىلىكى بېرىلسە، ئەجەبا ئۇ كۆز ئالدىدىكى ھەر ۋاقىت ئۇ يەرگە چاقىرىلىش نۆۋىتىنى كۈتۈش ئەندىشىسىدىن كەلگەن قايغۇلۇق ئەلەمنى يوق قىلالامدۇ؟

سىلەردىن سوراۋاتىمەن. بىر تەرەپتىن قېرىلىق، كېسەللىك، بالا - مۇسىبەتلەر ۋە ھەر يەردە بولىۋاتقان ئۆلۈشلەر
ئۇ دەھشەتلىك ئەلەمنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئەسكەرتىدۇ. ئەلبەتتە كەيپ - ساپاچىلىق ۋە زالالەت ئەھلىلىرى يۈز مىڭ لەززەت ۋە كەيپلەرنى ئالسىمۇ، يەنىلا قەلبىدە ئۇ مەنىۋى جەھەننەم ياشايدۇ، كۆيدۈرىدۇ. لېكىن ناھايىتى قېلىن بولغان غەپلەت ھاماقەتلىكى ۋاقىتىنچە سەزدۈرمەيدۇ.

ئەھلى ئىمان ۋە تائەت - ئىبادەت ئەھلى ئۈچۈن بولسا؛ كۆزى ئالدىدىكى كۆرۈنگەن قەبرى ئەبەدىي بىر خەزىنە ۋە تۈگىمەس بىر سائادەت ئىشىكى بولۇپ؛ ئۇ ئەزەلىي تەقدىر لاتارېيەسىدىن مىلياردلىغان ئالتۇن ۋە ئالماسلارغا ئېرىشتۈرىدىغان بىر بىلەت ئىمان كىنىشكىسى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا چىققان ۋە ھەر ۋاقىت «قېنى كېلىپ بىلىتىڭنى ئال»

دىيىلىشنى كۆتۈشتىن كەلگەن چوڭقۇر، ئاساسلىق ۋە ھەقىقىي بولغان مەنىۋى لەززەت ۋە كەيىپ شۇنداق بىر لەززەتتۇركى، ئەگەر جىسمانىي ھالەتكە كىرسە، ئۇ ئۇزۇق بىر دەرەخ بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن خۇسۇسىي بىر جەننەت ھۆكمىگە ئۆتىدۇ. ئۇ ھەقىقىي لەززەتنى تاشلاپ، ياشلىق ھەۋىسى ئارقىلىق، ئۇ چەكسىز ئەلەملەر ئارىلاشقان ۋە زەھەرلىك بىر ھەسەلگە ئوخشىغان گۇناھلىق، ۋاقىتلىق بىر ھارام لەززەتنى خالىغان كىشى، ھايۋاندىن يۈز ھەسسە تۆۋەن چۈشىدۇ. ئەجنەبىي دىنسىزلەردەكمۇ بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشسا باشقىلارنى تونۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەرلەرنى بىلىشمىسىمۇ، ئاللاھنى تونۇشى مۇمكىن، ئاللاھنى بىلىشمىسىمۇ، تاكامۇللىششقا سەۋەپ بولىدىغان بەزى ياخشى خاسىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىر مۇسۇلمان، ھەم پەيغەمبەرلەرنى، ھەم ئاللاھنى، ھەم پۈتۈن كامالەتلەرنى مۇھەممەدى ئەرەبىي ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئارقىلىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئىنكار قىلغان ۋە زەنجىرىدىن چىققان، باشقا ھېچ بىر پەيغەمبەرنى تونىمايدۇ ۋە ئاللاھنىمۇ تونىمايدۇ. روھىدا كامالەتنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ھېچ بىر ئاساسلارنى بىلەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، ئەڭ چوڭى بولغان، ھەمدە دىنى ۋە دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغىنى ئۈچۈن؛ مۆجىزە ۋە دىنى بويىچە ھەممىسىدىن ئۈستۈن بولغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بارلىق ھەقىقەتلەردە ئۇستازلىق قىلىپ؛ ئون تۆت ئەسىردە پارلاق بىر سۈرەتتە ئىسپات قىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارى بولغان بىر زاتنىڭ ئاساسلىق تەربىيىلىرى ۋە دىنى ئاساسلىرىنى تەرك قىلغان

كىشى؛ ئەلۋەتتە ھېچ بىر جەھەتتە بىر نۇر، بىر كامالەت تاپالمايدۇ. تامامەن تۈۋەنلەشكە مەھكۇمدۇر.

مانا ئەي دۇنيا ھاياتىنىڭ كەيپىگە مۇپتىلا، ھەمدە دۇنيالىق ئىستىقبال ئەندىشىسى بىلەن ئىستىقبالىنى ھەمدە ھاياتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن پايپاسلاپ يۈرگەن بىچارىلەر! دۇنيانىڭ لەززىتىنى، كەيپىنى؛ سائادىتى ۋە راھىتىنى خالىساڭلار، ھالال دائىرىسىدىكى لەززەتلەرگە قانائەت قىلىڭلار. ئۇ كەيپىڭلارغا يېتەرلىكتۇر. ئۇ دائىرىنىڭ سىرتىدىكى ۋە ھارام دائىرىدىكى بىر لەززەتنىڭ ئىچىدە مىڭ ئەلەم بار ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئەلۋەتتە چۈشەندىڭلار. ئەگەردە ئۆتكەن زاماننىڭ ھادىسىلىرىنى كىنو بىلەن ھازىر كۆرسەتكىنىدەك؛ ئىستىقبالدىكى ۋەزىيەتلەرنىمۇ ــ مەسىلەن، ئەللىك يىل كېيىنكى ئەھۋاللار ــ بىر كىنو بىلەن كۆرسىتىلسە، كەيپ ـ ساپا ئويۇنلاردا يۈرگەنلەر ھازىرقى كۈلگەنلىرىگە يۈزمىڭلارچە پۇشايمان ۋە نەپرەت قىلىپ يىغلىشاتتى.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەبەدى ۋە دائىملىق لەززەت خالىغان، ئىمان دائىرىسىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ تەربىيىسىنى ئۆزىگە رەھبەر تۇتىشى كېرەكتۇر.

* * *

# بىر ۋاقىت ئەسكىشەھىر تۆرمىسىنىڭ دەرىزىسى يېنىدا

## ئولتۇرغان ئىدىم

قارشىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ قىزلىرى قورودا كۆلىشىپ ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنى بۇ دۇنيا جەننەتلىرىدە جەھەننەم ھۆرلىرى ھۆكمىدە كۆردۈم. بىردىنلا ئەللىك يىل كېيىنكى ھالەتلىرى ماڭا كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئۇ كۈلۈشلىرى، قايغۇلۇق يىغلاشلىرى سۈرىتىنى ئالدى. بۇنىڭدىن بۇ ھەقىقەت ئېچىلدى، يەنى: ئەللىك يىل كېيىنكى ھاللىرىنى مەنىۋى ۋە خىيالى بىر كىنو بىلەن كۆردۈمكى، ئۇ كۈلگەن ئاتمىش قىزدىن ئەللىكى قەبىردە ئازاپ تارتىشىۋاتاتتى، تۇپراق بولۇشقان... قالغان ئونى يەتمىش يېشىدا سەتلەشكەن بىر قىياپەتتە، ھەر كىمنىڭ نەپرەت نەزىرىنى جەلپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ھاللىرىغا يىغلىدىم. ئاخىر زامان فىتنىلىرىنىڭ ماھىيىتى ماڭا كۆرۈندىكى، ئۇ فىتنەنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى ۋە جەزىبىلىكى ئاياللارنىڭ يۈزسىز يۈزىدىن چىقىدۇ. ئىختىيارنى كونتۇرولدىن چىقىرىپ، پەرۋانىدەك گۇناھ ئوتىغا ئىتىلىدۇ، بىر مىنۇتلۇق دۇنيالىق ھاياتنى، يىللارچە باقى* ھاياتىدىن ئۈستۈن كۆرگۈزىدۇ.

---

*باقى : ئەبەدى، دائىمى، ئۆلمەس. («فانى» گە قارمۇ - قارشى سۆز)

بىر كۈنى مەن كوچىغا قاراپ، ئۇ فىتنەنىڭ تەسىرلىك بىر مىسالىنى سەزدىم. ياشلارغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. «بۇ بىچارىلەر ئۆزلىرىنى بۇ ماگنىتتەك تارتىدىغان بۇ جەزبىلىك فىتنەنىڭ ئوتىدىن قۇتقۇزالمايدۇ» دەپ ئويلىنىۋاتقاندا، بىردىنلا ئۇ فىتنەگە ئۆرت ياققان ۋە ئۇنى ياقىلىغان دىنسىز بىر مەنىۋى شەخس ئالدىمدا پەيدا بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىن دەرس ئالغان كاپىرلارغا دېدىم:

ئەي جەھەننەم ھۆرلىرى بىلەن لەززەتلىنىش يولىدا دىنىنى قۇربان قىلغان، كەيىپ ـ ساپا زالالەتنى سۆيۈپ ئەگەشكەن، نەفسانى ھەۋەسلەرنىڭ لەززىتى يولىدا دىنسىزلىكنى ۋە كاپىرلىقنى قوبۇل قىلغان، ھەمدە بۇ ھاياتنى سۆيۈپ، ئۆلۈمدىن شىددەت بىلەن قورققان ۋە دىندىن يۈز ئۆرۈگەن بەدبەخت! قەتئىيەن بىلكى، دىنسىزلىكنىڭ ھۆكمى بىلەن سىنىڭ بۇ يوغان دۇنياڭ بۇ سائەتتىن بۇرۇن ۋە بۇ مىنۇتتىن كېيىن، سىنىڭ بارلىق كائىناتىڭ، ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامانىڭ، ئۆتكەن تۇرلىرىڭ ۋە جىنسلىرىڭ، كېلەچەك مەخلۇقلار ۋە نەسىللەر، كەتكەن دۇنيالار ۋە مىللەتلەر، كەلگەن ئىنسانلار ۋە تائىپەلەر تامامەن يوق ۋە ئۆلۈكتۇر. ئىنسانىيەت ۋە ئەقىل ئارقىلىق سەن ئالاقىدار بولغان ئۇ ئۆزگەرگەن پۈتۈن دۇنيالار ۋە ئاققان كائىناتلار، سىنىڭ زالالىتىڭ بىلەن داۋاملىق بىشىڭغا دۇنيا تولغىدەك دەھشەتلىك ۋە چەكسىز ئۆلۈملەرنىڭ قاتتىق ئەلەملىرىنى ياغدۇرىدۇ. ئەگەر ئەقلىڭ بار بولسا، قەلبىڭنى ياقىدۇ. روھىڭ بار بولسا، كۆيدۈرىدۇ. ئەقلىڭ ئۆچمىگەن بولسا، غەملەر ئىچىدە بوغىدۇ. ئەگەر بىر سائەتلىك مەستلەرچە كەيىپ ۋە پاسكىنا لەززىتىڭ، بۇ چەكسىز

غەملەرگە، قايغۇلارغا ۋە ئەلەملەرگە تەڭ كېلەلىسە، ئۇ كەيپىڭدە قال... بولمىسا ئەقلىڭنى بېشىڭغا ئال! ئۇ مەنىۋى جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ھەمدە ئىماننىڭ بۇ دۇنيادىمۇ تەمىنلىگەن بىر مەنىۋى جەننىتىگە كىرىش ۋە ھاياتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تېپىش ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ دەرسىنى ئاڭلا... كىچىككىنە ۋاقىتلىق بىر مىنۇتلۇق لەززەتنى، ئۇمۇمى، باقى، دائىمى، ئىمانى* لەززەتلەر بىلەن ئالماشتۇر...

---

*شۇنداق، ئىمان بۇ دۇنيادىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن جەننەت لەززەتلىرىنى بېرەلەيدۇ. يۈزلىگەن لەززەتلىك ئۆزلىرىدىن يالغۇز بۇ پايدىسىغا قارا. مەسىلەن: سەن ناھايىتى سۆيگەن بىرىنى بىر خەتەردە ئۆلۈۋاتقان بىر پەيتتە كۆرگىنىڭدە؛ تۇساتتىن لوقمان ھەكىم ۋە خىزىرغا ئوخشىغان بىر دوختۇر كەلدى ۋە ئۇ تىرىلدى. سەن ئۇ چاغدا قانچىلىك سۆيۈنچ ھېس قىلىسەن. دەل شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سەن سۆيگەن ۋە ئالاقىدار بولغان ئۆلگەنلەرنىڭ سانىچىلىك سۆيۈنچ ۋە خوشاللىقلارنى ئىمان ساڭا تېپىتىدۇ. چۈنكى ئۆتكەن زامان مازارىستانىدا سەن سۆيگەن مىليونلارچە كىشىلەر يوقلۇقتىن ۋە ئۆلۈمدىن، بىردىنلا قۇتۇلۇپ، ئىمان نۇرى بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدا تىرىلىدۇ. «بىز ئۆلمەپتۇق ۋە ئۆلمەيمىز» دەپ ھاياتلىنىدۇ. ئۇ چەكسىز ئايرىلىشلاردىن كەلگەن چەكسىز ئەلەملەر ئورنىغا، كۆرۈشۈش ۋە ھاياتلىنىش بىلەن چەكسىز لەززەتلەر، سۆيۈنچلەر ئىمان نۇقتىنەزىرى بويىچە بۇ دۇنيادىمۇ قولغا كېلىدۇ. مانا بۇ كۆرسىتىدۇكى: «ئىمان شۇنداق بىر ئۇرۇقتۇركى، ئەھلى ئىمان ئۈچۈن جەننەتنى بارلىق لەززەتلىرى ۋە ھۆسنلىرى بىلەن ئۆستۈرىدۇ ۋە بېرىدۇ...؟

ھەمدە «مەن ھاياتىمنى ھايۋاندەك ئۆتكۈزىمەن» دىمە. چۈنكى ھايۋان ئۈچۈن ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامان غەيىپ ھۆكمىدەدۇر. جانابى ھەكىمى رەھىم* ئۇ غەيىپنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىك ئارقىلىق چەكسىز ئەلەملەردىن قۇتقۇزغان. ھەتتا سويۇش ئۈچۈن ياتقۇزۇلغان بىر توخۇ ھېچ بىر ئەلەم ۋە قايغۇ ھېس قىلمايدۇ. پىچاق كەسكەن ۋاقىتتا، ئۇ قورقۇنچ ئەلىمى كېلىدىغان پەيتتە ئۇ ھېسمۇ كېتىدۇ، ئۇ ئەلەمدىن قۇتۇلىدۇ. دېمەك جانابى ئاللاھنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە مۇكەممەل شەپقىتى ۋە مەرھەمىتى غەيىپنى بىلدۈرمەسلىكتەدۇر. بولۇپمۇ مەسۇم ھايۋانلار ئۈچۈن بۇ مەرھەمەت تېخىمۇ تولۇقتۇر. دېمەك، ھارام لەززەتلەردە سەن ھايۋانغا يېتىشەلمەيسەن. چۈنكى ھايۋان ئۈچۈن غەيىپ بولغان نەرسىلەرنى سېنىڭ ئەقلىڭ كۆرىدۇ، ئەلىمىنى ئالىدۇ. غەيىپ پەردىسى ئاستىدىكى تولۇق راھەتچىلىكتىن تامامەن مەھرۇمسەن...

شۇنداقلا سېنىڭ ئىفتىخارىڭ بولغان قېرىنداشلىق، ھۆرمەت ۋە خىزمەتتەك ياخشى خىسلەتلىرىڭ ئىنچىكە بىر زامانغا يەنى چوڭ بىر چۆلگە نىسبەتەن بىر پارماقچىلىق يەرگە خاس، ھەمدە چەكسىز زاماندا پەقەتلا ھازىرقى سائەتكە مەخسۇس بولغانلىقتىن؛ سۈنئى، ۋاقىتلىق، ساختا، ئاساسسىز ۋە ناھايىتى ئاز بولۇپ، سېنىڭ ئىنسانىيىتىڭ ۋە كامالىتىڭ شۇنچە نىسبەت بىلەن كىچىكلىشىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. لېكىن مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىقى، ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە خىزمىتى؛ ئىمان ئارقىلىق مەۋجۇت بولغان ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامانىنى ئىچىگە

ئالغانلىقتىن، ئىنسانىيىتىمىز، كامالىتىمىز شۇ بويىچە يۈكسىلىدۇ.

سىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ بولسا، ئالماسچى ۋە ئەخمەق بولغان بىر يەھۇدىنىڭ شىشە پارچىلىرىنى ئالماس دەپ، ئالماس نەرقى بويىچە ئالغىنىدەك، سەنمۇ كىچىككىنە، قىسقىغىنە بىر زامانغا، بىر ھاياتقا، ئۆزۈن بىر ھاياتنىڭ نەرقىنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇ قىسقا چەك دائىرىسىدە ئەلبەتتە يىگىپ چىقىسەن. بىر مىنۇت ئۈچۈن، خۇددى بىر يىلدەك قاتتىق خىرىس، مۇھەببەت، ئىنتىقامدەك ھىسلىرىڭ بىلەن يۈزلەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن دىندارلاردىن ۋاقىتلىق ئىشىپ چۈشىسەن.

شۇنداقلا سىنىڭ ئەقلىڭ، روھىڭ، قەلبىڭ، تۇيغۇلىرىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىلىرىنى تاشلاپ، پەس نەفس ۋە شەھۋانى ھەۋەسكىنىڭ رەزىل ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ياردەم قىلغانلىقتىن مۆئمىنلەرنى بۇ دۇنيادا ئۆتۈپ چىقىسەن ۋە كۆرۈنۈشتە تىخىمۇ جەلىپ قىلارلىق كۆرىنىسەن. چۈنكى ئەقلىڭ، قەلىپ ۋە روھىڭ ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، شەھۋانى ھەۋەس ۋە رەزىل نەفسكە ئۆزگەرگەن. ئەلبەتتە بۇ جەھەتتە؛ ساختا جەھەننەمنى ۋە مەزلۇم مۆئمىنلەرگە جەننەتنى ئىرىشتۈرىدىغان بىر ۋاقىتلىق ئۆتۈغۈك بولىدۇ.

# «ياشلىق رەھبىرى» گە قوشۇلۇپ يېزىلىشى كېرەك بولغان ئۇستازىمىزنىڭ بىر بايانىدۇر

مەرىسىدىن كەلگەن «رەھبەر» نىڭ باش تەرىپىدىكى «مۇھىم مەسىلە» نامىدىكى يىگىرمە ئۈچ ۋە يىگىرمە تۆتىنچى بەتلەرنىڭ چىقىرىلىشىنى ئۇيغۇن كۆردۈم. چۈنكى «نۇر» نىڭ مۇھىم بىر مەسىلىگى شەپقەت بولغانلىقتىن ـ ئەرلەردىن كۆپرەك ـ ئاياللار ھەم سەممىمى، ھەم ئىخلاسلىق ھالدا «نۇرلار» بىلەن ھەقىقى ئالاقىدار بولىشىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى بەتتىكى قاتتىق تەبىرلەردىن، شەپقەت قەھرىمانلىرى بولغان ئۇ مۇبارەك ھەدە ـ سىڭىللىرىمىز نەزەر دىققىتىگە ئېلىنىۋېلىپ قايغۇرۇشمىسۇن. چۈنكى بۇ مەسىلە ئىستانبۇلدەك يەرلەردە يېرىم يالىڭاچ، رۇم ۋە ئەرمەنى قىزلىرىغا ئوخشىشىنى خالىغان بىر قىسىم مۇسۇلمان قىزلىرىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن يېزىلغانىدى.

ھالبۇكى، بۇ «رەھبەر» گە قارشى چىققان ئىستانبۇلدىكى مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار ھەمدە بۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى بىزگە قارشى چىققان بەزى گېزىتلەر بۇ نۇقتىغا خاتا مەنا بېرىشىپ، بىر قىسىم ئاياللارنىڭ رىسالەئى نۇرغا بولغان ئالاقىلىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، تۆھمەت قىلىشقا سەۋەپ بوپتۇ. ھازىرچە بۇ ئىككى بەت چىقىرىلسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا «ئايالار بىلەن مۇھەببەت» نامىدىكى «ئايالار رەھبىرى» قويۇلسۇن.

سەئىد نۇرسى

ئەسكەرتىش: بىر زامان ئىسلامىيەت تەربىيىسىگە قارشى چىققان مەخپىي كومىتېتلەر، پاشلارنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغىنىدەك، ھازىرمۇ بىچارە ئاياللارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن بەزى دىنسىز ۋە مەخپىي كومىتېتلەر ھەرىكەت قىلىشماقتا. بۇ بۇزغۇنچى كومىتېتلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە سەۋەپ بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قوللىرىدا «ياشلىق رەھبىرى» بولغانلارغا يۇقىرىدىكى بايان بىر پارچىدىن بېرىلسۇن.

ئاياللارمۇ چىقىرىلغان ئۇ ئىككى بەت ئورنىغا «ئاياللار بىلەن سۆھبەت» نامىدىكى ياشانغان ۋە ياش ئاياللارنىڭ رەھبىرىنى ئوقۇسۇن ۋە چىقىرىلغان ئىككى بەتنىڭ ئورنىغا ئۇستازىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى بايانى قوشۇپ يېزىلسۇن.

## كۈتۈلمەستىن ئەسكەرتىلگەن بىر مۇھىم مەسىلە

ئاخىر زامان فىتنىسىدە ئەڭ قورقۇنچلۇق رول ئوينىغان ئاياللار تائىپەسى ۋە ئۇلارنىڭ فىتنىسى ئىكەنلىكى ھەدىس رىۋايەتلىرىدىن كۆرۈلمەكتە. شۇنداق، تارىخلاردا، بۇرۇنقى زامانلاردا «ئامازونلار» نامىدا ناھايىتى جەڭگىۋار قوراللىق ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئەسكەرلەر تائىپەسى ئاجايىپ جەڭلەرنى قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ زامانىدىكى كاپىرلىق زالالىتىنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى قىلغان جېڭىدىن، نەفسى ئەممارىنىڭ* پىلانى بىلەن شەيتان قوماندانلىقى ئاستىدىكى پىرقىلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇغى، يېرىم يالىغاچ ئاياللاردۇركى، دەھشەتلىك پىچاقلاردەك، ئوچۇق پاچاقلىرى بىلەن مۆئمىنلەرگە قارشى تاجاۋۇز قىلىشماقتا. نىكاھ يولىنى تاقاپ، پائىشە يولىنى كىڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەفسىلىرىنى ئوڭايلا ئەسىر قىلىپ، چوڭ گۇناھلار بىلەن قەلب ۋە روھلىرىنى يارىلىماقتا. ھەتتا ئۇ قەلبلەردىن بىر قىسمىنى ئۆلتۈرمەكتە. بىر قانچە يىللىق نامەھرەملىرىنى ھەۋەسكارانە كۆرستىشىنىڭ جازاسى تۈرىدە، بۇ پىچاقلىق پاچاقلار جەھەننەمنىڭ ئوتتۇنلىرى بولۇپ، ئەڭ ئاۋال بۇ پاچاقلار كۆيىدۇ. ھەمدە دۇنيادا ئىشەنچ ۋە ساداقەتنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن يارىتىلىشىدىن ھەقىقى خالىغان ۋە تەبىئىتىدىن كۆپ مۇھتاج بولغان ئەرنىمۇ تاپالمايدۇ. تاپسىمۇ بىشىغا بالا تاپىدۇ. ھەتتا بۇ ھالىنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ ئاخىر زاماندا بەزى يەرلەردە نىكاھقا قارشى كىلىش ۋە رىئايە قىلماسلىق يۈزىسىدىن قىرىق ئايالغا بىر ئەر قارايدىغان دەرىجىدە، ئۇ ئايالىلار ئەھمىيەتسىز، ئىگىسىز، قىممەتسىز بىر ھالەتتە قالىدىغانلىقى ھەدىس رىۋايەتلىرىدىن كۆرۈلمەكتە.

---

*نەفسى ئەممارە : ئىنساندىكى شەيتاننىڭ تەكلىۋىنى ئىترازسىز قوبۇل قىلىشقا ئۆرۈنغان بىر سىزىم.

ھەقىقەت ئەنە شۇنداق. ئەمەلىيەتتە ھەر گۈزەل گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ۋە قولىدىن كەلگىنىچە مۇھاپىزەت قىلىشنى خالايدۇ، بۇزۇلۇشنى خالىمايدۇ. ھەمدە گۈزەللىك بىر نىمەتتۇر. نىمەتكە شۈكۈر قىلسا ئارتىدۇ، قىلمىسا ئازىيىدۇ، ياماتلىشىدۇ. ئەلبەتتە ئەقلى بار بولسا، ھۆسن ۋە جامالنى گۇناھلارغا ئىرىشىش ۋە ئىرىشتۈرۈش، شۇنداقلا يىرگىنچلىك ۋە زەھەرلىك قىلىشتىن ساقلاپ ئۇ نىمەتنى، تۈزكورلۇق بىلەن ئازاپقا سەۋەپ بولىدىغان بىر ھالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن قېچىش كېرەك.
ھەمدە ئۇ فانىي (ۋاقىتلىق) بەش - ئون يىللىق گۈزەللىكنى باقىي قىلىش ئۈچۈن ھالال بىر شەكىلدە قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇ نىمەتكە شۈكۈر قىلىش كېرەك. بولمىسا ياشانغاندا ئۇزۇن ۋاقىت پەس كۆرۈلۈشكە دۇچار بولۇپ، مەيۇس ھالدا يىغلاپ قالىدۇ.

ئەگەر ئىسلام تەربىيىسى دائىرىسىدە، قۇرئاننىڭ ئەدەپ - ئەخلاق زىننىتى بىلەن ئۇ جامال گۈزەللەشتۈرۈلسە، ئۇ فانىي ھۆسن، مەنىۋى جەھەتتىن باقىي قالىدىغانلىقى ۋە جەننەتتە ھۆرلەرنىڭ جامالىغا قارىغاندا، تېخىمۇ شىرىن، تېخىمۇ پارلاق بىر سۈرەتتە ئۆزگىچە بېرىلىدىغانلىقى ھەدىس شەرىفلەردە قەتئىي تۈردە ئېيتىلغان. ئەگەر ئۇ گۈزەلنىڭ زەررىچىلىك ئەقلى بولسا، بۇ گۈزەل، پارلاق ۋە ئەبەدىي نەتىجىنى قولدىن قاچۇرماسلىقى كېرەك.

بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ  وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ

اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللهِ وَ بَرَكَاتُهُ اَبَدًا دَائِماً

ئىزىز، سادىق قېرىنداشلىرىم!

رىسالەئى نۇرنىڭ ياش شاگىرتلىرىنىڭ تۇتقان ئىستىقامەت (توپ - توغرا)، ئىپپەت ۋە سۈننەتكە بويسۇنۇش يولى، ياشلار ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەمدە ھەقىقى ۋە لەززەتلىك ياشلىقنىڭ، بۇ خىل بەختىيارلارنىڭ ياشلىغى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قىتىم ئىسپات قىلىپ، ھەقىقى ياش تۈركلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى كۆرستىشلىرى ئۈچۈن، «خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قالغان ياشلارغا بىر ئەسكەرتىش» نامىدىكى بىر بايان ئەۋەتتۇاتىمىز.

اَلْبَاقِي هُوَ الْبَاقِي

قېرىندىشىڭلار

سەئىد نۇرسى

# بىر قانچە بىچارە ياشلارغا بېرىلگەن بىر ئاگاھ، بىر دەرس

## بىر ئەسكەرتىشتۇر

بىر كۈنى يېنىمغا بىر قانچە ياش بالىلار كېلىشتى. ھايات، ياشلىق ۋە ھەۋەسلەردىن كەلگەن خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەسىرلىك بىر دەرس ئىلىشنى خالىغان ئۇ ياشلارغا مەنىمۇ بۇرۇن رىسالەئى نۇردىن ياردەم سورىغان ياشلارغا دېگىنىمدەك دېدىمكى:

سىلەردىكى ياشلىق قەتئىيەن كېتىدۇ. ئەگەر سىلەر ھالال دائىرە ئىچىدە بولمىساڭلار، ئۇ ياشلىق زايا بولۇپ، ھەم دۇنيادا، ھەم قەبىردە، ھەم ئاخىرەتتە؛ بەرگەن لەززىتىدىن تېخىمۇ كۆپ بالالارنى، ئەلەملەرنى بېشىڭلارغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئىسلام تەربىيىسى بىلەن ئۇ ياشلىق نېمىتىگە قارشى بىر شۈكۈر تۈرىدە ئۇنى ئىپپەت، ئار - نۇمۇس ۋە تائەت - ئىبادەتكە سەرپ قىلساڭلار، ئۇ ياشلىق مەنىۋى جەھەتتىن باقى قالىدۇ. ھەمدە ئەبەدى بىر ياشلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەپ بولىدۇ.

ھايات، ئەگەر ئىمان بولمىسا؛ ئىنسانى سەۋەپلىك ئىمان تەسىر قىلمىسا، ھايات قىسقىغىنە بىر راھەت ۋە لەززەت بىلەن بىرگە؛ مىڭلىغان ھەسسە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئەلەملەر، غەملەر ۋە قايغۇلارنى ئىلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئىنساندا ئەقىل ۋە پىكىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ھايۋاننىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى زامان بىلەن بىللە، ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامان بىلەن يارىتىلىشىدىن ئالاقىداردۇر. ئۇ زامانلاردىنمۇ ھەم ئەلەم،

ھەم لەززەت ئېلىشى مۇمكىن. ھايۋان بولسا، ئەقلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى لەززىتىنى، ئۆتكەن زاماندىن كەلگەن قايغۇلار ۋە كېلەچەكتىن كەلگەن قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەر بۇزمايدۇ. ئىنسان بولسا، ئەگەر زالالەت ۋە غەپلەتكە چۈشكەن بولسا، ھازىرقى لەززەتكە، ئۆتكەن زاماندىن كەلگەن قايغۇلار ۋە كېلەچەكتىن كەلگەن ئەندىشىلەر قېتىلىپ، ئۇ كىچىككىنە لەززەتنى ھەقىقى ھالدا ئاچچىقلاشتۇرىدۇ، بۇزىدۇ. بولۇپمۇ ھارام لەززەت بولسا، پۈتۈنلەي زاھەرلىك بىر ھەسەلدەك بولىدۇ. دېمەك، ھايات لەززىتى نۇقتىسىدەزىرىدە ھايۋاندىن يۈز ھەسسە تۆۋەن چۈشىدۇ. زالالەت ۋە غەپلەت ئەھلىنىڭ ھاياتى، بەلكى بارلىقى، بەلكى كائىناتى ئۆزى بولغۇاتقان كۈندۇر. پۈتۈن ئۆتكەن كۈنلەر ۋە كائىناتلار ئۇنىڭ زالالىتى بويىچە يوقتۇر، ئۆلۈكتۇر. ئەقىل ئالاقىدارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا زۇلمەتلەر، قاراڭغۇلۇقلار بېرىدۇ. كېلەچەك بولسا، ئىشەنچسىزلىكى بويىچە يەنە يوقتۇر. ھەمدە يوقلۇق كۆزقارىشىدىن چىققان ئەبەدى ئايرىلىشلار، داۋاملىق ئۇنىڭ پىكىر يولى ئارقىلىق ھاياتىغا زۇلمەتلەرنى ياغدۇرىدۇ.

ئەگەر ئىمان ھاياتىغا ھايات بولسا، ئۇ ۋاقىت ھەم ئۆتكەن، ھەم كېلەچەك زامانلار ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلىنىدۇ ۋە بارلىققا ئېرىشىدۇ. ئىمانى بويىچە ھازىرقى زاماندەكلا رۇھ ۋە قەلبكە يۈكسەك مەنىۋى لەززەتلەرنى ۋە بارلىق نۇرلىرىنى بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ «ياشانغانلار رىسالىسى» دە 7 - رىجادا ئىزاھاتى بار. ئۇنىڭغا قارىساڭلار بولىدۇ.

ھايات مانا شۇنداقتۇر. ھاياتنىڭ لەززىتى ۋە راھىتى خالىساڭلار،

ھاياتىڭلارنى ئىمان بىلەن ھاياتلاندۇرۇڭلار، پەرزلەر بىلەن زىننەتلەشتۈرۈڭلار، گۇناھلاردىن قېچىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلىڭلار.

ھەر كۈن، ھەر يەردە، ھەر ۋاقىت ئۆلۈشلەر كۆرسەتكەن دەھشەتلىك ئۆلۈم ھەقىقىتىنى بولسا، سىلەرگە باشقا ياشلارغا دىگىنىمدەك بىر مىسال بىلەن بايان قىلىمەن.

مەسىلەن: بۇ يەردە كۆزۈڭلارنىڭ ئالدىدا بىر دار تىكىلگەن. ئۇنىڭ يېنىدا ناھايىتى كۆپ ھەدىيە بىلەتى بەرگەن لاتارىيە مەيدانى بار. بۇ يەردىكى بىز ئون كىشى بەربىر خالايلى، خالىمايلى، ھىچ باشقا چارە يوق، ئۇ يەرگە چاقىرىلىمىز. چاقىرىلىش ۋاقتى يوشۇرۇن بولغانلىقتىن، ھەر مىنۇتىغا يا «كەل، ئىسىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش بىلىتىڭنى ئال، دارغا چىق» ياكى «كەل، مىليونلىغان ئالتۇن قازاندۇرىدىغان بىر ھەدىيە بىلەتى ساڭا چىقتى. قېنى ئېلىۋال!» دىيىلىشى مۇمكىن. بۇ چاقىرىقنى كۈتۈپ تۇرغاندا بىردىنلا ئىشىكتىن ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. بىرى يېرىم يالىڭاچ گۈزەل ۋە ئالدامچى بىر ئايال، قولىدا كۆرۈنۈشتە ناھايىتى مىزىلىك، لېكىن زەھەرلىك بولغان ھەسەلنى ئېلىپ كىلىپ يىگۈزمەكچى بولىدۇ. يەنە بىرى بولسا، ئالدىماس ۋە ئالدانماس تەمكىن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەلدى. دىدىكى:

«سىلەرگە بىر تىلسىم، بىر دەرس ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ھەسەلنى يىمەستىن، بۇنى ئوقۇساڭلار، ئۇ دارغا ئىسىلىشتىن قۇتۇلىسىلەر، بۇ تىلسىم بىلەن ئۇ مىسلىسىز ھەدىيە بىلىتىنى ئالالايسىلەر. مانا ئۆزۈڭلارمۇ كۆرىۋاتىسىلەر، ھەسەل يىگەنلەر دار تەرەپكە كىتىۋاتىدۇ

ۋە بارغۇچە ئۇ ھەسەلنىڭ زەھىرىدىن دەھشەتلىك قوساق سانجىقى تارتىشىۋاتىدۇ. ئۇ قىممەتلىك ھەدىيە بىلتى ئالغانلار بولسا، گەرچە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ ۋە ئۇلارمۇ ئۇ دارغا چىقىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئىسلامىيۋاتقانلىقىنى، بەلكى دارنى قولاي ھالدا ھەدىيەلەر دائىرىسىگە كىرىش ئۈچۈن بىر شوتا قىلىۋاتقانلىقىنى مىليونلارچە گۇۋاھچىلار بار، خەۋەر بېرىشىۋاتىدۇ. مانا شۇ دەرىزىدىن قاراپ بېقىڭلار، ئەڭ چوڭ خادىملار ۋە بۇ ئىش بىلەن ئالاقىدار بولغان بۈيۈك زاتلار يۇقىرى ئاۋازلىرى بىلەن ئىلان قىلىپ خەۋەر بېرىشىۋاتىدۇكى، ئۇ دارغا قاراپ ماڭغانلارنى ئەينەلىيەقىن كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگىنىڭلاردەك، بۇ ھەدىيە بىلتىنى، تىلسىم ئالغانلارنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىغا ھېچ بىر شەك-شۈبھىسىز، كۈندۈزدەك قەتئى ھالدا ئىشىنىڭلار» دېدى.

مانا مۇشۇ مىسالدەك زەھەرلىك بىر ھەسەل ھۆكمىدە بولغان ھارام دائىرىدىكى ياشلىقنىڭ كەيىپ-ساپا لەززەتلىرىگە مۇپتىلا بولغانلار، ئەبەدى خەزىنە ۋە بەخت-سائادەتنىڭ بىلتى ۋە كىنىشكىسى بولغان ئىماننى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، دار ھۆكمىدە بولغان ئۆلۈم، ھەمدە مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئىشىكى بولغان قەبىر مۇسىبىتىگە ۋە بالاسىغا (كۆرىنىشتە ئەينەن كۆرۈنگىنىدەك) دۇچ كېلىدۇ. شۇنداقلا ئەجەل يوشۇرۇن بولغانلىقتىن ياش-قېرى دېمەستىن، ھەر ۋاقىت ئەجەل جەللاتى باشنى كېسىش ئۈچۈن كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر زەھەرلىك ھەسەل ھۆكمىدىكى ھارام ھەۋەسلەرنى تاشلاپ، قۇرئان تىلسىمى بولغان ئىمان ۋە پەرزلەرنى قولغا چۈشۈرسە، ئۇ ئاجايىپ ئىنسانىيەت

تەقدىرى لاتارىيىسىدىن چىققان ئەبەدى بەخت - سائادەت خەزىنىسىنىڭ بىلېتىنى ئالدىغانلىقىنى يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر بىلەن بىللە، سان - ساناقسىز كەلمىگەن ئەۋلىيالار ۋە ھەققەتپەرۋەرلەر خەۋەر بېرىپ دەلىل ۋە پاكىتلىرىنى كۆرسىتىشۋاتىدۇ.

قىسقىسى، ياشلىق كىتىدۇ... گۇناھلار بىلەن كەتكەن بولسا، ھەم دۇنيادا، ھەم ئاخىرەتتە مىڭلارچە بالا ۋە ئەلەملەرنى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنداق ياشلار كۆپىنچە سۇئىستىمال ئارقىلىق ئىسراپلار ئىلىپ كەلگەن ۋەھىمىلىك كېسەللەر بىلەن دوختۇرخانىلارغا، ھەددىدىن ئېشىش نەتىجىسىدە تۈرمىلەرگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى، ياكى بەكمۇ يوقسۇللىشىپ كىتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مەنىۋى ئەلەملەردىن كەلگەن سىقىلىشلار بىلەن مەيخانىلارغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلگىڭلار كەلسە، دوختۇرخانىلاردىن، تۈرمىلەردىن ۋە قەبرىستانلىقلاردىن سوراپ بىقىڭلار. ئەلبەتتە، دوختۇرخانىلارنىڭ ئەھۋال تىلىدىن، كۆپىنچە ياشلارنىڭ ياشلىق ھەۋىسى نەتىجىسىدە ئىسراپلار ۋە سۇئىستىماللاردىن كەلگەن كېسەللىكلەر دىگۈزگەن «ئاھ، ئۇھ» لارنى ئاڭلىغىنىڭلاردەك، تۈرمىلەردىمۇ كۆپىنچە، ياشلىق ھىسلىرىنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى نەتىجىسىدە ھارام دائىرىلەردە ھەرىكەتلىنىشىنىڭ كاچاتلىرىنى يىگەن بەختسىز ياشلارنىڭ قايغۇرۇشلىرىنى ئاڭلايسىلەر. قەبرىستاندا ۋە دائىم ئۇ يەرگە كىرگەنلەر ئۈچۈن ئىشىكلىرى ئىچىلىپ يىپىلغان ئۇ بەرزاخ* ئالەمدە - ئەۋلىيالارنىڭ كۆرۈشلىرى ۋە پۈتۈن ھەققەتپەرۋەرلەرنىڭ تەستىق ۋە شاھادىتى بىلەن - ئازاپلارنىڭ كۆپىنچىسى، ياشلىق

سۇئىستىماللىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان ياشانغانلار ۋە كېسەللەردىن سوراڭلار. ئەلبەتتە، كۆپىنچە قايغۇلار ۋە ھەسرەتلەر بىلەن: «ھەي ئىسىت! ياشلىقىمىزنى بوش يەرگە، بەلكى زىيانلىق بىر تۈردە زايا قىلدۇق. دىققەت قىلىڭلار، بىزدەك بولماڭلار» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، بەش - ئون يىللىق ياشلىقنىڭ ھارام لەززىتى ئۈچۈن دۇنيادا كۆپ يىللار غەم ۋە قايغۇ، بەرزاختا ئازاپ ۋە زىيان، ئاخىرەتتە جەھەننەم ۋە ئوت بالاسىنى تارتقان كىشى، ئەڭ ئېچ

ئاغرىتقۇدەك بىر ھالەتتە بولىسىمۇ،

## اَلرَّاضِى بِالضَّرَرِ لاَ يُنْظَرُ لَهُ

سىرى بويىچە ئېچ

ئاغرىتىشقا ھېچ لايىق بولالمايدۇ. چۈنكى، زىيانغا رازىلىق بىلەن كىرگەنگە مەرھەمەت قىلىنماس ۋە لايىق ئەمەس. جانابى ئاللاھ بىزنى سىلەرنى بۇ زاماننىڭ جەزبىلىك فىتنىسىدىن قۇتقازسۇن ۋە مۇھاپىزەت ئەيلىسۇن. ئامىن.

*     *     *

*بەرزاخ : دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسى، قەبىر ئالەمى.

# رىسالەئى نۇر تالىپلىرى تەرىپىدىن سورالغان
# بىر سوئالغا جاۋاپ

ئىسلام ئالەمىنىڭ تەقدىرى بىلەن بەكمۇ ئالاقىدار بولغان بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىككى يىل ـ (هازىر ئون يىلدەك بولدى) ـ يا بىزدىن ياكى هەر كۈنى خىزمىتىڭىزدە بولىۋاتقان ئەمىنىدىن بىر قىتىم بولسىمۇ سورىمىدىڭىز، ئەهمىيەت بەرمىدىڭىز. ئەجىبا بۇ مەسىلىگە هىچ ئەهمىيەت بەرمەسلىككە سەۋەپ بولىۋاتقان، بۇ چوڭ هادىسىدىنمۇ چوڭ بولغان باشقا بىر هەقىقەت بارمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ زىيىنى بولامدۇ؟ دەپ ئۇستازىمىزدىن سورىدۇق. ئۇمۇ جاۋابەن دەيدۇكى:

شۇنداق، بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ چوڭ بىر هەقىقەت ۋە هادىسە بار. بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەكمۇ ئەهمىيەتسىز قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇرۇشتا ئىككى هۆكۈمەت يەر شارىغا هاكىمىيەت ئۈچۈن مۇنازىرە ۋە مۇهاكىمە داۋاسىدا بولۇشلىرى ئىچىدە؛ ئىككى چوڭ دىنىنىڭ سۆلهىلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش داۋالىرى ئىچىلغان، هەمدە دىنسىزلىكنىڭ دەهشەتلىك جەريانلىرىمۇ ساماۋى دىنلەر بىلەن چوڭ كۈرەشكە باشلىغان پەيتتە؛ ئىنسانىيەتنىڭ «سوتسىئالىست» تەبقىسى بىلەن «بۇرژۇئالار» تائىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى داۋالاردىنمۇ بەك مۇهىم شۇنداق بىر داۋا ئىچىلغان ۋە شۇنداق چوڭ بىر هەقىقەت مەيدانغا چىققانكى، ئۇ داۋانىڭ يالغۇز بىر كىشىگە تېگىشلىك مىقتارى، بۇ

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تۇغۇلغانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى قاراشلىرى. ئۇ داۋا بۇدۇركى:

شۇ زاماندا ھەر مۆئمىن ئۈچۈن، بەلكى ھەر كىم ئۈچۈن يەر شارىنىڭ بىر مەڭگۈلۈك يەرنى ۋە ئۇ يەردە باشتىن ئاياقىغا قەدەر باغچىلار ۋە قەسىرلەر بىلەن بېزەلگەن ئەبەدى بىر مۈلۈكنى ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش داۋاسى ئېچىلغان. دېمەك، ھەر بىر كىشىنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر داۋا ئېچىلغانكى، ئەگەر ئىنگلىز ۋە گېرمانىيە قەدەر بايلىقى ۋە قۇۋۋىتى بولسا ۋە ئەقلىمۇ بار بولسا، پەقەت شۇ داۋانى ئۇتۇش ئۈچۈن ھەممىسىنى سەرپ قىلاتتى. ئەلبەتتە ئۇ داۋانى ئۇتۇشتىن بۇرۇن، باشقا نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەن، ئەخمەقلەردىندۇر. ھەتتا ئۇ داۋا شۇنچىلىك خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشكەن بولۇپ ـ بىر ئەۋلىيانىڭ كۆرۈشى بىلەن ـ بىر يەردە ئەجەل قولى ئارقىلىق بۇ ھاياتتىن بوشىنىش بىلىتى ئالغان قىرىق كىشىدىن بىرى ئۇتقان، ئوتتۇز توققۇزى ئۇتتۇرۇپ قويغان.

مانا شۇنداق ئەھمىيەتلىك چوڭ داۋانى بىزگە قازاندۇرغان ۋە يىگىرمە يىلدىن بېرى تەجرىبىلەر بىلەن ئونلىغان سەككىزىگە ئۇ داۋانى قازاندۇرغان بىر داۋا ۋەكىلى بولسا، ئەلبەتتە ئەقلى بېشىدا بولغان ھەركىم، ئۇ داۋانى قازاندۇرىدىغان شۇنداق بىر داۋا ۋەكىلىنى ۋەزىپىگە ئۆندەيدىغان بىر خىزمەتكە، ھەر ھادىسىدىن كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش مەجبۇرىيىتىدەدۇر. ئەنە شۇ داۋا ۋەكىلىنىڭ بىرسى، بەلكى ئەڭ بىرىنچىسى، قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ* مەنىۋى مۆجىزىلىكىدىن سىزىلىپ چىققان ۋە تۇغۇلغان «رىسالەئى نۇر» ئىكەنلىكىگە (مىڭلارچە) ئۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋانى قازانغانلار گۇۋاھتۇر.

شۇنداق، بۇ يەر شارىغا خىزمەتكارلىق بىلەن ئەۋەتىلگەن ھەر ئىنسان، بۇ يەردە مېھمان ۋە فانى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ماھىيىتى مەڭگۈلۈك ھاياتقا يۈزلەنگەنلىكى قەتئىيەن ئىنىقلانغان. ئۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ زاماندا ئەبەدى ھاياتنى قۇتقۇزىدىغان تايىنىش نۇقتىلىرى ئاجىزلاشقانلىقتىن، بۇ دۇنياسىدىن ۋە ئىچىدىكى بارلىق ئاللاقىدار دوست - يېقىنلىرىدىن ئەبەدى ئايرىلىش بىلەن بىرگە ، بۇ دۇنيادىن مىڭلار ھەسسە، تېخىمۇ مۇكەممەل مەڭگۈلۈك بىر مۈلۈكنى ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش داۋاسى بېشىغا ئىچىلغان. ئەگەر ئىمان كىنىشكىسى بولمىسا، ھۆججەت ۋە بىلەتى بولغان ئىتىقادىنى ساغلام بىر شەكىلدە قولغا ئالمىسا، ئۇ داۋانى يوقىتىۋالىدۇ. ئەجەبا بۇ يوقاتقىنىنىڭ يېرىنى قانداق نەرسە تولدۇرالايدۇ؟ ...

مانا شۇ ھەقىقەتكە بىنائەن، مىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ ئەقىل ۋە پىكرىمىز يۈز ھەسسە ئىشىپ كەتسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ خىزمىتىگە ئاران يېتىشى مۇمكىن. باشقا مەسىلىلەرگە قاراش بىز ئۈچۈن مەنىسىز ۋە بوشتۇر. ئىتىراپ قىلىمىزكى، رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىدىن بىر قىسمى ھىلقى داۋالار ئىچىدە بولۇپ قالغان بولسا، بەزىدە بىزگە ئەقىلسىزلەرنىڭ بىكاردىن، سەۋەپسىز ھالدا تاجاۋۇزلىرى ۋە دەخلى - تەرۇزلىرى زامانىدا - زورلۇق ھالدا - خالىماستىن ئۇ مەسىلىلەرگە قاراپ قالدۇق. (*)

*قۇرئانى مۆجىزۇلبايان : باياني ۋە ئىپادىسى مۆجىزىلىك بولغان قۇرئان.

(*)سوتتىكى ئاقلىنىش سۆزىگە ئىشارەتتۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ھەقىقى ۋە ناھايىتى چوڭ بولغان بۇ داۋانىڭ سىرتىدىكى داۋالارغا ۋە سوقۇشۇشلارغا ئالاقىدار ھالدا پىكرى ۋە قەلبى جەھەتتىن ئاربىلىش زىيانلىدۇر. چۈنكى بۇنداق كەڭ، سىياسى، جەزىبىلىك دائىرىلەرگە دىققەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولغان بىر ئىنسان، قىسقا دائىرىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن، ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىدىن كىيىن قالىدۇ ۋە كەيپىياتى ئۆزگىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كەڭ ۋە جەزىبىلىك سىياسەت ۋە سوقۇشۇش دائىرىلىرىگە دىققەت قىلىپ مەشغۇل بولغان بەزىدە ئاشق بىلىدۇ. ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالمىغىنىدەك، قەلبىنىڭ سالامەتلىكىنى، نىيىتىنىڭ گۈزەللىكىنى، پىكىر ئىستىقامىتىنى ۋە خىزمەتتىكى ئىخلاسىنى يوقىتىپ قويىمىسىمۇ، بۇ شەكىلدىكى تۆھمەت ئاستىدا قىلىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ مەسىلىدە ماڭا سوتتا ھۇجۇم قىلىشقان ۋاقىتلىرىدا دىدىم:

«قۇياشتەك ئىمان ۋە قۇرئان ھەقىقىتى، يەردىكى ۋاقىتلىق چىراقلارنىڭ جەزىبىسىگە ئەگەشكۈچى ۋە پەشتاق بولمىغىنىدەك، ئۇ ھەقىقەتنى ھەقىقى ھالدا تونۇغان، يەر شارىدىكى ھادىسىلەرگە ئەمەس، بەلكى كائىناتقىمۇ پەشتاق قىلالماس.» دەپ ئۇلارنى بىسقتۇردۇم.

بۇ يەردە ئۇستازىمىزنىڭ جاۋابى تۈگىدى.
بىزمۇ پۈتۈن قۇۋۋىتىمىز بىلەن تەستىق قىلدۇق.
رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرى

# بَاسْمِهِ سُبْحَانَهُ

# رىسالەئى نۇر ئۆلچەملىرىدىن ئون ئۆچىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى ماقامىنىڭ ئەسكەرتىشدۇر

رىسالەئى نۇردىكى ھەقىقى تەسەللىگە، تۈرمىگە چۈشۈپ قالغان مەھپۇسلار ناھايىتى مۇھتاجدۇر. بولۇپمۇ ياشلىق زەربىسىنى يەپ، گۈزەل ۋە شىرىن ئۆمرىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ «نۇرلار» غا نانىدەك ئېھتىياجى بار. شۇنداق، ياشلىق سىزىملىرى ئەقىلدىن كۆپرەك ھىس - ھەۋىسىنى ئاڭلايدۇ. ھىس ۋە ھەۋەس بولسا كور بولۇپ، ئاقىۋەتنى كۆرمەيدۇ. بىر گىرام ھازىرقى لەززەتنى كىلەچەكتىكى كۆپلىگەن لەززەتلەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. بىر مىنۇتلۇق ئىنتىقام لەززىتى بىلەن كىشى ئۆلتۈرىدۇ ۋە سەكسەن مىڭ سائەت تۈرمە ئەلىمىنى تارتىدۇ. ھەمدە بىر سائەت ئويۇن كەيپى بىلەن بىر نومۇس مەسىلىسىدە مىڭلارچە كۈن ھەم تۈرمىدىن، ھەم دۈشمىنىدىن كەلگەن ئەندىشىلەر نەتىجىسىدە قىينىلىش بىلەن ئۆمرىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۆلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىچارە ياشلارنىڭ كۆپلىگەن خەتەرلىك ئەھۋاللىرى بار بولۇپ، ئەڭ تاتلىق بولغان ھاياتىنى ئەڭ ئاچچىق بولغان ۋە ئېچىنىشلىق بىر ھاياتقا ئايلاندۇرىشىدۇ. بولۇپمۇ شىمالدىكى چوڭ بىر دۆلەت، ياشلىق ھەۋەسلىرىدىن پايدىلىنىپ، بوران - چاپقۇنلىرى

بىلەن بۇ ئەسىرنى تىترەتمەكتە. چۈنكى ئاقىۋەتنى كۆرمىگەن كور ھىسلەر بىلەن ھەرىكەت قىلغان ياشلار ئۈچۈن، شەرەپلىك كىشىلەرنىڭ گۈزەل قىزلىرىنى ۋە ئاياللىرىنى نامەھرەم ۋە ھاراملىقتىن چىقىرىشقان. بەلكى مۇنچىلارغا ئەر - ئايال بىللە يالىڭاچ كىرىشلىرى ۋە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىشلىرى بۇ پاھىشىلەرنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. ھەمدە ئەخمەق ۋە كەمبەغەل بولغانلارغا بايلارنىڭ ماللىرىنى ھالال قىلىشقان بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت بۇ بالا - مۇسىبەتكە قارشى تىترىمەكتە.

بۇ ئەسىردە ئىسلام ۋە تۈرك ياشلىرى، ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بۇ خەتەرگە قارشى، رىسالەئى نۇرنىڭ «مۇۋە» ۋە «ياشلىق رەھبىرى» دەك كەسكىن قىلىچلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە تاقابىل تۇرىشى كېرەكتۇر. بولمىسا ئۇ بىچارە ياش، ھەم دۇنيا ئىستىقبالىنى، بەختلىك ھاياتىنى، ھەم ئاخىرەتتىكى سائادىتىنى ۋە ئەبەدى ھاياتىنى ئازاپلىق ۋە ئەلەملىك بىر ئەھۋالدا قالدۇرۇپ بىتچىت قىلىدۇ. شۇنداقلا سۇئىستىمال ۋە كەيپ - ساپاچىلىق بىلەن دوختۇرخانىلارغا، چىكىدىن ئىشىش بىلەن تۈرمىلەرگە چۈشۈپ قالىدۇ، پۇشايمانلار ۋە ھەسرەتلەر بىلەن قىرىغىندا كۆپ يىغلايدۇ.

ئەگەر قۇرئان تەربىيىسى ۋە نۇر ھەقىقەتلىرى بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلسا ھەقىقى بىر قەھرىمان ياش، مۇكەممەل بىر ئىنسان ۋە بەختلىك بىر مۇسۇلمان ھەمدە باشقا جانلىقلارغا ۋە ھايۋانلارغا بىر سۇلتان بولىدۇ.

شۇنداق، بىر ياش تۈرمىدە يىگىرمە تۆت سائەت ھەر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ بىرلا سائىتىنى بەش پەرز ناماز ئۈچۈن سەرپ قىلسا،

كۆپلىگەن گۇناھلارغا تۈرمە تۇسقۇن بولغىنىدەك، ئۇ تۈرمىگە چۈشۈشكە سەۋەپ بولغان خاتالىقلاردىن تۆۋبە قىلىپ، باشقا زىيانلىق، ئەلەملىك گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتسا، ھەم ھاياتىغا، ھەم ئىستىقبالىغا، ھەم ۋەتىنىگە، ھەم خەلقىگە، ھەم تۇققانلىرىغا چوڭ بىر مەنپەئەت بولغىنىدەك، ئۇ ئون - ئون بەش يىللىق فانى ياشلىق ئارقىلىق، ئەبەدىي، پارلاق بىر ياشلىقنى قازىنىدىغانلىقىنى، باشتا قۇرئانى مۆجىزىلىبايان ۋە بارلىق ساماۋى كىتابلار ۋە ۋاراقلار قەتئىي ھالدا خوشخەۋەر بېرىدۇ.

شۇنداق، ئۇ شېرىن، گۈزەل ياشلىق نېمىتىگە، ئىستىقامەت ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن شۈكۈر قىلسا، ھەم ئۇ نېمەت ئارتىدۇ، ھەم ئەبەدىيلىشىدۇ، ھەم تىخىمۇ لەززەتلىك بولىدۇ. بولمىسا، ھەم بالالىق، ھەم قايغۇلۇق، غەملىك، قورقۇنچلۇق بولىدۇ، كېتىدۇ. ھەم تۇققانلىرىغا، ھەم ۋەتىنىگە، ھەم خەلقىگە زىيانداش بولغان بىر ئەخمەق ھۆكمىدە بولۇپ قېلىشقا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر تۈرمىدىكى مەھبۇس، زۇلۇم بىلەن كىرىپ قالغان بولسا، پەرز نامازلىرىنى قىلىش شەرتى بىلەن ھەر بىر سائىتى بىر كۈنلۈك ئىبادەت بولغىنىدەك، ئۇ تۈرمە ئۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز كىشىلىك بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەستىن ئىبادەت قىلغان تەقۋا دىندارلاردىن بولالايدۇ. ئەگەر يوقسۇل، ياشانغان، كېسەلچان ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرىگە قىزىققان بىرى بولسا، پەرزلىرىنى قىلىش ۋە تۆۋبە قىلىش شەرتى بىلەن، ھەر بىر سائىتى يىگىرمە سائەت بولۇپ، تۈرمە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەنەپپۇس يېرى بولىدۇ. دوستلىرى مەرھەمەتكارانە ئۇنىڭغا قاراپ، كۆرۈشۈپ

تۇرسا، بىر مۇھەببەتخانا، بىر تەربىيەخانا ۋە بىر دەرسخانا ھۆكمىگە ئۆتىدۇ. ئۇ تۇرمىدە بولۇش ئارقىلىق، سىرتتىكى قالايمىقان ۋە ھەر تەرەپلىمە گۇناھلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچار بولىدىغان ئەركىنلىك راھىتىدىن تېخىمۇ كۆپرەك راھەتكە ئېرىشىدۇ، تۇرمىدىن ھەقىقى تەربىيە ئالىدۇ. چىققان ۋاقتىدا بىر قاتىل ياكى بىر ئىنتاقامچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تۆۋبىكار، تەجرىبىلىك، تەربىيە ئالغان، خەلققە مەنپەئەتلىك بىر كىشى بولۇپ چىقىدۇ. ھەتتا دىڭىزلى تۇرمىسىدىكى زاتلارنىڭ «نۇرلار» دىن ئاز ۋاقىتتا پەۋقۇلئادە گۈزەل ئەخلاق دەرسىنى ئالغانلارنى كۆرگەن بەزى ئالاقىدار كىشىلەر: «تەربىيە ئۈچۈن ئون بەش يىل تۇرمىگە سولاشقا قارىغاندا، ئون بەش ھەپتە رىسالەئى نۇر دەرسىنى ئالسا ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ئۆزگەرتىدۇ.» دېيىشكەندى.

شۇنداق، ئۆلۈم ئۆلمەس ۋە ئەجەل مەخپىدۇر. ھەر ۋاقىت كېلىشى مۇمكىن، ھەمدە قەبىر ئىشىكى تاقالماس. توپ-توپ بولۇپ بىر-بىرى ئارقىسىدىن كەلگەنلەر ئۇ يەرگە كىرىپ يوق بولىۋاتىدۇ. ۋە شۇنداقلا ئۆلۈم مۆئمىنلەر ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك يوق بولۇش ئەمەس، ھايات ۋەزىپىسىدىن بوشىنىش كىنىشكىسى ئىكەنلىكى قۇرئان ھەقىقەتلىرى بىلەن كۆرسىتىلدى. زالالەت ۋە كەيپ-ساپاچىلىق يولىدا يۈرگەنلەر ئۈچۈن بولسا، كۆز بىلەن كۆرۈنگىنىدەك ئۆلۈم؛ بىر ئەبەدى يوق بولۇشتۇر. سۆيگەن بارلىق نەرسىلىرىدىن ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتلاردىن بىر مەڭگۈلۈك ئايرىلىشتۇر. ئەلبەتتە ۋە ئەلبەتتە، ھېچ شۈبھىسىزكى، ئەڭ بەختىيارنىڭ ئىشى بۇدۇركى، سەبىر ئىچىدە

شۈكۈر قىلىش ۋە تۈرمە مۇددىتىدىن ھەقىقىي تۈردە پايدىلىنىپ «نۇرلار» دەرسى ئېلىپ، ئىستىقامەت دائىرىسىدە ئىمانغا ۋە قۇرئانغا خىزمەت ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتۇر.

ئەي راھەت ۋە لەززەتكە مۇپتىلا ئىنسان! مەن ھازىر يەتمىش بەش ياشتا. مىڭلارچە تەجرىبىلەر، دەلىللەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن ئەينەلىيەقىن ھالدا بىلدىمكى، ھەقىقىي راھەت، ئەلەمسىزلىك لەززەت، قايغۇسىز سۆيۈنۈچ ۋە ھاياتتىكى سائادەت پەقەتلا ئىماندادۇر ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرى دائىرىسىدەدۇر. بولمىسا، دۇنيالىق بىر لەززەتتە كۆپلىگەن قايغۇلار بار. بىر دانە ئۈزۈم يېگۈزۈپ ئون كاچات ئۇرغاندەك، ھاياتنىڭ لەززىتىنى قاچۇرىدۇ.

ئەي تۈرمە پالاكەتچىلىكىگە چۈشكەن بىچارىلەر! دۇنيايىڭلار يىغلىدى ۋە ھاياتىڭلار ئاچچىقلاشتى، تىرىشىڭلار، ئاخىرىتىڭلارمۇ يىغلاپ قالمىسۇن. مەڭگۈلۈك ھاياتىڭلار كۈلسۇن، تاتلىق بولسۇن، بۇ تۈرمىدىن پايدىلىنىۋېلىڭلار. بەزىدە ئېغىر شارائىت ئاستىدا، دۈشمەن قارشىسىدا بىر سائەت قاراۋۇلچىلىق بىر يىللىق ئىبادەت بولغىنىدەك، سىلەرنىڭ بۇ ئېغىر شارائىت ئاستىدىكى ھەر بىر سائەت ئىبادەت قىيىنچىلىقى كۆپلىگەن سائەت ئىبادەت ھۆكمىگە ئۆتۈپ، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى مەرھەمەتلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ

ئەزىز، سىددىق قېرىنداشلىرىم!

تۈرمە پالاكەتچىلىكىگە چۈشۈپ قالغانلارغا، ھەمدە ئۇلارغا مەرھەمەتكارانە ساداقەتلىك ھالدا ياردەم بىلەن ئالاقىدار بولغانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىنى ئىلىپ كەلگەنلەرگە قۇۋۋەتلىك بىر تەسەللىنى «ئۈچ نۇقتا» بىلەن بايان قىلىمەن:

بىرىنچى نوقتا: تۈرمىدە ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ ھەر بىر كۈنى، ئۇن كۈنچىلىك بىر ئىبادەت ساۋابىغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ ۋە فانى سائەتلەرنى، بەرگەن مېۋىسى ئېتىبارى بويىچە، مەنئۇى جەھەتتىن باقى سائەتلەرگە ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا بەش - ئون يىللىق جازا مۇددىتى مىليونلارچە يىللىق ئەبەدى تۈرمىدىن قۇتۇلۇشقا سەۋەپ بولالايدۇ. مۆئمىنلەر ئۈچۈن بۇ ناھايىتى چوڭ ۋە بەكمۇ قىممەتلىك ئۇتۇقىقا ئىگە بولۇشنىڭ شەرتى، پەرز نامازلىرىنى ئادا قىلىش، تۈرمىگە سەۋەپ بولغان گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلىش ۋە سەبىر ئىچىدە شۈكۈر قىلىشتۇر. ھىلىمۇ تۈرمە كۆپلىگەن گۇناھلارغا توسالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا يەر بەرمەيدۇ.

ئىككىنچى نوقتا: لەززەتنىڭ يوقىلىشى ئەلەم بولغىنىدەك، ئەلەمنىڭ يوقىلىشىمۇ لەززەتتۇر. شۇنداق، ھەركىم ئۆتكەن لەززەتلىك، راھەت كۈنلىرىنى ئويلىسا، ھەسرەتلىك ۋە مەنئۇى ئەلەملىرىنى ھىس قىلىپ «ۋاي ئىسىت» دەيدۇ. ئۆتكەن بالا ـ مۇسىبەتلىك ۋە ئەلەملىك كۈنلىرىنى ئەسلىسە، يوقىلىشتىن كەلگەن بىر مەنئۇى لەززەتنى ھىس

قىلىپ «ئەلھەمدۇلىللاھ شۈكۈر، بۇ بالا مۇسىبەتلەر ساۋابىنى قويۇپ ئۆزى كەتتى» دەيدۇ. بىر خىل سۆيۈنۈچ بىلەن راھەت نەپەس ئالىدۇ. دېمەك، بىر سائەت ۋاقىتلىق ئەلەم، روھتا بىر مەنىۋى لەززەت قويۇپ قويىدۇ. لەززەتلىك سائەت بولسا، ئەكسىچە ئەلەم قويۇپ قويىدۇ. شۇنداق ھەقىقەت مانا بۇدۇر. ھەمدە ئۆتكەن بالا - مۇسىبەت سائەتلىرى، ئەلەملىرى بىلەن بىللە يوق ۋە يوقالدى. كېلەچەكتىكى بالا - مۇسىبەت كۈنلىرى ھازىر تېخى يوقتۇر. يوقتىن ئەلەم يوق. يوقلۇقتىن ئەلەم كەلمەس. مەسىلەن: بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئاچ قېلىش ياكى ئۇسساپ قېلىش ئېھتىمالى سەۋەپلىك، بۇ نىيەت بىلەن داۋاملىق نان يەپ، سۇ ئىچىش نەقەدەر ئەخمەقلىق بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامانلاردىكى يوق بولغان ئەلەملىك سائەتلەرنى ھازىر ئويلىنىپ سەبىرسىزلىك قىلىش ھەمدە قۇسۇرلۇق بولغان نەفسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن شىكايەت قىلىپ «ئۇف، ئۇف» دېيىش ئەخمەقلىقتۇر. ئەگەر ئوڭغا ۋە سولغا، يەنى ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامانلارغا سەبىر قۇۋۋىتىنى تارقاتماستىن، ھازىرقى سائەت ۋە بۈگۈنكى كۈنگە قارشى سەرپ قىلسا، ئۇ سەبىر قۇۋۋىتى دەل يېتەرلىك بولىدۇ. قىيىنچىلىق ئوندىن بىرگە چۈشىدۇ. ھەتتا شىكايەت بولمىسۇن.

مەن بۇ ئۈچىنچى مەدرەسەئى يۈسۈفىيە* دە بىر قانچە كۈن ئىچىدە، ئۆمرۈمدە ھېچ كۆرمىگەن ماددى، مەنىۋى قىيىنچىلىقلارغا ۋە كىسەللىكلەرگە دۇچار بولغان پەيتتە، بولۇپمۇ «نۇر» غا خىزمەت قىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قىلىشتىن كەلگەن مەيۈسلۈق ۋە قەلبى، رۇھى سىقىلىشلار مىنى ئەزگەن پەيتتە، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى يۈقىرىدىكى ھەقىقەتنى ماڭا كۆرسەتتى. مەنمۇ بۇ ئېغىر كىسىلىمدىن ۋە تۈرمەمدىن رازى بولدۇم. چۈنكى، «مەندەك بىر قەبىر ئىشىكىدىكى بىچارە ئۈچۈن، غەپلەتتە ئۆتۈشمۇ مۇمكىن بولغان بىر سائەتنى ئون سائەت ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش تولىمۇ چوڭ بىر پايدادۇر» دەپ شۈكۈر قىلدىم.

ئۈچىنچى نوقتا: تۈرمىدىكى مەھپۇسلارغا شەپقەتكارانە خىزمەت بىلەن ياردەم قىلىش ۋە مۇھتاج رىزىقلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەمدە مەنىۋى يارىلىرىغا تەسەللى بېرىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئېلىشتا، ئاز بىر ئەمەل بىلەن قولغا كىلىدىغان چوڭ بىر ئۆتۈق بار. شۇنداقلا سىرتتىن كەلگەن تاماقلارنى ئۇلارغا بېرىش، تۈرمە خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇ خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە ئىچ ۋە سىرتتا خىزمەت قىلغانلارنىڭ ــ سەدىقە بېرىش ھۆكمىدە ــ ساۋاپ دەپتىرىگە شۇنچە تاماق ساۋابى يېزىلىدۇ.

---

*مەدرەسەئى يۈسۈفىيە : يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەت ۋە زۇلۇم بىلەن تۈرمىگە كىرىشىگە ئوخشاش، كىشىنىڭ ئىمان ۋە قۇرئانغا خىزمەت قىلىشى سەۋەبلىك سولانغان يېرى «يۈسۈف مەدرىسەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇ مەھپۇس قىرىپ قالغان، يا ئاغرىق، ياكى كەمبەغەل ۋە ياكى يالغۇز بولسا، ئۇ مەنىۋى سەدىقىنىڭ ساۋابى تېخىمۇ كۆپىيدۇ.

ئۇ خىزمەتنىڭ ئالالاھ ئۈچۈن بولىشى ئۈچۈن، ئەنە شۇ قىممەتلىك ئۇتۇقنىڭ شەرتى پەرز نامازلىرىنى ئادا قىلىشتۇر. يەنە بىر شەرتى، ساداقەت، شەپقەت ۋە سۆيۈنچ بىلەن ھەمدە مىننەت قىلمىغان ئاساستا قولىدىن كەلگىنچە ياردەمدە بولۇشتۇر.

بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ    وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللهِ وَ بَرَكَاتُهُ اَبَدًا دَائِماً

ئەي تۇرمدىكى دوستلىرىم ۋە دىن قېرىنداشلىرىم!
سىلەرنى ھەم دۇنيا ئازابىدىن، ھەم ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىش قەلبىمگە ئەسكەرتىلدى. تۆۋەندىكىچە:

ئاللايلۇق، بىرى ، بىرسىنىڭ قېرىندىشىنى ياكى تۇققىنىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بىر مىنۇتلۇق ئىنتىقام لەززىتى بىلەن بىر قاتىللىق، مىليونلارچە مىنۇت، ھەم قەلبى ئىزدىراپ، ھەم تۈرمە ئازابىنى تارتقۇزىدۇ. ئۆلگەننىڭ تۇققانلىرىمۇ ئىنتىقام پىكرى بىلەن ۋە قارشىسىدىكى دۈشمىنىنى ئويلىنىش بىلەن ھاياتىنىڭ لەززىتىنى ۋە ئۆمرىنىڭ راھىتىنى قاچۇرىدۇ. ھەم قورقۇنچ ھەم غەزەپ ئازابىنى چەكتۈرىدۇ. ئۇنى يوقىتىشنىڭ پەقەت بىر چارىسى بار. يەنى، قۇرئان ئەمىر قىلغان ھەمدە ھەق، ھەقىقەت، ھىكمەت، ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت كىرەك قىلغان بويىچە ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئەپلىشىشتۇر.

شۇنداق، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ يول، ئەپلىشىشتۇر. چۈنكى، ئەجەل بىردۇر، ئۆزگەرمەس. ئۇ ئۆلگەن ئەلبەتتەكى، ئەجىلى كەلگەنلىكتىن يەنە ئوشۇق ياشاپ قالالمايتتى. ئۇ قاتىل بولسا، ئاللاھنىڭ تەغدىرىگە سەۋەپ بوپتۇ. ئەگەر ئەپلىشىش بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ دائىم قورقۇنچ ۋە ئىنتىقام ئازابىنى تارتىشىدۇ. شۇڭلاشقا «بىر مۆئمىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق باشقا بىر مۆئمىنگە ئاغرىنماسلىق» نى ئىسلامىيەت ئەمىر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ قاتىللىق بىر

دۈشمەنلىكتىن ياكى بىر ئاداۋەت غەرىزىدىن كەلمىگەن بولسا، ۋە بىر مۇناپىق ئۇ فىتنىگە سەۋەپ بولغان بولسا، تېز ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. بولمىسا، ئۇ كىچىك مۇسىبەت چوڭىيىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئەپلىشەلىسە، ئۆلتۈرگەن كىشى تۆۋبە قىلسا ۋە ئۆلگەنگە ھەر ۋاقىت دۇئا قىلسا، ئۇ ھالدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولىدۇ ۋە تۇغقاندەك بولىشىدۇ. بىر كەتكەن تۇغقان ئورنىغا بىر قانچە دىندار تۇغقانلارنى تاپىدۇ. ئاللاھنىڭ قازا ۋە تەغدىرىگە تەسلىم بولۇپ، دۈشمەننى كەچۈرىدۇ. بولۇپمۇ رىسالەئى نۇر دەرسلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، ئەلبەتتە ئارىلىرىدىكى پۈتۈن ئاغرىنىشلارنى تاشلاشنى ھەم ھىكمەت، ھەم شەخسى ۋە ئومۇمى تىنچلىق، ھەم نۇر دائىرىسىدىكى قىرىنداشلىق كېرەك قىلىدۇ.

دېڭىزلى تۈرمىسىدىكى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان پۈتۈن مەھبۇسلار نۇر دەرسلىرى ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن قىرىنداش بولۇشتى. ھەمدە بىزنىڭ ئاقلىنىپ چىقىشىمىزغا سەۋەپ بولۇپ، - ھەتتا دىنسىزلەر ۋە ئەخمەقلەرگىمۇ - «ماشائاللاھ، بارەكەللاھ» دېگۈزدى. ئۇ مەھبۇسلارمۇ راھەت ھالدا تەنەپپۇسقا چىقىشالىشاتتى. مەن بۇ يەردە كۆردۈمكى، يالغۇز بىر كىشى يۈزىدىن، يۈز كىشى راھەتسىزلىنىپ بىللە تەنەپپۇسقا چىقىشالمىدى. ئۇلارغىمۇ زۇلۇم بولدى. جاسارەتلىك ۋە ۋىجدانلىق بىر مۆئمىن كىچىككىنە ۋە ئازغىنا بىر خاتالىق ياكى شەخسى مەنپەئەت سەۋەبىدىن، يۈزلىگەن زىياننى باشقا مۆئمىنلەرگە تارتقۇزماسلىقى كېرەك. ئەگەر خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، تېز تۆۋبە قىلىش كېرەك.

## بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ    وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ

## اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللهِ وَ بَرَكَاتُهُ اَبَدًا دَائِماً

ئېزىز يىگى قېرىنداشلىرىم ۋە كونا مەھپۇسلار!

مېنىڭ ئوچۇق قانائىتىم كەلدىكى، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بويىچە قارىغاندا، بۇ يەرگە كىرىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى، سىلەرنىڭ ئىغىر شارائىتىڭلار ۋە مۇھتاجلىغىڭلاردۇر. يەنى، «نۇرلار» تەسەللىلىرى بىلەن ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرى بىلەن سىلەرنى بۇ تۈرمە پالاكەتچىلىكىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن، دۇنيالىق كۆپلىگەن زىيانلاردىن، بىكارغىلا غەم ـ قايغۇ بىلەن كېتىدىغان ھاياتىڭلارنى پايدىسىزلىقتىن ۋە قۇرۇق زايا بولىشىدىن، ھەمدە دۇنيايىڭلارنىڭ يىغلىغىنىدەك ئاخىرىتىڭلارنىڭمۇ يىغلاپ قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، سىلەرگە ھەقىقى بىر تەسەللى بىرىدۇ.

ھەقىقەت ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئەلبەتتە سىلەرمۇ دىگىزلى مەھپۇسلىرى ۋە نۇر شاگىرتلىرىدەك، بىر ـ بىرىڭلارغا قېرىنداش بولىشىڭلار كىرەك، كۆرىۋاتىسىلەركى، بىر پىچاقنىڭ سىلەرگە ئەۋەتلىپ، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇپ چېپىشىپ قالماسلىغىڭلار ئۇچۇن، سىرتتىن كەلگەن كىيىمىڭلارنى، تامىغىڭلارنى، نېنىڭلارنى ۋە شورپاڭلارنى ئاختۇرۇپ ئىزدىشىۋاتىدۇ، سىلەرگە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان تۈرمە خىزمەتچىلىرى كۆپ ھېرىپ چارچاۋاتىدۇ. ھەمدە سىلەر بىللە تەنەپپۇسقا چىقالمايۋاتىسىلەر، خوددى يىرتقۇچ ۋە ياۋايىلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىڭلارغا ئېتىلىپ جىدەل چىقىرىدىغاندەك. مانا ئەمدى، تەبىئى قەھرىمانلىق مىجەزىگە ئىگە بولغان يىگى

دوستلىرىم، بۇ زاماندا مەنىۋى بولغان چوڭ بىر قەھرىمانلىق بىلەن باشلىقلارغا دەڭلاركى:

«قولىمىزدا پىچاق ئەمەس، بەلكى مىلتىق - تاپانچا بىرىلسە، ھەمدە ئىتىش ئەمرى بىرىلسىمۇ، بىز بۇ بىچارە، بىزدەك پالاكەتچىلىككە يولۇققان دوستلىرىمىزغا ئىلىشمەيمىز. بۇرۇن ئارىمىزدا يۈز دۈشمەنلىگىمىز ۋە ئاداۋىتىمىز بولغان بولسىمۇ، ھەممىسىنى كەچۈرۈپ، كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن تىرىششقا، قۇرئاننىڭ، ئىماننىڭ ۋە ئىسلامى قىرىنداشلىقنىڭ ئەمرى ۋە ئىرشادى بىلەن قارار بەردۇق.» دەپ، بۇ تۈرمىنى مۇبارەك بىر مەدرىسكە ئايلاندۇرۇڭلار.

*　　　*　　　*

# ئون ئۈچىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى ماقامىنىڭ قوشۇمچىسى

## قەدىر كىچىسدە ئەسكەرتىلگەن مۇھىم بىر مەسلە

قەدىر كىچىسىدە قەلبىكە كەلگەن ناھايىتى كەڭ ۋە ئۇزۇن بىر ھەقىقەتكە، ناھايىتى قىسقا بىر ئىشارەت قىلماقچىمىز. يەنى:

ئىنسانىيەت، بۇ ئاخىرقى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەشەددى زۇلمى، ئەشەددى ئىستىبداتدى، مەرھەمەتسىز بۇزغۇنچىلىغى بىلەن، بىر دۈشمەن يۈزىدىن يۈزلىگەن مەسۇم، گۇناھسىزلارنى پەرىشانلىقا چۈشۈرىشى بىلەن، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ مەيۇسلىغى ۋە غالىپ

كەلگەنلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلالماسلىقىدىن ۋە بۇزغۇنچىلىقا ئۇچرىغان نەرسىلەرنى تۈزىتىپ بولالماسلىقىدىن كەلگەن دەھشەتلىك ۋىجدان ئازاپلىرىنى تارتىشى بىلەن، دۇنيا ھاياتىنىڭ تامامەن فانى ۋە ۋاقىتلىق بولىشى ۋە مەدىنىيەت پانتازىيىلىرىنىڭ ساختىلىقى ۋە ھىلە - مىكرى ھەممىگە كۆرىنىشى بىلەن، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىكى يۈكسەك قابىلىيىتىنىڭ ۋە ئىنسان ماھىيىتىنىڭ ئومۇمى بىر سۈرەتتە دەھشەتلىك يارىلىنىشى بىلەن، شۇنداقلا غەپلەت ۋە زالالەتنىڭ، قاتتىق ۋە گاس بولغان تەبىئەتنىڭ، قۇرئانىڭ ئالماس قىلىچى ئارقىلىق پاچاقلىنىشى بىلەن، ھەمدە غەپلەت زالالىتىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك، ئالدامچى، ئەڭ كەڭرى پەردىسى بولغان دۇنيا سىياسىتىنىڭ بەكمۇ يىرگىنچلىك، بەكمۇ مەرھەمەتسىز ھەقىقى ماھىيىتىنىڭ كۆرىنىشى بىلەن... ئەلبەتتە ۋە ئەلبەتتە، ھېچ شۈبھىسىزكى، شىمالدا، غەرپتە، ئامرىكىدا ئالامەتلىرى كۆرۈنگىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ ساختا مەشۇقى بولغان دۇنيا ھاياتى ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك ۋە زاۋاللىقا مەھكۇم بولغانلىقىدىن، ئىنسانىڭ تەبىئىتى ھەقىقى سۆيگەن ۋە ئىزدىگەن ئەبەدى ھاياتنى بۇ ئىنسانىيەت پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن ئىزدەيدۇ. ۋە يەنە ئەلبەتتە شۈبھە يوقكى، بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش يىلدا ھەر ئەسىردە ئۈچ يۈز ئەللىك مىليون شاگىرتى بولغان، ھەر ھۆكمىگە ۋە داۋاسىغا مىليونلارچە ئەھلى ھەقىقەت بولغانلار تەستىق بىلەن قول قويۇشقان، ھەر مىنۇت مىليونلارچە قارىلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ھالدا ئورۇن ئىلىپ، ئۇلارنىڭ تىللىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا دەرس بەرگەن، ھېچ بىر كىتاپتا

كۆرۈلمىگەن بىر شەكىلدە، ئىنسان ئۆچمەس باقى بىر ھاياتنى ۋە ئەبەدى بەخت - سائادەتنى خوشخەۋەر بەرگەن، ھەمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىرىنى ساقايتقان قۇرئانى مۆجىزۇلىرىنىڭ شىددەتلىك، قۇۋۋەتلىك ۋە تەكرار - تەكرار ئىشىتىلگەن مىڭلارچە ئايەتلىرى ئارقىلىق، بەلكى ئونمىڭلارچە قېتىم داۋا قىلىپ، ئۆچمەس ياكى ئىشارەتلىك ھالدا، ئۆچمەس قەتئى ۋە شۈبھە كەلتۈرمەيدىغان چەكسىز دەلىللىرى بىلەن، ئاخىرەت ھاياتىنى ئوچۇق خوشخەۋەر بىرىشى ۋە ئەبەدى سائادەتنى دەرس بىرىشى نەتىجىسىدە، ئەلبەتتە ئىنسانىيەت تامامەن ئەقلىنى يوقىتىپ قويمىسا، ماددى ۋە مەنىۋى بىر قىيامەت بولمىسا، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، فىنلاندىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ قۇرئانىنى قوبۇل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشقان مەشھۇر زاتلىرىدەك ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەق دىن ئىزدىگەن مۇھىم جەمىيەتلىرىدەك، دۇنيانىڭ چوڭ قىتئەلىرى ۋە چوڭ ھۆكۈمەتلىرى قۇرئانى مۆجىزۇلىرىنى ئىزدىشىدۇ ۋە ھەقىقەتلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن جان دىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقىقەت بويىچە قارىغاندا، قۇرئانىنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر ۋە بولالماس. ھەمدە ھېچ بىر نەرسە بۇ مۆجىزەئى ئەكبەر (ئەڭ چوڭ مۆجىزە) بىلەن تەڭ بولالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن : رىسالەئى نۇر بولسا، بۇ ئەڭ چوڭ مۆجىزە بولغان قۇرئانىنىڭ قولىدىكى بىر ئالماس قىلىچتەك، ئۆز خىزمىتىنى كۆرسەتتى ۋە دۈشمەن كاپىرلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. ھەم قەلىپ، ھەم رۇھ، ھەم ھېسلەرنى ھەقىقى تۈردە نۇرلاندۇرىدىغان ۋە دورىلىرىنى بېرىدىغان شەكىلدە، قۇرئان خەزىنىسىنىڭ دەۋەتچىلىكىنى

ئۇستىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خەزىنىسى ۋە مەنبەسى بولمىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەنىۋى مۆجىزىسى بولغان رىسالەتى ئۇر، ئۇ ۋەزىپىسىنى ھەققى ھالدا ئورۇنلىماقتا. ئۇنىڭغا قارشى بولغان تۆھمەت ئىلانلىرىنى ۋە ناھايىتى جاھىل كاپىرلارنى تامامەن يىڭىپ، زالالەتنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك قەلئەسى بولغان تەبىئەتنى، «تەبىئەت رىسالىسى» ئارقىلىق پارچە - پارچە قىلدى. غەپلەتنىڭ ئەڭ قېلىن، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ كەڭ راتىرىلىرىدە، پەننىڭ ئەڭ كەكرى پەردىلىرى ئىچىدە «ئاسايى مۇسا» دىكى «مۇە» نىڭ ئالتىنچى مەسلىسى ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، سەككىزىنچى دەلىللىرى ئارقىلىق ئىنتايىن پارلاق ھالدا غەپلەتنى تارتىپ تەۋھىد نۇرىنى كۆرسەتتى.

ئەلبەتتە بىزگە ۋە بۇ خەلققە كىرەكتۇركى، ھازىر دىن دەرسلىرى ئۈچۈن خۇسۇسى دەرسخانىلار ئىچىلىشىغا قانۇن بويىچە رۇخسەت بىرىلىشىگە بىنائەن، نۇر شاگىرتلىرى مۇمكىن بولغىنىچە ھەر يەردە بىردىن كىچىك نۇر دەرسخانىلىرى ئىچىشى كىرەك. گەرچە ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا، نۇر ھەقىقەتلىرىنى ئالالايدۇ. بىراق ھەركىم ھەر مەسلىنى تامامەن چۈشىنەلمەيدۇ. ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ ئىزاھلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم ئىلىم، مەرىپەتۇللاھ، ھەم ھۇزۇر، ھەم ئىبادەتتۇر.

بۇرۇنقى مەدرىسلەر بەرگەن بەش - ئون يىللىق نەتىجە ئورنىغا، ئىنشائاللاھ نۇر مەدرىسلىرى بەش - ئون ھەپتىدە ئوخشاش نەتىجە بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە يىگىرمە يىلدىن بىرى تەمىنلەۋاتىدۇ. ھەمدە ھۆكۈمەت بۇ خەلق ۋە ۋەتەننىڭ دۇنياۋى، سىياسى، ئاخىرەتلىك

ھاياتى ئۈچۈن كۆپ پايدىسى بولغان بۇ قۇرئان شولىلىرىغا ۋە قۇرئان دەۋەتچىسى بولغان رىسالەئى نۇرغا ئىلىشىش ئەمەس، بەلكى تولۇق راۋاج تېپىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا كۈچ سەرپ قىلىشى لازىمدۇر. شۇنداقلا ئۆتكەن دەھشەتلىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلىشىگە سەۋەپ، كېلەچەكتىكى شىددەتلىك بالايى - ئاپەتلەرگە ۋە تىنچسىزلىققا تاقابىل تۇرىدىغان بىر سىپىل بولالايدۇ.

سەئىد نۇرسى

(يىگىرمە ئالتىنچى لەئىلادىن)

# يەتتىنچى رىجا

كونا سەئىدنىڭ كۆلۈشلىرى يېڭى سەئىدنىڭ يىغىسىغا ئالماشقان، قىرىلىق چاغلىرىم باشلىنىۋاتقان زاماندا، ئەنقەرەدىكى ئەھلى دۇنيا مىنى كونا سەئىد چاغلاپ، ئەنقەرەگە چاقىرىشتى، مەنمۇ باردىم. كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنقەرەنىڭ ماڭا قارىغاندا بەكمۇ كۆپ قىرىغان، كونىراپ كەتكەن قەلئەسىنىڭ بېشىغا چىقتىم. ئۇ قەلئە، تاشقا ئايلانغان تارىخى ھادىسىلەر سۈرىتىدە ماڭا كۆرۈندى. يىلنىڭ قىرىلىق پەسلى، مىنىڭ قىرىلىقىم، قەلئەنىڭ قىرىلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ قىرىلىقى، شانلىق ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قىرىلىقى، خەلىپىلىك سەلتەنىتىنىڭ ۋاپاتى ۋە دۇنيانىڭ قىرىلىقى ماڭا ئىنتايىن قايغۇلۇق، غەملىك، ھەسرەتلىك بىر ھالەت بېرىپ، ئۇ ئېگىز قەلئەدە، ئۆتكەن زاماننىڭ دەريالىرىغا، كېلەچەك زاماننىڭ تاغلىرىغا مىنى قاراتتى ۋە قارىدىم. بىر - بىرى ئىچىدە مىنى قورشىغان تۆت - بەش قىرىلىق قاراڭغۇلۇقلىرى ئىچىدە ئەنقەرەدە ئەڭ قارا بىر رۇھانى ھالەت ھېس قىلغانلىقىمدىن(*) بىر نۇر، بىر تەسەللى، بىر ئۈمىد ئىزدىدىم. ئوڭغا يەنى ئۆتكەن زامانغا تەسەللى تېپىش ئۈچۈن قارىدىم. ئۆتكەن زامان ئاتامنىڭ، ئەجداتلىرىمنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ بىر مازىرى سۈرىتىدە كۆرۈندى. تەسەللى ئەمەس، ئەكسىچە قورقۇنچ بەردى. سول تەرىپىم بولغان كېلەچەككە دەرمان ئىزدەپ قارىدىم. كۆردۈمكى، مىنىڭ ۋە

ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ھەمدە كەلگۈسى نەسىللەرنىڭ چوڭ ۋە قاراڭغۇ گۆرى سۈرىتىدە كۆرۈندى. دوستانە ئەمەس، ۋەھشىيانە ھالەت كۆردۈم. ئوتۇ ۋە سولدىن ھۇدۇقۇپ، بۇگۈنكى كۈنۈمگە قارىدىم. غەپلەتلىك نەزىرىم بىلەن، بۇگۈنكى كۈننى يىرىم ئۆلۈك بولغان ۋە بوغۇزلىنىش ئازابىنى تارتقان جىسمىمنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەن بىر تاۋۇت سۈرىتىدە كۆردۈم. بۇنىڭدىنمۇ مەيۈسلىنىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە ئۆمۈر دەرىخىمنىڭ ئۇچىغا قارىدىم، كۆردۈمكى، ئۇ دەرەخنىڭ يالغۇز بىر مېۋىسى بار. ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ جىنازەم بولۇپ، ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ماڭا قاراۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچ ھېس قىلىپ، بېشىمنى تۆۋەنگە ئەگدىم ۋە ئۆمۈر دەرىخىمنىڭ تۆۋەن تەرىپى، يەنى يىلتىزىغا قارىدىم. كۆردۈمكى، ئۇ تۆۋەن تەرەپتىكى توپراقنى مېنىڭ سۆڭەك توپىلىرىم بىلەن دەسلەپكى يارىتىلىش توپىلىرىمنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلاشقان ھالدا پۇتلارنىڭ ئاستىدا دەسسىلىۋاتقان سۈرەتتە كۆردۈم.

بۇمۇ دەرمان ئەمەس، دەردىمگە دەرت قوشتى. كېيىن مەجبۇرەن ئارقا تەرىپىمگە قارىدىم. كۆردۈمكى، ئاساسسىز ۋە فانى دۇنيا يوقلۇق دەريالىرىدا ۋە يوقلۇق قاراڭغۇلۇقلىرىدا يۇمىلىنىپ ئاقماقتا ئىدى. بۇمۇ دەردىمگە دەرمان ئەمەس، ئۈستىگە زەھەر قوشۇپ قويدى.

(*) ئۇ زامان بۇ رۇھانى ھالەت، پارس تىلىدا بىر مۇناجات (دۇئا) تەرىقىسىدە، ئەنقەرەدە «ھۇباب» رىسالىسىنىڭ ئىچىدە بېسىلغاندۇر.

بۇ تەرەپتىنمۇ بىر پايدا كۆرەلمىگەنلىكىمدىن ئالدى تەرىپىمگە قارىدىم، ئالدىمغا نەزەر سالدىم. كۆردۈمكى، قەبىر ئىشىكى دەل يولۇمنىڭ ئۈستىدە ئاغزىنى يوغان ئاچقان هالدا ماڭا قاراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەبەد تەرىپىمگە ئۇزانغان چوڭ يول... ۋە ئۇ يولدا كۈتۈۋاتقان جاماەتلەر ئۇزاق - ئۇزاقلاردىن كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ ئالتە تەرەپتىن كەلگەن قورقۇنچلارغا قارشى، ماڭا تايىنىش نۇقتىسى ۋە قوغدىنىش قورالى بولغىدەك كىچىككىنە بىر جۇزئى ئىختىيارىمدىن* باشقا هېچ بىر نەرسە مەندە يوق. ئۇ چەكسىز دۈشمەن ۋە چەكسىز زىيانداش نەرسىلەرگە قارشى يالغۇز بىر ئىنسانى قورال بولغان جۇزئى ئىختىيارى بولسا، هەم نۇقسان، هەم قىسقا، هەم ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۆز قابىلىيىتىدىن باشقا قولىدىن بىر نەرسە كەلمەيدۇ. ماڭا كەلگەن قايغۇ ۋە قورقۇنچلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆتكەن زامانغىمۇ، كېلىدىغان زامانغىمۇ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۆتكەن ۋە كېلەچەك زامانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئارزۇ ۋە قايغۇلىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ ئالتە تەرەپتىن كەلگەن دەهشەت، قورقۇنچ، قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە تىترەپ تۇرغاندا، بىردىنلا قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىڭ ساماسىدا پارلىغان ئىمان نۇرلىرى ياردەمگە كەلدى.

---

*جۇزئى ئىختىيارى : ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن ئاز بىر ئارزۇ ئەركىنلىكى.

ئۇ ئالتە تەرەپنى شۇنداق نۇرلاندۇرۇپ پارلاتتىكى، مەن كۆرگەن ئۇ قورقۇنچلار، قاراڭغۇلۇقلار يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئۇ نۇر ھەممىسىگە يېتەرلىك بولاتتى. بۇ نۇر پۈتۈن ئۇ دەھشەتلەرنى بىر - بىرلەپ تەسەللىگە ۋە قورقۇنچلارنى بىر - بىرلەپ دوستانە ھالەتكە ئايلاندۇردى. يەنى:

ئىمان، ئۆتكەن زاماننىڭ ئۇ قورقۇنچلۇق چوڭ مازارىستان قىياپىتىدىكى سۈرىتىنى يىرتىپ، نۇرانى دوست - يېقىنلارنىڭ يىغىلغان يېرى ئىكەنلىكىنى ئەينەلىيەقىن، ھەققەلىيەقىن* ھالدا كۆرسەتتى.

ئىمان، غەپلەت نەزىرى بىلەن چوڭ بىر گۆر-سۈرىتىدە كۆرۈلگەن كېلەچەك زامانىنى ھەشەمەتلىك سائادەت سارايلىرىدىكى بىر زىياپەتكە توپلىنىش ئىكەنلىكىنى ئىلمەلىيەقىن ھالدا كۆرسەتتى.

ئىمان، ئۆمۈر دەرىخىنىڭ بېشىدىكى مېۋىسىنىڭ غەپلەت نەزىرى بويىچە كۆرۈنگىنىدەك جىنازە بولمىغانلىقىنى، بەلكى ئەبەدى ھاياتقا ئىگە بولىدىغان ۋە ئەبەدى بىر سائادەتكە نامزات بولغان روھىمنىڭ، كونىراپ كەتكەن ئۇۋىسىدىن يۇلتۇزلارغا ساياھەتكە چىققانلىقىنى ئىلمەلىيەقىن ھالدا كۆرسەتتى.

---

*ھەققەلىيەقىن : ئەڭ ئۇچۇق بىر سۈرەتتە ھەقىقەتنى كۆرۈپ ياشاش ھالىتى.

ئىمان، مېنىڭ سۆڭەك توپىلىرىم بىلەن دەسلەپكى يارىتىلىش توپىلىرىمنىڭ پۇتلار ئاستىدا خار ھالدا ئېزىلىۋاتقان سۆڭەكلەر ئەمەس، بەلكى ئۇ توپراق، شەپقەت ئىشىكى ۋە جەننەت سارىيىنىڭ بىر پەردىسى ئىكەنلىكىنى ئىمان سىرى ئارقىلىق كۆرسەتتى.

ئىمان، غەپلەت نەزىرى بىلەن كۆرۈنگەن ئارقا تەرىپىمدىكى يوقلۇق قاراڭغۇلۇقلىرىدا يۇمىلىنىپ كېتىپ بارغان دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى، ۋەزىپىسى تۈگىگەن، مەنىسىنى ئىپادىلەپ بولغان، نەتىجىلىرىنى بارلىققا قويۇپ قويغان ئىلاھى خەتلەر ۋە نەقىش بەتلىرى ئىكەنلىكىنى قۇرئان سىرى ئارقىلىق كۆرسەتتى. دۇنيا ماھىيىتىنىڭ نىمىلىگىنى ئىلمەلىيەقىن ھالدا بىلدۈردى.

ئىمان، ئالدى تەرىپىمدە كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىغان گۆرنى ۋە ئۇ گۆرنىڭ ئارقىسىدا ئەبەدۇل ئەبەد تەرىپىمگە ئۇزانغان چوڭ يولنى قۇرئان نۇرى ئارقىلىق كۆرسەتتىكى، ئۇ گۆر، ئازگال ئاغزى ئەمەس، بەلكى نۇر ئالىمىنىڭ ئىشىكىدۇر. ئۇ يول بولسا، يوقلىش ۋە يوقلۇققا ئەمەس، بەلكى بارلىققا، نۇرغا، ئەبەدى سائادەتكە ئۇزانغان يول ئىكەنلىگىنى ھەققى قانائەت بېرىدىغان دەرىجىدە كۆرسەتكەنلىكتىن دەرتلىرىمگە ھەم دەرمان، ھەم شىپا بولدى.

ئىمان، ئۇ چەكسىز دۇشمەن ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى قولىدا ناھايىتى ئاز بىر قابىلىيىتى بولغان كىچىككىنە جۇزئى ئىختىيارى ئورنىغا، چەكسىز بىر قۇدرەتكە تايىنىش ۋە چەكسىز بىر مەرھەمەتكە باغلىنىش ئۈچۈن، ئۇ جۇزئى ئىختىيارىنىڭ قولىغا بىر كىنىشكە بېرىدۇ. بەلكى ئىمان ئۆزى، ئۇ جۇزئى ئىختىيارىنىڭ قولىدا بىر كىنىشكە بولىدۇ.

گەرچە ئۇ جۇزئى ئىختىيارىدىن ئىبارەت بولغان ئۇ ئىنسانى قورال، ھەم قىسقا، ھەم ئاجىز، ھەم ئۇقسانىدۇر. بىراق، خۇددى بىر ئەسكەر كىچىككىنە قۇۋۋىتىنى دۆلەت نامىغا قوللانغان ۋاقىتتا، ئۆز قۇۋۋىتىدىن مىڭلىغان ھەسسە چوڭ ئىشلارنى كۆرگىنىدەك، ئۇ جۇزئى ئىختىيارىمۇ ئىمان سىرى بىلەن ئاللاھ نامىغا ۋە ئۇنىڭ يولىدا قوللىنىلسا، بەش يۈز يىللىق كەڭلىكتە بىر جەننەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىمان، ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان زامانلارغا ئۆتەلمىگەن ئۇ جۇزئى ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى جىسمىنىڭ قولىدىن ئېلىپ قەلب ۋە روھقا تاپشۇرىدۇ. روھ ۋە قەلبنىڭ ھايات دائىرىسى، جىسىمغا ئوخشاش ھازىرقى زامانغىلا تەئەللۇق بولمىغانلىقتىن، كۆپلىگەن يىللار ئۆتكەن زاماندىن، كۆپلىگەن يىللار كېلەچەك زاماندىن ئۇلارنىڭ ھايات دائىرىلىرىگە كىرەلىگەنلىكىدىن ئۇ جۇزئى ئىختىيارى كىچىكلىكتىن چىقىپ، ئۇمۇمىيلىقا ئېرىشىدۇ. ئۆتكەن زاماننىڭ ئەڭ چوڭقۇر دەريالىرىغا ئىمان قۇۋۋىتى ئارقىلىق كىرەلىگىنىدەك ۋە قايغۇ ۋە قاراڭغۇلۇقلىرىنى يوقىتالىغىنىدەك، ئىمان نۇرى ئارقىلىق كېلەچەك زاماننىڭ ئەڭ ئۇزاق تاغلىرىغا قەدەر چىقالايدۇ ۋە قورقۇنچلىرىنى يوقىتالايدۇ. ئەي مېنىڭدەك قېرىلىق مۇشەققىتىنى تارتقان قېرىلار! ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدىن ۋە ئىماندا بۇ قەدەر نۇرلۇق، لەززەتلىك، يېقىملىق، شېرىن خەزىنىلەر بولغانلىقىدىن، ھەمدە قېرىلىقىمىز بىزنى بۇ خەزىنىنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ كۆپ ئىتتىرىۋاتقانلىقىدىن، ئەلبەتتە، ئىمانلىق قېرىلىقتىن شىكايەت ئەمەس، بەلكى شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك.

«مۇھ رىسالىسى» دىن

# ئالتىنچى مەسىلە

(رىسالەئى نۇرنىڭ كۆپ يەرلىرىدە ئىزاھلىرى ۋە ئوچۇق دەلىللىرى بولغان «ئاللاھقا ئىمان» ئاساسىنىڭ مىڭلارچە ئۇمۇمىي دەلىللىرىدىن بىر دەلىلگە قىسقىچە ئىشارەتتۇر)

كاستامونۇ شەھرىدە بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىمغا كېلىپ: «بىزگە ياراتقۇچىمىزنى تونۇت، مۇئەللىملىرىمىز ئاللاھ ھەققىدە بىر نەرسە سۆزلەپ بەرمەيدۇ.» دېيىشتى. مەنمۇ دېدىمكى: سىلەر ئوقۇغان ھەر بىر پەن ئۆزىگە مەخسۇس تىللىرى بىلەن داۋاملىق ئاللاھ ھەققىدە ئېيتىپ، ئۇنى تونۇتىدۇ. مۇئەللىملەرنى ئەمەس، ئۇلارغا قۇلاق سېلىڭلار.

مەسىلەن: مۇكەممەل بىر دورىخانىدا تۈرلۈك قۇتىلاردا ئاجايىپ ۋە ئىنچىكە ئۆلچەملەر بىلەن ئېلىنغان دورىلار بار بولسا، بۇ شۈبھىسىز ھالدا، ئىنتايىن ماھارەتلىك ۋە بىلىملىك بىر دورىگەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، يەرشارى دورىخانىسىدا تۆت يۈز مىڭ تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات قۇتىلىرىغا قويۇلغان ھاياتدار دورىلار ۋە ئېلېمېنتلەر نەزەرگە ئېلىنسا، ۋە ئۇ كوچىدىكى دورىخانىدىن قانچىلىك مۇكەممەل ۋە چوڭ بولسا، ئۇ نىسبەتتە، سىلەر ئوقۇغان مېدىتسىنا ئىلمى ئۆلچىمى بويىچە، يەرشارى دورىخانىسىنىڭ دورىگىرى بولغان ھەكىمى زۇلجالال* بولغان ئاللاھنى ھەتتا كور كۆزلەرگىمۇ

كۆرسىتىدۇ، تونىتىدۇ.

يەنە مەسىلەن: بىر ھەيران قالارلىق فابرىكا بولۇپ، خىلمۇ - خىل مىڭلارچە رەختلەرنى ئاددى بىر ماددىدىن ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ بىر فابرىكا ئىگىسىنى ۋە ماھارەتلىك بىر ئىنژېنىرنى تونىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، يەرشارى دېيىلگەن، يۈزمىڭلارچە بىشى بولغان، ھەر بىشىدا يۈزمىڭلارچە فابرىكا بولغان بۇ ھەرىكەتتىكى ئىلاھى زاۋۇت، ئۇ ئىنسان فابرىكىسىدىن قانچىلىك چوڭ ۋە مۇكەممەل بولسا، سىلەر ئۇقۇۋاتقان ئىنژېنېرلىق ئىلمى بويىچە، ئۇ نىسبەتتە يەرشارىنىڭ ئۇستىسىنى ۋە ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە تونۇتتۇرىدۇ.

يەنە مەسىلەن: ئىنتايىن مۇكەممەل مىڭلارچە رىزىق تۈرلىرى بەكمۇ تەرتىپلىك ھالدا ئىچىدە تىزىلغان ئىسكىلات ۋە ئاش ئامبىرى ياكى ئوزۇق - تۈلۈك ماگىزىنى بولسا، شۈبھىسىزكى ئۇ ئوزۇق - تۈلۈكلەرنىڭ مالىكىنى، ئىگىسىنى ۋە خوجايىنىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر يىلدا يىگىرمە تۆت مىڭ يىللىق بىر دائىرىدە، پەۋقۇلئادە تىز ۋە تەرتىپلىك ھالدا ساياھەت قىلغان ھەمدە يۈزمىڭلارچە باشقا - باشقا رىزىققا مۇھتاج تائىپىلەرنى ئۇستىگە ئىلىپ، ئۇ ساياھىتى بىلەن پەسىللەر بىلەن ئۇچرىشىپ، باھار پەسلىنى بىر چوڭ ۋاگوندەك مىڭلارچە خىلمۇ -

---

*ھەكىمى زۇلجالال : ھەر ئىشىدا چەكسىز ھىكمەت (يەنى دانىشمەنلىك) بولغان ۋە چەكسىز ھەيۋەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ.

خىل ئاماقلار بىلەن تولدۇرۇپ، قىشتا رىزقى تۈگىگەن بىچارە جانلىقلارغا تارقاتقان يەرشارى دەپ ئاتالغان شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ بۇ رىزىق ئامبىرى ۋە كىمسى، مىڭ بىر تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەر، ماللار ۋە كونسىرۋا قۇتىلىرى ئىچىدە بولغان بۇ ئىسكىلاتى ۋە ماگىزىنى، ئۇ ئىنسانىڭ رىزىق ئامبىرى ۋە ئىسكىلاتلىرىدىن قانچىلىك چوڭ ۋە مۇكەممەل بولسا؛ بىلەر ئوقۇغان ۋە ئوقۇيدىغان تەمىنات ئىلمى نەزىرى بويىچە، ئۇ نىسبەتتە بەكمۇ روشەن ھالدا يەر شارى ئىسكىلاتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە ئىگىسى بىلدۈرىدۇ، تونىتىدۇ ۋە سۆيدۈرىدۇ.

يەنە مەسىلەن: تۆت يۈزمىڭ مىللەت ئىچىدە بولغان بىر ئارمىيە بولسا، ئۇلارنىڭ (ھەر مىللەتنىڭ) خالىغان رىزقى باشقا، قوللىنىدىغان قورالى باشقا، كىيگەن كىيىمى باشقا، مەشىق ئىلىملىرى باشقا، ئارمىيەدىن بوشىنىش ۋاقىتلىرى باشقا بولسا، ئۇ ئارمىيىنىڭ ھەيران قالارلىق بىر قوماندانى ئۆزى يالغۇز ئۇ باشقا ـ باشقا مىللەتلەرنىڭ باشقا ـ باشقا رىزىقلىرىنى، باشقا ـ باشقا قوراللىرىنى، كىيىملىرىنى... ھىچ بىرىنى ئۇنۇتماستىن، ئاداشماستىن يەتكۈزۈپ تۇرسا، ئەنە شۇنداق بىر ئارمىيە، ئەلبەتتە ۋە شۈبھىسىز ھالدا، ئۇ قوماندانىنىڭ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە تەقدىر بىلەن سۆيدۈرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، زېمىن يۈزى ئارمىيىسىدە جۈملىدىن ھەر باھاردا يېڭىدىن ئەسكەرلىككە كەلگەن يېڭى بىر ئىلاھى ئارمىيەدە، تۆت يۈز مىڭ تۈرلۈك ئۇمسۇملۇك ۋە ھايۋانات مىللەتلىرىنى، باشقا ـ باشقا كىيىم، رىزىق، قوراللار بىلەن

تەمىنلەش، ماھارەت ئۆگىتىش ۋە ۋەزىپىسىدىن بوشىتىش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە تەرتىپلىك ھالدا، ھېچ بىرىنى ئۇنۇتماستىن، ئاداشماستىن ئىجرائىيەت يۈرگۈزگەن يالغۇز بىر ئۇلۇغ قوماندانىنىڭ ئەمرى ئاستىدىكى باھار ئارمىيىسى، ئۇ ئىنسانى ئارمىيەدىن قانچىلىك چوڭ ۋە مۇكەممەل بولسا، سىلەر ئوقۇيدىغان ئەسكەرلىك ئىلمى بويىچە، ئۇ نىسبەتتە، دىققەتلىك ۋە ئەقلى بىشىدا بولغانلارغا يەرشارىنىڭ ھاكىمىنى، رابىنى، باشقۇرغۇچىسىنى ۋە مۇقەددەس قوماندانىنى ھەيرانلىق ۋە تەقدىرلەر بىلەن بىلدۈرىدۇ، ھەمدە ھەمدۇ - سانالار بىلەن سۆيدۈرىدۇ.

يەنە مەسلەن: ئاجايىپ بىر شەھەردە، مىليونلىغان ئېلېكتىر چىراقلىرى ھەر يەرنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلسا ۋە يېقىلغۇ ماددىلىرى تۈگىمىسە، ئۇ ئېلېكتىر چىراقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فابرىكىسى شۈبھىسىز ۋە روشەن ھالدا، ئۇ ئېلېكتىر سىستېمىلىرىنى باشقۇرغان، ئايلىنىپ تۇرىدىغان چىراقلارنى قوراشتۇرغان، فابرىكىسىنى قۇرۇپ چىققان، ھەمدە يېقىلغۇ ماددىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ھەيران قالارلىق بىر ئۇستىنى ۋە ئىقتىدارى پەۋقۇلئادە بىر ئېلېكترىكچىنى ھەيرانلىق ۋە تەبرىكلەر بىلەن تونۇتىدۇ، ھۆرمەت بىلەن سۆيدۈرىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ ئالەم شەھرىدە دۇنيا سارىيىنىڭ تورۇسلىرىغا ئېسىلغان يۇلتۇز چىراقلىرىنىڭ بىر قىسمى — ئاسترونومىيەنىڭ دىگىنى بويىچە — يەرشارىدىن مىڭ ھەسسە چوڭ ۋە زەمبىرەك ئوقىغا قارىغاندا يەتمىش ھەسسە تېز ھەرىكەت قىلىسمۇ، تەرتىپىنى بۇزماستىن، بىر - بىرىگە سوقۇلمايدۇ، ئۆچمەيدۇ، يېقىلغۇ ماددىلىرى تۈگىمەيدۇ. سىلەر

ئوقىغان ئاسترونومىيەنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يەرشارىدىن بىر مىليون ھەسسىدىن كۆپرەك چوڭ بولغان ۋە بىر مىليون يىلدىن كۆپرەك ياشىغان ھەمدە بۇ ئىلاھى مېھمانخانىدا بىر چىراق ۋە مەش ۋەزىپىسىنى كۆرگەن قۇياشنىڭ ئۆچمەي كۆيۈپ تۇرىشى ئۈچۈن، ھەر كۈن يەرشارىنىڭ دېڭىزلىرىچىلىك بېنزىن، تاغلىرىچىلىك كۆمۈر ياكى مىڭ يەرشارىچىلىك ئوتۇن لازىم بولىدۇ. ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەك يوغان يۇلتۇزلارنى بېنزىنسىز، ئوتۇنسىز، كۆمۈرسىز ياققان، ئۆچۈرۈپ قويمىغان، ھەممىسنى بىللە تىزلىك بىلەن ئايلاندۇرغان ۋە بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ قويمىغان چەكسىز بىر قۇدرەتنى ۋە سەلتەنەتنى نۇر بارماقلىرى بىلەن كۆرسەتكەن بۇ ھەشەمەتلىك ئالەم شەھرىدىكى دۇنيا سارىيىنىڭ ئېلېكتىر چىراقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلىشىنى كۆر. ھەمدە بۇ يۇقۇرىدىكى مىسالدىن قانچە چوڭ ۋە مۇكەممەل بولسا، سىلەر ئوقۇغان ياكى ئوقۇيدىغان ئېلېكتىر ئىلمىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە، شۇنچە پەرق بىلەن بۇ كائىنات شەھرىنىڭ سۇلتانىنى، نۇرلاندۇرغۇچىسىنى، باشقۇرغۇچىسىنى، ياراتقۇچىسىنى ئۇ نۇرانى يۇلتۇزلارنى دەلىل كۆرسىتىپ تونىتىدۇ، مەدھىلەش ۋە ئۇلۇغلاشلار بىلەن سۆيدۇرىدۇ.

يەنە مەسىلەن: شۇنداق بىر كىتاپكى، ھەر بىر قۇرى ئۈستىدە بىر كىتاپ كىچىك ھەرپ بىلەن يېزىلغان، ھەر بىر سۆزىدە ئىنچىكە ھەرپ بىلەن بىر قۇرئان سۈرىسى يېزىلغان ھەمدە بەكمۇ مەنىدار ۋە پۈتۈن مەسىلىلىرى بىر ـ بىرىگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، شۇنداقلا يازغۇچىسىنىڭ پەۋقۇلئادە ماھارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بىر

ئاجايىپ كىتاپ بولسا، شۈبھىسىزكى، كۈندۈزدەك ئوچۇق ھالدا ئاپتورىنى پۈتۈن كامالەتلىرى ۋە ھۈنەرلىرى بىلەن بىللە بىلدۈرىدۇ ۋە تونىتىدۇ.

«ماشائاللاھ*، بارەكاللاھ» لار بىلەن تەقدىرلەيدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ ناھايىتى چوڭ بولغان كائىنات كىتابىكى، بىرلا بىتى بولغان زېمىن يۈزىدە ۋە ئۇنىڭ بىرلا قىسمى بولغان باھاردا، ئۈچيۈزمىڭ باشقا - باشقا كىتاپلار ھۆكمىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات تائىپىلىرىنى بىرلىكتە، بىر - بىرى ئىچىدە، خاتاسىز ھالدا، ئارىلاشتۇرماستىن، ئاداشماستىن مۇكەممەل تەرتىپلىك تۈردە ۋە بەزىدە دەرەختەك بىر سۆزدە بىر شىئىر يازغان، ئۇرۇقتەك بىر چېكىتتە بىر كىتاپنىڭ تولۇق پروگراممىسىنى يازغان بىر قەلەمنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرىۋاتىمىز. مانا بۇ ئاجايىپ مەنىدار ۋە ھەر سۆزىدە كۆپلىگەن ھىكمەتلەر بولغان شۇ كائىنات كىتابى ۋە بۇ جىسىم ھالىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئالەم قۇرئانى، ئۇ مىسالدىكى كىتاپتىن قانچىلىك چوڭ، مۇكەممەل ۋە مەنىدار بولسا، سىلەر ئوقۇغان پەلسەپە ۋە ئوقۇش - يېزىش ئىلىملىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە دۇربۇندەك كۆزلىرى بويىچە، شۇنچىلىك دەرىجىدە بۇ ئالەم كىتابىنىڭ ئويىمچىسىنى چەكسىز كامالەتلىرى بىلەن بىرگە تونىتىدۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» جۈملىسى بىلەن بىلدۈرىدۇ.

---

*ماشائاللاھ : ئاللاھنىڭ خالىغىنىدەك. (ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلسۇن، مەنىسىدىكى دۇئادۇر)

«سۇبھاناللاھ»** سۆزى بىلەن ئۇلۇغلايدۇ. «ئەلھەمدۇلىللاھ» ھەمدۇ - ساناسى بىلەن سۆيدۈرىدۇ.

مانا بۇ پەنلەرگە سىڭىشتۈرۈپ كۆرسەتكىلى بولىدۇكى، يۈزلىگەن پەنلەردىن ھەربىرى كەڭرى ئۆلچەملىرى، خۇسۇسى ئەينىكى، دۇربۇندەك كۆزلىرى ۋە ئىبرەتلىك نەزەرلىرى ئارقىلىق بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە بىلدۈرىدۇ، سۈپەتلىرى ۋە كامالەتلىرىنى تونىتىدۇ.

قۇرئانى مۆجىزۇلبايان مانا بۇ ئۇلۇغ ۋە پارلاق بولغان تەۋھىد*** دەلىلىنى دەرس بىرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن تەكرارلار بىلەن ئەڭ كۆپ

رَبُّ السَّمٰوَاتِ وَ الْاَرْضِ خَلَقَ السَّموَاتِ وَالْاَرْضَ

ئايەتلىرى بىلەن

ياراتقۇچىمىزنى بىزگە تونىتىدۇ، دەپ ئۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بەردىم. ئۇلارمۇ تامامەن قوبۇل ۋە تەستىق قىلىشىپ: «ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر، ھەقىقەتەن مۇقەددەس، دەل ھەقىقەت بولغان بىر دەرس ئالدۇق. ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن» دىيىشتى.

مەنمۇ دىدىمكى:

ئىنسان مىڭلارچە تۈرلۈك ئەلەملەر بىلەن قايىغۇ كۆرىدىغان، مىڭلارچە خىل لەززەتلەر بىلەن راھەتلىنىدىغان بىر جانلىق ئاپاراتتۇر.

---

**سۇبھاناللاھ: ئاللاھنىڭ ئۆزىدە، ئىش ۋە سۈپەتلىرىدە پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن پاكلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

***تەۋھىد : ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش.

ھەمدە ئىنتايىن ئاجىزلىقى بىلەن بىللە، چەكسىز ماددى ۋە مەنىۋى دۈشمەنلىرى بولغان، ئىنتايىن ھاجەتمەنلىكى بىلەن بىللە چەكسىزلىگەن ئىچكى - سىرتقى ئېھتىياجلىرى بولغان، شۇنداقلا داۋاملىق يوقىتىش ۋە ئايرىلىش كاچاتلىرىنى يىگەن بىر بىچارە مەخلۇقتۇر. ئەگەر ئىمان ۋە ئىبادەت ئارقىلىق ئەنە شۇنداق بىر پادىشاھىمىز بولغان ئاللاھقا باغلانسا، پۈتۈن دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر تايانچ كۈچ ۋە پۈتۈن مۇھتاجلىرى ئۈچۈن بىر ياردەمچى كۈچ تاپىدۇ. ھەر كىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان خوجايىنىنىڭ شەرەپ ۋە دەرىجىلىرى ئارقىلىق ئىپتىخارلانغاندەك، ئۆمۈ ئەنە شۇنداق چەكسىز قادىر ۋە رەھىم بولغان بىر پادىشاھقا ئىمان بىلەن باغلانسا ۋە ئىبادەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە كىرسە، ھەمدە ئەجەلنىڭ «ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش» ئىلانىنى ئۆزى ئۈچۈن ۋەزىپىدىن بوشىنىش كىنىشكىسىگە ئايلاندۇرسا، قانچىلىك دەرىجىدە مەمنۇن ۋە مىننەتدار بولىدىغانلىقىنى، قانچىلىك دەرىجىدە شۈكۈرلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار.

ئۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دېگىنىمدەك تۆرمە پالكەتچىلىكىگە دۇچار بولغان مەھبۇسلارغا تەكرار دەيمەنكى:

ئۇنى (ئاللاھنى) تونىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان زىنداندا بولسىمۇ بەختىياردۇر، ئۇنى ئۇنۇتقان سارايلاردا بولسىمۇ زىنداندىدۇر، بەختسىزدۇر. ھەتتا بىر بەختىيار مەزلۇم (زۇلۇمغا ئۇچرىغان)، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىۋاتقاندا، بەدبەخت زالىملارغا دېگەنىكەن: «مەن ئۆلتۈرۈلمەيۋاتىمەن، بەلكى ۋەزىپىدىن بوشىنىش

بىلەن مەڭگۈلۈك ساائادەتكە كىتىۋاتىمەن. بىراق مەن سىلەرنى ئەبەدى يوق بولۇشقا مەھكۇم، دەپ بىلگەنلىگىمدىن سىلەردىن دەل ئىنتىقامىمنى ئىلىۋاتىمەن، لا ئىلاھە ئىللاللاھ» دەپ، خوشال هالدا جان ئۈزىدۇ. سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا اِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

ئونىنچى سۆزنىڭ مۇھىم بىر داۋامى ۋە قوشۇمچىسىنىڭ بىرىنچى پارچىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ فَسُبْحَانَ اللّٰهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ
تُصْبِحُونَ ۝ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ ۝
يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْاَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَ
كَذٰلِكَ تُخْرَجُونَ ۝ وَمِنْ اٰيَاتِهِ اَنْ خَلَقَكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ اِذَا
اَنْتُمْ بَشَرٌ تَنْتَشِرُونَ ۝ وَمِنْ اٰيَاتِهِ اَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ اَنْفُسِكُمْ
اَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا اِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً اِنَّ فِي ذٰلِكَ
لَاٰيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ۝ وَمِنْ اٰيَاتِهِ خَلْقُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ
وَاخْتِلَافُ اَلْسِنَتِكُمْ وَاَلْوَانِكُمْ اِنَّ فِي ذٰلِكَ لَاٰيَاتٍ لِلْعَالِمِينَ ۝ وَمِنْ اٰيَاتِهِ
مَنَامُكُمْ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَابْتِغَاؤُكُمْ مِنْ فَضْلِهِ اِنَّ فِي ذٰلِكَ لَاٰيَاتٍ لِقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ۝
وَمِنْ اٰيَاتِهِ يُرِيكُمُ الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً
فَيُحْيِي بِهِ الْاَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا اِنَّ فِي ذٰلِكَ لَاٰيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ۝
وَمِنْ اٰيَاتِهِ اَنْ تَقُومَ السَّمَاءُ وَالْاَرْضُ بِاَمْرِهِ ثُمَّ اِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِنَ الْاَرْضِ
اِذَا اَنْتُمْ تَخْرُجُونَ ۝ وَلَهُ مَنْ فِي السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ كُلٌّ لَهُ قَانِتُونَ ۝
وَهُوَ الَّذِي يَبْدَؤُا الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ اَهْوَنُ عَلَيْهِ وَلَهُ الْمَثَلُ الْاَعْلٰى
فِي السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۝

ئىمان دەرىجىلىرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ ساماۋى ئايەتلەرنىڭ ۋە هاشىرنى ئىسپات قىلغان شۇ مۇقەددەس دەلىللەرنىڭ يۈكسەك بىر هىكمىتى ۋە چوڭ بىر دەلىلى بۇ «توققۇزىنچى شۇئا» دا بايان قىلىندۇ.

ئاللاھنىڭ شىرىن بىر ئىنايىتىدۇركى، بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن كونا سەئىد يازغان ـ تەفسىر مۇقەددىمىسى بولغان ـ «مۇھاكەمات» نامىدىكى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا:

ئىككىنچى مەقسەت: قۇرئاندىكى ھاشىرغا ئىشارەت قىلغان ئىككى ئايەت تەفسىر ۋە بايان قىلىنىدۇ.

دەپ توختاپ نحو بِسمِ اللهِ الرَّحمنِ الرَّحيمِ

قالغان. داۋامى يېزىلمىغان ئىدى. شەپقەتلىك ئاللاھقا ھاشىرنىڭ دەلىل ۋە ئىشارەتلىرى سانىچە شۈكۈر ۋە ھەمدۇ ـ سانا بولسۇنكى، ئوتتۇز يىل كېيىن مۇۋەپپىقىيەت ئېھسان قىلدى. بۇنىڭدىن توققۇز ـ ئون يىل بۇرۇن ئۇ ئايەتنىڭ بىرىنچىسى بولغان:

فَانْظُرْ اِلَى آثَارِ رَحْمَةِ اللهِ كَيفَ يُحْيِي الْاَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا

اِنَّ ذلِكَ لَمُحيِي الْمَوْتَى وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

ئىلاھى پەرمانىنىڭ ئىككى پارلاق ۋە ناھايىتى قۇۋۋەتلىك دەلىل ۋە تەفسىرلىرى بولغان «ئونىنچى سۆز» ۋە «يىگىرمە توققۇزىنچى سۆز» لەرنى ئىنئام قىلدى ۋە ئىنكارچى كاپىرلارنى بىسىقتۇردى. ھەمدە «ئاخىرەتكە ئىمان» ئاساسىنىڭ ھۇجۇم قىلىنماس ئۇ ئىككى مۇستەھكەم قەلئەسىدىن ئىككىنچى ئايەت بولغان يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۇلۇغ ئايەتنىڭ تەفسىرىنى بۇ رىسالە بىلەن ئېھسان قىلدى. مانا بۇ «توققۇزىنچى شۇئا» مەزكۇر ئايەتلىرى بىلەن ئىشارەت قىلغان «توققۇز ئالى ماقام» ۋە بىر ئەھمىيەتلىك «مۇقەددىمە» دىن ئىبارەتتۇر.

---

*ھاشىر : قىيامەتتىن كېيىن ئۆلگەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشى.

# مۇقەددىمە

ھاشىر ئەقىدىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ رۇھانى پايدىلىرىدىن ۋە ھاياتى نەتىجىلىرىدىن بىرلا ئۇمۇمىي نەتىجىنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلىپ، ئىنسانىيەت ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئىجتىمائى ھاياتتا قانچىلىك مۇھىم ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان، ھەمدە بۇ «ھاشىرىگە ئىمان» ئەقىدىسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ دەلىللىرىدىن بىرلا ئۇمۇمىي دەلىلنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇ ئەقىدىنىڭ قانچىلىك ئۇچۇق ۋە شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان «ئىككى نوقتا» دۇر.

بىرىنچى نوقتا : ئاخىرەت ئەقىدىسى ئىنسانىيەتتىكى ئىجتىمائى ۋە شەخسى ھاياتىنىڭ ئاساسى ئۇلى ۋە
بەخت ـ سائادەت ۋە تەكەممۇللىشىشىنىڭ ئاساسلىرى ئىكەنلىكىنىڭ يۈزلەرچە دەلىللىرىدىن بىر ئۆلچەم تۈرىدە پەقەت تۆرتىگە ئىشارەت قىلىمىز.

بىرىنچى : ئىنسانىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلغان باللار، پەقەت جەننەت پىكرى ئارقىلىق، قورقۇشلىرىغا ۋە يىغلىرىغا سەۋەپ بولغان ئۆلۈم ۋە ۋاپاتلارغا قارشى تاقابىل تۇرالايدۇ. ناھايىتى ئاجىز ۋە نازۇك جىسمىدا بىر مەنىۋى كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. ھەر نەرسىدىن يىغلىغۇدەك دەرىجىدە چىدامسىز بولغان رۇھانى تەبىئىتىدە ئۇ جەننەت پىكرى ئارقىلىق بىر ئۈمىتكە ئىرىشىپ، خوشال كەيپىيات بىلەن ياشىيالايدۇ. مەسىلەن: جەننەت پىكرى بىلەن دەيدۇ : «مىنىڭ ئۇكام

ياكى دوستۇم ئۆلۈپ كەتتى. جەننەتنىڭ بىر قۇشى بولدى، جەننەتتە سەيلە قىلىدۇ، بىزدىن تېخىمۇ ياخشىراق ياشايدۇ؛ ئەگەر بۇ پىكىر بولمىسا ئەتراپتىكى ئۆزىدەك بالىلارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىدىكى ئۆلۈملىرىنىڭ ئۇ ئاجىز بىچارىلەرنىڭ ئەندىشىلىك نەزەرلىرىگە چېلىقىشى بىلەن بەرداشلىق بېرىش كۈچى ۋە مەنىۋى قۇۋۋەتلىرى پىتچىت بولۇپ، كۆزلىرى بىلەن بىللە روھ، قەلب ۋە ئەقىلدەك بارلىق سېزىملىرىمۇ يىغلايتتى. يا تۈگىشىپ كېتەتتى ياكى ئەخمەق بىر بەختسىز ھايۋاندەك بولۇپ كېتەتتى...

ئىككىنچى دەلىل: ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان ياشانغانلار، پەقەت ئاخىرەتلىك ھايات پىكرى ئارقىلىق يېقىنلاۋاتقان قەبرىگە قارشى بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ھەمدە كۆپ ئالاقىدار بولغان ھاياتلىرىنىڭ يېقىندا ئۆچۈشىگە ۋە سۆيگەن دۇنيالىرىنىڭ ئىشىكى يېپىلىشىغا قارشى بىر تەسەللى تاپالايدۇ. شۇنداقلا كىچىك بالىدەك بولۇپ قالغان نازۇك روھلىرىدا ۋە مىجەزلىرىدە ئۆلۈم ۋە ئايرىلىشتىن پەيدا بولغان قايغۇلۇق ۋە دەھشەتلىك مەيۇسلۇققا قارشى، پەقەتلا ئەبەدى ھايات ئۈمىدى بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ. بولمىسا ئۇ شەپقەتكە لايىق مۆھتەرەملەر ۋە تىنچلىققا ۋە قەلبى راھەتلىككە بەك مۇھتاج بولغان ئۇ ئەندىشە ئىچىدىكى ئاتا - ئانىلار، شۇنداق بىر روھانى قايغۇ ۋە قەلبى ئازاپ تارتىشاتتىكى، بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن زۇلمەتلىك زىندان، ھاياتمۇ كاساپەتلىك ئازاپ بولاتتى.

ئۈچىنچى دەلىل: ئىنسانىيەت ئىجتىمائى ھاياتىنىڭ تۈۋرىكى بولغان ياشلار، يىگىتلەرنىڭ كونترول قىلىش قىيىن بولغان

ھسسياتلىرىنى، قىزىپ تۇرغان ھاۋايى نەفسلىرىنى چەكتىن ئېشىپ ھەرىكەت قىلىشتىن، زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىققا سەۋەپ بولۇپ قىلىشتىن توختاتقۇچى، ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائى ھاياتنىڭ نورمال داۋام قىلىشنى تەمىنلىگۈچى نەرسە ـ پەقەتلا جەھەننەم پىكرىدۇر. بولمىسا ئەگەردە جەھەننەم پىكرى بولمىغاندا «غالىپ كەلگەننىڭ راست» قائىدىسى بويىچە، ئۇ مەستتەك يىگىتلەر ھەۋەسلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىچارە ۋە ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن دۇنيانى جەھەننەمگە ئايلاندۇراتتى. ئۇلۇغ ئىنسانىيەتنى ناھايىتى پەس بىر ھايۋانلىققا ئۆزگەرتىپ قويغان بولاتتى.

تۆرتىنچى دەلىل: ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياۋى ھاياتىدا ئەڭ ئاساسلىق مەركەز ۋە ئەڭ مۇھىم يادرو بولغان، دۇنياۋى بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن بىر جەننەت، بىر پاناگاھ، بىر مۇھاپىزەتگاھ بولغان نەرسە ـ ئائىلە ھاياتىدۇر. ھەركىمنىڭ ئۆيى بىر كىچىك دۇنياسى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆي ۋە ئائىلە ھاياتىنىڭ ھاياتى ۋە سائادىتى، سەممىمى، ئىشەنچلىك، ۋاپادارانە ھۆرمەت بىلەن، ھەقىقى، شەپقەتلىك ۋە پىداكارلارچە مەرھەمەت بىلەنلا بولالايدۇ. بۇ ھەقىقى ھۆرمەت ۋە سەممىمى مەرھەمەت بار بولسا، ئەبەدى بولغان بىر دوستلۇق پىكرى، دائىمى بولغان بىر يولداشلىق ئىشەنچىسى، مەڭگۈلۈك بولغان بىللە بولۇش چۈشەنچىسى بىلەن، ھەمدە ھىساپسىز بىر زاماندا ۋە چەكسىز بىر ھاياتتا بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئاتىلىق، بالىلىق، تۇققانلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋاملىشىش پىكرى ۋە ئەقىدىسى بىلەن ئۇ ھۆرمەت ۋە مەرھەمەت ھەقىقى بولالايدۇ.

مەسلەن دەيدۇ : «بۇ ئايالىم ئەبەدى بىر ئالەمدە، ئەبەدى بىر ھاياتتا دائىملىق بىر ھايات رەپىقەمدۇر. ھازىر قېرىپ، كۆررۈمسىز بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ زىيىنى يوق. چۈنكى ھامان كىلىدىغان ئەبەدى گۈزەللىكى بار. ئەنە شۇنداق دائىملىق بىر دوستلۇقنىڭ خاتىرى ئۈچۈن ھەرقانداق پىداكارلىق ۋە مەرھەمەتنى ئايىمايمەن.» دەپ، ئۇ ياشانغان ئايالىغا گۈزەل بىر ھۆر قىزغا ئوخشاش مۇھەببەت بىلەن، شەپقەت بىلەن، مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ. بولمىسا قىسقىغىنە بىر - ئىككى سائەتلىك ساختا ھالدىكى بىللە بولۇشتىن كىيىن، ئەبەدى بىر پىراق ۋە ئايرىلىشقا يۈز تۇتقان ئۇنداق يولداشلىق، ئەلبەتتە بەكمۇ ساختا، ۋاقىتلىق، ئاساسسىز، ھايۋانلارچە بىر مۇئامىلە بولۇش بىلەن بىرگە، يالغان بىر مەرھەمەت ۋە ساختا بىر ھۆرمەت بىرىشى مۇمكىن. ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، باشقا مەنپەئەتلەر ۋە باشقا غالىپ كەلگەن ھادىسىلەر، ئۇ ھۆرمەت ۋە مەرھەمەتنى مەغلۇپ قىلىپ دۇنيا جەننىتىنى جەھەننەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

دىمەك، «ھاشىرگە ئىمان» نىڭ يۈزلىگەن نەتىجىسىدىن بىرسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىغا قارايدۇ. بۇ يالغۇز بىرلا نەتىجىنىڭمۇ يۈزلىگەن جەھەتلىرىدىن ۋە پايدىلىرىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت دەلىلگە باشقىلىرى سىلىشتۇرۇلسا، چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ھاشىر ھەقىقىتىنىڭ ئەمىلىشى ۋە بولىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ ھەقىقىتى ۋە ئومۇمى ھاجەتلىرىنىڭ بارلىقى دەرىجىسىدە قەتئىدۇر. بەلكى بۇ، ئىنسان ئاشقازىنىدىكى ئېھتىياجىنىڭ بارلىقى، تاماقلارنىڭ بارلىقىغا دەلىل ۋە گۇۋاھ بولىشىدىن تېخىمۇ ئېنىقتۇر.

ئەگەر بۇ ھاشىر ھەققىتىنىڭ نەتىجىسى ئىنسانىيەتتىن چىقسا، يەنى ھاشىر بولمىسا، ئۇ بەكمۇ ئەھمىيەتلىك، يۈكسەك ۋە ھاياتدار بولغان ئىنسانىيەت ماھىيىتى، مەينەت ۋە مىكروپ ئۇۋىسى بولۇپ كەتكەن سېسىق كۆشتەك بۇزۇلغان بولاتتى. ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيىسى، ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بەكمۇ ئالاقىدار بولغان جەمىيەتشۇناسلار، سىياسىيونلار ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ سەمىدە بولسۇن. قىنى دەپ بىقىشسۇنكى، بۇ بوشلۇقنى نىمە بىلەن تولدۇرىشىدۇ؟ ۋە بۇ چوڭقۇر يارىلارنى نىمە بىلەن ساقايتىشىدۇ؟

ئىككىنچى نۇقتا: ھاشىر ھەققىتىنىڭ چەكسىز دەلىللىرىدىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىمان ئاساسلىرىدىن كەلگەن دەلىللەرنىڭ خۇلاسىلىرىدىن چىققان بىر دەلىلنى ناھايىتى ئىخچام ھالدا بايان قىلىدۇ. يەنى:

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولغان بارلىق مۆجىزىلىرى، بارلىق پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى، ھەققانىيىتىنىڭ بارلىق پاكىتلىرى ھەممىسى بىر بولۇپ، ھاشىر ھەققىتىگە شاھادەت قىلىپ ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى بۇ زاتنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق داۋالىرى، تەۋھىدتىن قالسا، ھاشىردا مەركەزلىشىدۇ. ھەممە بارلىق پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان ۋە قىلدۇرغان بارلىق مۆجىزىلىرى ۋە دەلىللىرى يەنە شۇ ھەققەتكە دەلىل بولىدۇ. شۇنداقلا «ۋەبى رۇسۇلىھى» كەلىمىسىدىن كەلگەن دەلىلنى ئىخمۇ ئايدىڭلاشتۇرغان «ۋەبى كۇتۇبىھى» دەلىلمۇ يەنە شۇ ھەققەتكە دەلىل بولىدۇ.

باشتا قۇرئانى مۆجىزۇلىرىنىڭ ھەقىقانىيىتىنى ئىسپات قىلغان پۈتۈن مۆجىزىلىرى، دەلىللىرى ۋە ھەقىقانىيىتى... ھەممىسى، ھاشىر ھەقىقىتىنىڭ ئەمەلىلىشىگە دەلىل بولۇپ ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ھاشىر ھەقىقىتىدۇر. كۆپىنچە قىسقا سۈرىلەرنىڭ باشلىرىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولغان ھاشىر ئايەتلىرىدۇر. ئوچۇق ۋە ئىشارەتلىك ھالدا مىڭلىغان ئايەتلىرى بىلەن يەنە شۇ ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرىدۇ، ئىسپات قىلىدۇ، كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

اِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ * يَآاَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ اِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ * اِذَا زُلْزِلَتِ الْاَرْضُ زِلْزَالَهَا * اِذَا السَّمَآءُ انْفَطَرَتْ * اِذَا السَّمَآءُ انْشَقَّتْ * عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ * هَلْ اَتَيكَ حَديثُ الْغَاشِيَةِ *

گە ئوخشاش ئوتتۇز ـ قىرىق سۈرىلەرنىڭ باشلىرىدا بەكمۇ ئېنىق ھالدا، ھاشىر ھەقىقىتىنى كائىناتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە زۆرۈرى بىر ھەقىقىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، باشقا ئايەتلەرمۇ ئۇ ھەقىقەتنىڭ خىلمۇ ـ خىل دەلىللىرىنى بايان قىلىپ قانائەت بېرىدۇ. ئەجىبا يالغۇز بىر ئايىتىنىڭ يالغۇز بىر ئىشارىتى كۆز ئالدىمىزدا ئىسلامىيەت ئىلىملىرىدە، خىلمۇ ـ خىل ئىلمى ۋە يارىتىلىش ھەقىقەتلىرىنى مېۋە بەرگەن بىر كىتاپنىڭ شۇنداق مىڭلارچە دەلىللىرى ۋە داۋالىرى ئارقىلىق قۇياشتەك كۆرۈنگەن «ھاشىرگە ئىمان» ھەقىقىتىنى ھەقىقەتسىز كۆرۈش، قۇياشنى، بەلكى كائىناتنى ئىنكار قىلغاندەك بولمامدۇ؟ يۈز ھەسسە مۇمكىنسىز ۋە باتىل ئەمەسمۇ؟ ئەجىبا بىر سۇلتاننىڭ بىر ئىشارىتى ۋە سۆزىنى راست چىقىرىش ئۈچۈن، بەزىدە بىر ئارمىيە ھەرىكەتكە كېلىپ جەڭلەر قىلىنىدۇ ـ يۇ، ئىززەت ـ ئابرويى ئىنتايىن چوڭ بولغان سۇلتاننىڭ مىڭلارچە

سۆزلىرى، ۋەدىلىرى ۋە تەھدىتلىرىنى يالغانغا چىقىرىش ھېچ مۇمكىنمۇ؟ ــ ۋە دىگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتسىز بولىشى مۇمكىنمۇ؟ ــ ئەجىبا ئۇن ئۇچ ئەسىردە داۋاملىق ھالدا چەكسىز رۇھلارغا، ئەقىللەرگە، قەلپلەرگە، نەفسلەرگە ھەق ۋە ھەقىقەت دائىرىسىدە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن، تەربىيەلىگەن، باشقۇرغان شانلىق مەنىۋى سۇلتاننىڭ بىرلا ئىشارىتى ۋە سۆزى، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپات قىلىشقا يېتەرلىك تۇرۇقلۇق، مىڭلارچە ئىزاھاتلار بىلەن بۇ ھاشىر ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ ئىسپات قىلىپ بەرسە، يەنىلا ئۇ ھەقىقەتنى تونىمىغان كالۋا ئەخمەق ئۇچۇن جەھەننەم ئازابى لايىق بولمامدۇ؟ ۋە بۇ ھەققى ئادالەت بولمامدۇ؟

پۈتۈن كىلەچەككە ۋە بارلىق زامانلارغا ھۆكۈمران بولغان قۇرئان، تەپسىلى ئىزاھلار ۋە تەكرارلار ئارقىلىق بايان ۋە ئىسپات قىلغان ھاشىر ھەقىقىتىنى، چەكلىك بىر زامانغا ۋە مۇئەييەن بىر دەۋرگە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ساماۋى بەتلەر ۋە مۇقەددەس كىتاپلارنىڭمۇ ئۆز ئەسىر ۋە زامانلىرىغا يارىشا ئۇ ھەقىقەتنى قەتئى قوبۇل قىلىشى بىلەن بىرلىكتە، تەپسىلاتسىز، پەردىلىك ۋە ئىخچام بىر تۈردە بايان قىلىشى، بىراق قۇۋۋەتلىك بىر تۈردە داۋا ۋە ئىسپات قىلىشى، قۇرئاننىڭ داۋاسىنى مىڭلارچە ئىمزالار بىلەن تەستىق قىلىدۇ.

بۇ تىما مۇناسىۋىتى بىلەن مۇناجات رىسالىسىنىڭ ئاخىرىدا،

**اِيمَانٌ بِالْيَوْمِ الاٰخِرِ**

ئاساسىغا باشقا

ئاساسلارنىڭ، بولۇپمۇ «رۇسۇل» ۋە «كۇتۇب» ئاساسلىرىنىڭ

شاھادىتىنى مۇناجات تەرىقىسىدە زىكىر قىلغان، بەكمۇ قوۋۋەتلىك تۈردە خۇلاسە قىلىنىپ بارلىق گۇمانلارنى يوقىتىپ تاشلايدىغان بىر ھاشىر دەلىلى ئەينەن بۇ يەردە يېزىلىدۇ. يەنى مۇناجاتتا دېيىلگەنكى:

ئەي رەھىملىك رەببىم! رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامنىڭ تەلىمى ۋە قۇرئانى ھەكىمنىڭ دەرسى بىلەن چۈشەندىمكى؛ قۇرئان ۋە رەسۇلى ئەكرەمنىڭ باشلىق پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپلار ۋە پەيغەمبەرلەر، بۇ دۇنيادا ۋە ھەر تەرەپتە كۆرۈنىۋاتقان ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل ئىسىملىرىڭ جىلۋىلىرىنىڭ تىخىمۇ پارلاق بىر شەكىلدە ئەبەدىي داۋاملىشىدىغانلىقىغا شاھادەت، ھەمدە بۇ فانى ئالەمدە شەپقەت جىلۋىلىرى ۋە مىساللىرى كۆرۈنگەن ئېھسانلىرىڭنىڭ تىخىمۇ ئاجايىپ بىر شەكىلدە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت يېرىدە تۇراقلىق ھالدا داۋاملىشىدىغانلىقىغا شاھادەت، شۇنداقلا بۇ قىسقا دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارنى زوقلىنىپ كۆرگەن ۋە مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن ئاشقلارنىڭ ئەبەدى ئالەمدىمۇ بىللە ۋە باراۋەر بولىدىغانلىقىغا ھەممىسى بىرلىكتە شاھادەت ۋە ئىشارەت قىلىشىدۇ.

يۈزلەرچە ئىنىق مۆجىزىلىرى ۋە قەتئى ئايەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، رەسۇلى ئەكرەم ۋە قۇرئانى ھەكىمنىڭ باشلىق پۈتۈن نۇرانى رۇھلارنىڭ ئىگىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر، پۈتۈن مۇنەۋۋەر قەلبلەرنىڭ رەئىسلىرى بولغان ئەۋلىيالار، پۈتۈن چوڭقۇر ۋە نۇرلۇق ئەقىللەرنىڭ بېشى بولغان سىددىقىنلەر*، بارلىق ساماۋى بەتلىرىڭ ۋە مۇقەددەس كىتاپلىرىڭدا سەن كۆپلىگەن تەكرارلار بىلەن قىلغان

مىڭلارچە ۋەدە ۋە تەھدىتلىرىڭگە تايىنىپ تۇرۇپ، سىنىڭ قۇدرەت، رەھمەت (مەرھەمەت)، ئىنايەت، ھېكمەت، ھەيۋەت ۋە گۈزەللىكتەك ئاخىرەتنى كىرەك قىلغان مۇقەددەس سۈپەتلىرىڭگە، كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرىڭگە، ئۇلۇغلۇقۇڭغا ۋە سەلتەنەتىڭگە ئاساسلىنىپ، ھەمدە ئاخىرەتنىڭ شولا ۋە تامچىلىرىنى بىلدۈرگەن چەكسىز كەشىپ** ۋە كۆرۈشلىرىگە، شۇنداقلا ئىلمەلىيەقىن ۋە ئەينەلىيەقىن دەرىجىسىدىكى ئىتقات ۋە ئىمانلىرىغا بىنائەن ئەبەدى سائادەتنى ئىنسانلارغا خەۋەر بېرىشىۋاتىدۇ. زالالەت ئەھلى ئۈچۈن، جەھەننەم ۋە ھىدايەت ئەھلى ئۈچۈن جەننەت بار ئىكەنلىكىنى ئىلان قىلىشىۋاتىدۇ. قۇۋۋەتلىك ئىمان بىلەن شاھادەت بىلدۈرىشىۋاتىدۇ.

ئەي قادىر ۋە ھەكىم بولغان رەببىم! ئەي راھمان ۋە رەھىم! ئەي ۋەدىسىدە سادىق بولغان كەرىم***! ئەي ئۇلۇغلۇق ۋە ھەيۋەت ئىگىسى بولغان قەھھار****!

---

*سىددىقىن : ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ناھايىتى سادىق بولغانلار، ئاللاھ يولىدا ساداقەتتە ئەڭ باشتا بولغانلار.

**كەشىپ : ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن يوشۇرۇن بىر نەرسىنىڭ مەيدانغا چىقىرىلىشى، بىلدۈرىلىشى.

***كەرىم : مەرتلىك، ئىھسان ۋە ئىنايەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ.

****قەھھار : قاتتىق غەزەپ ئىگىسى بولغان ئاللاھ.

بۇنچە سادىق دوستلىرىڭنى، بۇنچە ۋەدىلىرىڭنى ۋە بۇنچە سۆيەت ۋە پائالىيەتلىرىڭنى يالغانغا چىقىرىش، يوققا چىقىرىش، رۇبۇبىيەت *****سەلتەنىتىڭ كىرەك قىلغان ئىنىق ئەمىرلەرنى قىلماسلىق، سەن سۆيگەن ۋە ئۇلارمۇ سىنى تەستىق ۋە ساڭا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ساڭا سۆيدۈرگەن مەقبۇل بولغان چەكسىز قۇللىرىڭنىڭ ئاخىرەتكە قارىغان چەكسىز دۇئالىرىنى ۋە داۋالىرىنى رەت قىلىش، ئاڭلىماسلىق؛ كۇفۇر ۋە ئىسيان بىلەن ۋە ساڭا ۋەدىدە تۇرماسلىق تۆھمىتىنى قىلىش بىلەن سىنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا ئىلىشكەن، ھەمدە شەپقىتىڭنى رەنجىتكەن زالالەت ۋە كۇفۇر ئەھلىلىرىنىڭ يولىنى تەستىق قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ ھاشىرنى ئىنكار قىلىشىدىن يۈزمىڭلارچە ھەسسە مۇقەددەس، چەكسىز ھەسسە

ھەمدە پۈتۈن قۇۋۋىتىمىز بىلەن ئىمان ئىيتىمىزكى، ئۇ يۈزمىڭلىغان سادىق ئەلچىلىرىڭ ۋە سەلتەنىتىڭنىڭ راستچىل دەۋەتچىلىرىڭ بولغان

*****رۇبۇبىيەت : ئاللاھنىڭ ھەر زامان، ھەر يەردە ھەر مەخلۇقاتىغا مۇھتاج نەرسىلىرىنى بىرىپ تەمىنلەش، بېقىش، باشقۇرۇش سۆيىتى.

پاك ۋە ئالىسەن. مۇنداق چەكسىز بىر زۇلۇمدىن ۋە چەكسىز يىرگىنچلىكتىن، ئۇ چەكسىز ئادالىتىڭنى، چەكسىز گۈزەللىكىڭنى، چەكسىز مەرھەمىتىڭنى چەكسىز دەرىجىدە ئۇلۇغلايمىز.

پەيغەمبەرلەر، ئەسفىيالار*، ئەۋلىيالارنىڭ ھەققەلىيەقىن، ئەينەلىيەقىن ۋە ئىلمەلىيەقىن ھالدا، سىنىڭ ئاخىرەتتىكى شەپقەت ۋە ئېھسان خەزىنىلىرىڭگە، شۇنداقلا ئۇ سادىقەت يېرىدە تولۇق كۆرسىنىدىغان ئىسمىلىرىڭنىڭ ئاجايىپ گۈزەل جىلۋىلىرىگە بولغان شاھادەتلىرى ھەق ۋە ھەققەتتۇر، ئىشارەتلىرى توغرا ۋە ئۇيغۇندۇر، بىشارەتلىرى راست ۋە ئەمەلىيەتتۇر. ئۇلار پۈتۈن ھەقىقەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى، قۇياشى ۋە ھامىسى بولغان «ھەق» ئىسمىڭنىڭ ئەڭ چوڭ بىر نۇرى بۇ ئۇلۇغ ھاشىر ھەقىقىتى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، سېنىڭ ئەمرىڭ بىلەن سېنىڭ قۇللىرىڭغا ھەق دائىرىسىدە دەرس بېرىۋاتىدۇ، ھەممىدە مۇتلەق ھەقىقەت شەكلىدە تەلىم بېرىۋاتىدۇ.

يا رەببىم! بۇلارنىڭ دەرس ۋە تەلىملىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن، بىزگە ۋە رىسالەئى نۇر تالىپلىرىغا مۇكەممەل ئىمان ۋە ئىمان بىلەن ئۆلۈشنى نېسىپ قىل، ۋە بىزلەرگە ئۇلارنىڭ شاپائەتلىرىنى ئېھسان ئەيلە، ئامىن... قۇرئاننىڭ، بەلكى پۈتۈن ساماۋى كىتاپلارنىڭ ھەققانىيەتلىرىنى ئىسپات قىلغان بارلىق دەلىللەر ۋە پاكىتلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ؛ بەلكى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپات قىلغان بارلىق مۆجىزىلەر ۋە دەلىللەر، ئۇلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىلىرى بولغان ئاخىرەتنىڭ بارلىقىغىمۇ دەلىلدۇر.

---

*ئەسفىيا : تەقۋالىق ۋە كامالەت ئىگىسى بولۇپ، پەيغەمبەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بولغان ھەقىقەتپەرۋەر زات.

دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ۋاجىبۇل ۋۇجۇد** بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە شاھادەت قىلغان كۆپلىگەن دەلىللەر ۋە پاكىتلار، رۇبۇبىيەت ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك بىر دەرىجىدە كۆرۈنىدىغان ساھادەت ماكانى بولغان ئەبەدى ئالەمنىڭ بارلىقىغا ۋە بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى تۆۋەندە بايان ۋە ئىسپات قىلىنىدىغانلىغىدەك، ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولغان ئاللاھنىڭ ھەم بارلىغى، ھەم بارلىق سۈپەتلىرى، ھەم كۆپىنچە ئىسىملىرى، ھەم «رۇبۇبىيەت، ئۇلۇغلۇق، مەرھەمەت، ئىنايەت، ھىكمەت، ئادالەت...» كە ئوخشىغان سۈپەت ۋە پائالىيەتلىرى ئىنتايىن زۆرۈرى بىر شەكىلدە مەڭگۈلۈك بىر ئالەم بولغان ئاخىرەتنى كىرەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مۇكاپات ۋە جازالار ئۈچۈن ھاشىر ۋە نەشرنى*** تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق، ئەزەلى ۋە ئەبەدى بولغان بىر ئاللاھ بار، ئۇنداقتا ئەلبەتتە ئۇلۇغلۇق سەلتەنىتىنىڭ كۆرۈنىشى ئۈچۈن ھەقىقى ۋاستە بولغان مەڭگۈلۈك بىر ئاخىرەتمۇ باردۇر. ۋە يەنە بۇ كائىناتتا ۋە جانلىقلاردا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، ھىكمەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولغان مۇتلەق بىر رۇبۇبىيەت بار ۋە كۆرۈۋاتىمىز. ئۇنداقتا ئەلبەتتە ئۇ رۇبۇبىيەتنىڭ ھەيۋەتنى ئاجىزلىقتىن، ھىكمەتنى بوشلۇقتىن ۋە شەپقەتنى رەھىمسىزلىكتىن قۇتقۇزغان ئەبەدى بىر ساھادەت ماكانى بار ۋە كىلىدۇ.

---

**ۋاجىبۇل ۋۇجۇد : قەتئىيەن بار بولۇپ، يوق بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاللاھ.

***ھاشىر ۋە نەشر : قىيامەتتىن كىيىن توپلىنىپ تارقىلىش.

ۋە يەنە كۆز بىلەن كۆرۈنگەن بۇ چەكسىز ئىنئاملار، ئىھسانلار، ئىلتىپاتلار، ئىنايەتلەر، رەھمەتلەر غەيىپ پەردىسى ئارقىسىدا رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئۆچمىگەن ئەقىللەرگە، ئۆلمىگەن قەلبلەرگە كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا ئەلبەتتە ئىنئامنى ماختىلىقتىن، ئىھساننى ئالدامچىلىقتىن، ئىنايەتنى ئاداۋەتتىن، رەھمەتنى ئازاپتىن، ئىلتىپاتنى ئاھانەتتىن قۇتقۇزغان، ھەمدە ئىھساننى ئىھسان قىلغان، نىمەتنى نىمەت قىلغان، مەڭگۈلۈك بىر ئالەمدە مەڭگۈلۈك بىر ھايات بار، كېلىدۇ. ۋە يەنە باھار پەسلىدە زېمىننىڭ تار بېتىدە خاتاسىز ھالدا يۈزمىڭلارچە كىتاپنى بىر - بىرى ئىچىدە يازغان بىر قۇدرەت قەلىمى كۆز ئالدىمىزدا توختىماستىن ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ قەلەم ئىگىسى يۈزمىڭلىغان قېتىم ۋەدە قىلغانكى: «بۇ تار يەردە ئارىلىشىپ بىر - بىرى ئىچىدە يېزىلغان باھار كىتابىدىن تېخىمۇ قولاي ھالدا، كەڭ بىر يەردە گۈزەل ۋە ئۆلمەس بىر كىتاپنى يازىمەن ۋە سىلەرگە ئوقۇتىمەن» دەپ بارلىق پەرمانلىرىدا ئۇ كىتاپ ھەققىدە بايان قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئەلبەتتە ۋە ئەلبەتتە ئاساسى يېزىلىپ بولغان ھاشىر ۋە نەشىر بىلەن تولۇقلىمىلىرىمۇ يېزىلىدۇ. ھەمدە ھەممىسىنىڭ ئەمەل دەپتەرلىرى ئۇنىڭغا قەيت قىلىنىدۇ.

ۋە يەنە بۇ زېمىن، مەخلۇقاتنىڭ كۆپلىگى بىلەن، ھەمدە داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرغان يۈزمىڭلارچە خىلمۇ - خىل ھايات ۋە روھ ئىگىلىرىنىڭ ماكانى، مەنبەسى، فابرىكاسى ۋە ھايات - مامات مەركىزى بولۇش ئالاھىدىلىگى بىلەن بۇ كائىناتنىڭ يۈرىكى، مەركىزى، خۇلاسىسى، نەتىجىسى ۋە يارىتىلىش سەۋەبى بولۇپ ناھايىتى چوڭ

ئەھمىيتى باردۇر. كىچىكلىگى بىلەن باراۋەر يوغان ئاسمان بىلەن تەڭ تۇتۇلۇپ، ساماۋى پەرمانلاردا دائىم

رَبُّ السَّموَاتِ وَ الْاَرْض

دەپ ئىيتىلىدۇ.

ۋە يەنە بۇ ماھىيەتتىكى زىمىننىڭ ھەر تەرىپىگە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن، كۆپلىگەن مەخلۇقاتنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ ئەتراپىغا توپلىغان، كۆپلىگەن نەرسىلىرىنى ئۆز ھەۋىسى ۋە ئېھتىياجلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاجايىپ گۈزەل ھالدا تەرتىپكە سىلىپ، پەقەتلا جىن ۋە ئىنسىنىڭ نەزەرلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاسمان ئەھلىنىڭ ۋە كائىناتنىڭ دىققەت نەزەرلىرىنى ۋە تەغدىرلىرىنى، ھەمدە كائىنات ئىگىسىنىڭ رازىمەنلىك نەزىرىنى جەلپ قىلىش بىلەن ناھايىتى چوڭ بىر ئەھمىيەت ۋە قىممەتكە ئىگە بولغان... بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرگە، بۇ كائىناتنىڭ يارىتىلىش ھىكمىتى، يۈكسەك نەتىجىسى، قىممەتلىك مىۋىسى ۋە يەرنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى پەن ۋە ھۈنەر - سەنئەتلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكەن، بۇ دۇنيالىق نۇقتىنەزەر بويىچە، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ مۆجىزىلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنى ناھايىتى گۈزەل ھالدا سۇسلەندۇرگەنلىگى، تەرتىپكە سالغانلىغى ئۈچۈن، ئىسيان ۋە كۇفۇرلىرى بولسىمۇ، يەنىلا دۇنيادا قالغان ۋە ئازابى كىچىكتۈرۈلگەن، ھەمدە بۇ خىزمەتلىرى ئىتىبارى بىلەن جازا بىرىلمەي مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەن ئادەم نەسىللىرى (ئىنسانىيەت) بار.

ۋە يەنە بۇ ماھىيەتتىكى ئادەم نەسىللىرى يارىتىلىشىدىن بەكمۇ زەئىپ ۋە ئاجىزدۇر. بۇ چەكسىز ئاجىزلىغى ۋە چەكسىز

ھاجەتمەنلىگى بىلەن بىرگە، چەكسىز ئېھتىياجلىرى ۋە ئەلەملىرى باردۇر. ئەنە شۇنداق كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرى تامامەن يېتەرسىز تۇرۇقلۇق، يوغان يەر شارىنى ئۇ ئىنسانغا كىرەكلىك ھەر تۈرلۈك لازىمەتلىكلەرگە ماگىزىن، ھەر تۈرلۈك تائاملارغا ئامبار، ھەممە ئۈنىڭغا ياقىدىغان ھەر تۈرلۈك ماللارغا ئىسكىلات قىلىپ ياراتقان، چەكسىز قۇۋۋىتى، ھېكمىتى، شەپقىتى بولغان بىر باشقۇرغۇچى ئاللاھ باركى، شۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى بويىچە، ئۇنى ھەر خالىغىنى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. ۋە يەنە ھەقىقەتى ئەنە شۇنداق بولغان ئاللاھ ھەم ئىنساننى سۆيىدۇ ھەم ئۆزىنى ئىنسانغا سۆيدۈرىدۇ. ھەم ئۆزى باقىدۇر ھەم باقى ئالەملىرى بار. ھەم ئادالىتى بىلەن ھەر ئىشقا قارايدۇ ۋە ھەر ئىشنى ھىكمەتلىك قىلىدۇ. ھەم بۇ قىسقا دۇنيا ھاياتىدا ۋە بۇ قىسقىغىنا ئىنسانىيەت ئۆمرىدە، بۇ ۋاقىتلىق ۋە فانى زېمىندا ئۇ ئەزەلى ھەكىم بولغان ئاللاھنىڭ سەلتەنەت ھەيۋىتى ۋە دائىمى ھاكىملىقى سىغمايدۇ. شۇنداقلا كائىناتتىكى ئىنتىزامغا، ئادالەتكە ۋە مۇۋازىنىلەرگە، گۈزەل يارىتىلىشلىرىغا مۇخالىپ بولغان، ئىنساننىڭ بەكمۇ چوڭ زۇلۇملىرى ۋە ئىسيانلىرى، ھەممە ئۇنىڭغا نىمەت بىرىپ، شەپقەتلىك ھالدا باقىقانغا قارشى، ئىنساننىڭ ئاھانەتلىرى، ئىنكارلىرى، كۇفۇرلىرى جازاسىز قىلىپ، رەھىمسىز زالىملار راھەت بىلەن ھايات كەچۈرىشىدۇ. بىچارە مەزلۇملار بولسا، مۇشەققەت ئىچىدە ئېزىلىپ ئۆمۈرلىرىنى ئۆتكۈزىشىۋاتىدۇ. لېكىن پۈتۈن كائىناتتا ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن شۇ مۇتلەق ئادالەت ھەقىقەتى بولسا، ئۇ رەھىمسىز زالىملارنىڭ ۋە ئۈمىتسىز مەزلۇملارنىڭ قايتا

تىرىلمەيدىغان بىر سۈرەتتە ئوخشاشلا پەرقسىز ئۆلۈشلىرى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي زىتتۇر، مۇۋاپىق كەلمەيدۇ ۋە رۇخسەتمۇ بەرمەيدۇ! ۋە يەنە كائىناتنىڭ ئىگىسى خۇددى كائىناتتىن زىمىننى، زىمىندىن ئىنساننى تاللاپ، بەكمۇ چوڭ بىر دەرىجە ۋە بىر ئەھمىيەت بەرگىنىگە ئوخشاش، ئىنسانىيەتتىنمۇ رۇبۇبىيەت مەقسەتلىرىگە لايىقلىشىپ ئۆزلىرىنى ئىمان ۋە تەسلىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا سۆيدۈرگەن ھەقىقى ئىنسانلار بولغان پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار ۋە ئەسفىيالارنى تاللاپ ئۆزىگە دوست ۋە مۇخاتاپ قىلىپ، ئۇلارغا مۆجىزىلەر ۋە كارامەتلەر بىلەن ئىلتىپاتىنى، دۈشمەنلىرىگە ساماۋى كاچاتلار بىلەن ئازابىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىممەتلىك دوستلىرىدىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمامى ۋە پەخرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تاللاپ، يەر شارىنىڭ مۇھىم يېرىمىنى، ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم بەشتىن بىرسىنى ئۆزۈن ئەسىرلەردىن بىرى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ. خۇددى بۇ كائىنات ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغاندەك، پۈتۈن غايىلىرى ئۇ ئارقىلىق، ئۇنىڭ دىنى ئارقىلىق، قۇرئانى ئارقىلىق كۆرۈنىدۇ. بەكمۇ قىممەتلىك ۋە مىليونلارچە يىل ياشاشقا لايىق چەكسىز خىزمەتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى، چەكسىز بىر زاماندا ئىلىشقا تېگىشلىك ۋە لايىق تۇرسا، ناھايىتى مۇشەققەتلىك بولغان، جىھاتلار ئىچىدە ئۆتكەن ئاران 63 يىلدەك قىسقىغىنا بىر ئۆمۈر بېرىلدى. ئەجەبا ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن دوست-يېقىنلىرى بىلەن بىللە تىرىلمەسلىكىگە، ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ روھانى تىرىك ھالەتتە بولماسلىقىغا، ئەبەدى يوقلۇققا كىتىشكە ھېچ بىر جەھەتتە، ھېچ بىر ئېھتىمال، ھېچ بىر مۇمكىنچىلىك، ھېچ بىر

ئۆيغۇنلۇق بارمۇ؟ هاشا، يۈز مىڭ قېتىم هاشا ۋە كەللا ! *... شۇنداق ؛ پۈتۈن كائىنات ۋە ئالەمنىڭ ھەقىقىتى ئۇنىڭ تىرىلىشىنى داۋا قىلىدۇ، كائىناتنىڭ ئىگىسىدىن ئۇنىڭ ھاياتىنى تەلەپ قىلىدۇ... ۋە يەنە يەتتىنچى شۇئا بولغان «ئايەتۇل كۇبرا» دا، ھەر بىرى بىر تاغ قۇۋۋىتىدە بولغان ئوتتۇز ئۈچ پارچە دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپات قىلىنغانكى، بۇ كائىنات بىر قولدىن چىققان ۋە بىرلا زاتنىڭ مۈلكىدۇر. ھەمدە ئۇنىڭدا ئىلاھى كامالەتنىڭ ئاساسى بولغان ۋاھدەتنى** ۋە ئەھادىيەتنى*** ناھايىتى ئوچۇق ھالدا كۆرسەتكەن بولۇپ، ۋاھدەت ۋە ئەھادىيەت ئارقىلىق پۈتۈن كائىنات ئۇ بىر بولغان زاتنىڭ بويسۇنغۇچى ئەسكەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنداقلا ئاخىرەتنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كامالىتى تۈۋەنلىكتىن، مۇتلەق ئادالىتى رەھىمسىز ناھەقچىلىكتىن، چەكسىز ھېكمىتى ئويۇنچۇقتەك بوشلۇقتىن، بەكمۇ كەڭ بولغان رەھمىتى ئازابتىن، قۇدرەتلىك ئىززەت - شەرىپى پەسكەش ئاجىزلىقتىن قۇتىلىدۇ، مۇقەددەسلىشىدۇ.

---

*ھاشا ۋە كەلا : قەتئىيەن ئۇنداق ئەمەس، بولمايدۇ. ئاللاھ ساقلىسۇن.

**ۋاھدەت : بىرلىك (پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ بىرلىكى)

***ئەھادىيەت : بىرلىك (ھەر بىر شەيئىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ بىرلىكى)

شۇڭا ئەلبەتتە ۋە ئەلبەتتە، شۈبھىسىزكى «ئاللاھقا ئىمان» ئاساسىنىڭ يۈزلەرچە مەسىلىلىرىدىن بۇ ئالتە «يەنە، يەنە...» لەردىكى ھەقىقەتلەرنىڭ كىرەك قىلغىنى بويىچە، يەنى زېمىننىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھمىيىتى ۋە مەركەزلىكى، ئىنسانىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممەتلىرىنىڭ ئەمىلىلىشى ئۈچۈن، زېمىن ۋە ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ ئادالىتى، ھىكمىتى، رەھمىتى، سەلتەنىتىنىڭ تۇراقلىششى ئۈچۈن، باقى بولغان ئاللاھنىڭ ھەقىقى دوستلىرى ۋە ئاشقلىرى ئەبەدى يوقىلىشتىن قۇتۇلۇشلىرى ئۈچۈن، ھەمدە ئۇ دوستلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ۋە ئەڭ قىممەتلىكىنىڭ، پۈتۈن كائىناتنى مەمنۇن ۋە مىننەتدار قىلغان ئۇلۇغ خىزمەتلىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى كۆرىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا باقى

بولغان سۇلتانىنىڭ كامالەتلىرى كەمچىلىك ۋە قۇسۇردىن، قۇدرىتى ئاجىزلىقتىن، ھىكمىتى بوشلۇقتىن، ئادالىتى زۇلۇمدىن ئايرىلىپ تازىلىنىشى، ئاقلىنىشى ئۈچۈن قىيامەت بولىدۇ، ھاشر ۋە نەشر كىلىدۇ.

دىمەك ئاللاھ بار. ئۇنداقتا ئەلبەتتەكى ئاخىرەتمۇ بار.

يۇقۇرىدىكى ئىماننىڭ ئۈچ ئاساسى، ئۆزلىرى ئىسپاتلىغان بارلىق دەلىللىرى بىلەن بىللە ھاشرگە شاھادەت ۋە دەلىل بولغىنىدەك، ئوخشاشلا

وَ بِمَلٰئِكَتِهِ وَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَ شَرِّهِ مِنَ اللّٰهِ تَعَالَى

بولغان ئىككى ئىمان ئاساسمۇ ھاشرنى كۆرسىتىپ، باقى بىر ئالەمنىڭ بولىدىغانلىغىغا قۇۋۋەتلىك بىر شەكىلدە شاھادەت قىلىدۇ ۋە دەلىل بولىدۇ. يەنى:

پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى ئىسپات قىلغان بارلىق دەلىللەر، ھەمدە چەكسىز قىتىملار كۆز بىلەن كۆرۈش ۋە سېزىلىشلەر، روھلار ئالەمىنىڭ، غەيىپ ئالەمىنىڭ، ئەبەد ئالەمىنىڭ، ئاخىرەت ئالەمىنىڭ، ھەمدە كەلگۈسىدە جىن ۋە ئىنسانلار بىلەن تولدۇرۇلىدىغان سائادەت ماكانىنىڭ، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر بۇ ئالەمنى ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن كۆرەلەيدۇ ۋە كىرەلەيدۇ. ھەزرىتى جىبرىئىلدەك ئىنسانلار بىلەن كۆرۈشكەن ئۇلۇغ پەرىشتىلەر، بۇ سانالغان ئالەملەرنىڭ بارلىقىنى ۋە پەرىشتىلەر ئۇ يەرلەردە سەيلە قىلىدىغانلىقىنى ھەممىسى ئوخشاشلا خەۋەر بېرىشىدۇ. بىز كۆرمىگەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ يەردىن كەلگەنلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق بىلگىنىمىزدەك، پەرىشتىلەرنىڭ يۈز قۇۋۋەتلىك خەۋەر قۇۋۋىتىدە بولغان خەۋەرلىرى بىلەن باقى ئالەمنىڭ، ئاخىرەت ماكانىنىڭ، جەننەت ۋە جەھەننەملەرنىڭ بارلىقىغا ئۇ خەۋەرلەر قۇۋۋىتىدە ئىنىق ئىشىنىش كېرەكتۇر ۋە شۇنداق ئىمان ئېيتىمىز.

«يىگىرمە ئالتىنچى سۆز» بولغان «تەقدىر رىسالىسى» دىكى «تەقدىرگە ئىمان» ئاساسىنى ئىسپات قىلغان بارلىق دەلىللەرمۇ ھاشىرگە ۋە ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ ئېچىلىپ چوڭ تارازىدا تارتىلىش كۈنىگە دەلىلدۇر. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ تەقدىرىنى كۆزىمىز ئالدىدا نىزام ۋە ئۆلچەم لەۋھەلىرىدە قەيت قىلىش، ھەر بىر جانلىقنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى ئەستە تۇتۇش سىزىمىدە، ئۇرۇقلاردا ۋە باشقا مىسالى لەۋھەلەردە يېزىش، ھەمدە ھەر روھ ئىگىسىنىڭ، بولۇپمۇ

ئىنسانلارنىڭ ئەمەل دەپتەرلىرىنى لەۋھى مەھفۇزلاردا* يېزىش ۋە ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان ئەنە شۇنداق كەڭرى ۋە ھىكمەتلىك ھالدىكى تەقدىر، دىققەتلىك ھالدىكى قەيت ۋە يېزىپ ساقلاش، پەقەتلا ئەڭ چوڭ سوئتا ئۇمۇمى بىر ھىساپ - كىتاپ نەتىجىسىدىكى دائىمى بىر مۇكاپات ياكى جازالار ئۈچۈندۇر. بولمىسا ئۇ كەڭرى شەكىلدە ۋە يېپىدىن يىڭنىسىغىچە يېزىپ ساقلاشلار، تامامەن مەنىسىز ۋە پايدىسىز قالىدۇ. ھىكمەتكە ۋە ھەقىقەتكە زىت بولىدۇ. ۋە يەنە ھاشىر

كەلىمىسە تەقدىر قەلىمى بىلەن يېزىلغان بۇ كائىنات كىتابىنىڭ بارلىق ھەقىقەتلىك مەنىلىرى بۇزىلىدۇ. شۇڭا كەلمەسلىككە ھېچ بىر ئېھتىمال بولماس. بولسا، بۇ كائىناتنى يوقىتا چىقارغاندەكلا بىر مۇمكىنسىزلىك، بەلكى بىر ئەخمەقلىق بولىدۇ...

خۇلاسە : ئىمانىنىڭ بەش ئاساسى بارلىق دەلىللىرى بىلەن ھاشىر ۋە نەشىرنىڭ بارلىقىغا ۋە بولىدىغانلىقىغا، ئاخىرەت ئالىمىنىڭ بار ۋە ئېچىلىشقا دەلىل بولىدۇ ۋە شاھادەت قىلىپ تەلەپ قىلىدۇ.

ھاشىر ھەقىقىتىنىڭ بۈيۈكلىكىگە دەل مۇۋاپىق بولغان مانا شۇنداق بۈيۈك ۋە يىقىلماس تۈۋرۈكلەر ۋە دەلىللەر بولغانلىقى ئۈچۈندۇركى، قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرسى ھاشىر ۋە ئاخىرەتنى تەشكىل قىلىدۇ

---

لەۋھى مەھفۇز : ھەر نەرسە ۋە ھەر ئىشنىڭ ئالاھنىڭ ئىلمىدە يېزىلىشى.

ھەمدە ئۇنى پۈتۈن ھەقىقەتلىرىگە ئۇل تاش ۋە ئەڭ چوڭ ئاساسى قىلدۇ ۋە ھەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلدۇ.

(مۇقەددىمە بۇ يەردە تۈگىدى.)

* * * *

## «ھۇۋە» ھەققىدە*

بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللّهِ وَ بَرَكَاتُهُ اَبَدًا دَائِمًا

بەكمۇ ئېزىز ۋە سىددىق قېرىنداشلىرىم!

قُلْ هُوَ اللّٰهُ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ هُوَ

نىڭ تەلەپپۇزىدا، پىكرىمدىكى بىر خىيالى ساياھەتتە، ھاۋا بىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، پەقەت ماددى جەھەتتە، بىردىنلا كۆرۈنگەن ئىنچىكە بىر تەۋھىد نۇقتىنەزىرى بويىچە، ئىمان يولىنىڭ چەكسىز دەرىجىدە قولاي، زۆرۈرى دەرىجىدە ئوڭاي ئىكەنلىكىنى؛ شىرىك ۋە زالالەت يولىدا چەكسىز دەرىجىدە مۈشكىلاتلار، ئىمكانسىز دەرىجىدە مۇمكىنسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. بەكمۇ قىسقا بىر ئىشارەت ئارقىلىق بۇ كەڭ ۋە ئۇزۇن ھەقىقەتنى بايان قىلىمەن:

يۈزلەرچە گۈللەرنىڭ ئۆسۈشىگە مەنبە بولالايدىغان تەشتەكتىكى
بىر چاڭگال تۇپراقتا، ئۇ گۈللەرنى ئەگەر تەبىئەت ۋە سەۋەپلەر
ئۆستۈردى ، دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا يا ئۇ تەشتەكتە كىچىك
ئۆلچەمدە بولغان يۈزلىگەن، بەلكى گۈللەر سانىچىلىك مەنىۋى
ئاپپاراتلار، فابرىكىلار بولىشى كىرەك بولىدۇ. ياكى ئۇ ئازغىنا
تۇپراقتىكى ھەر بىر زەررە (ئاتوم) خىلمۇ ـ خىل بولغان بارلىق
گۈللەرنى تۈرلۈك خاسىيەتلىرى ۋە خاس تۈزىلىشلىرى بىلەن بىرلىكتە
ياسىلىشنى بىلىشى كىرەك بولىدۇ. خۇددى ھەر بىر زەررىنىڭ بىر
ئىلاھنىڭكىدەك چەكسىز ئىلمى ۋە چەكسىز ئىقتىدارى بولىشى كىرەك
بولىدۇ.
دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئەمىر ۋە ئىرادىنىڭ بىر ئەرشى بولغان
ھاۋانىڭ ياكى شامالنىڭ ھەر بىر پارچىسىدا، بىر نەپەستە ۋە ياكى بىر
تىرناقچىلىك بولغان
تەلەپپۇزىدىن چىققان ھاۋادا، كىچىك ـ كىچىك هُوَ
ئۆلچەمدە بولغان، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تېلىفونلارنىڭ،
تېلىگىراملارنىڭ، رادىئولارنىڭ ھەمدە چەكسىز تۈرلۈك تۈردە
سۆزلىشىشلەرنىڭ مەركەزلىرى، ئالاقە پونكىتلىرى ۋە ئۇن ئىلىپ
تارقاتقۇچىلىرى بار بولىشى،

---

*ھۇۋە : ئەرەپچىدە «ئۇ» دىمەكتۇر.

ھەمدە ئۇ چەكسىز ئىشلارنى بىرلىكتە ۋە بىرلا ۋاقىتتا قىلىشقا كىرەك بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇ ھُوَ دىكى ھاۋانىڭ، بەلكى ھاۋا ماددىسىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ ھەر بىر زەررىسى، پۈتۈن تېلېفونچىلار، بارلىق تېلېگىرامچىلار ۋە رادىئو ئارقىلىق سۆزلەشكەنلەرنىڭ مەنۋى شەخسىيەتكە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولىشى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىللىرىنى بىلىشى، ئوخشاش ۋاقىتتا باشقا زەررىلەرگىمۇ بىلدۈرىشى، تارقىتىشى كىرەك بولىدۇكى، شۇندىلا ئاۋازلار قۇلاقلارغا ئاڭلىنالايدۇ. چۈنكى ئەمىلىيەتتە شۇنداق بىر ھالەت بىر ئاز كۆرىنىدۇ. ھەمدە ھاۋانىڭ پۈتۈن مالىكۇلىسىدا ئۇ قابىلىيەت بار.

دىمەك كاپىرلارنىڭ، تەبىئەتچىلەرنىڭ ۋە ماتىرىئالىستلارنىڭ تۇتقان يولىدا بىر مۇمكىنسىزلىك ئەمەس، بەلكى زەررىلەر سانىچىلىك مۇمكىنسىزلىكلەر، ئىمكانسىزلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلار بار ئىكەنلىكىنى بەكمۇ ئاشكارە ھالدا كۆرستىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ ئورۇنلىنىشىنى (ئاۋازنىڭ تارقىلىشىنى) ياراتقۇچى ئاللاھقا بەرسەك، ئۇ چاغدا ھاۋا پۈتۈن زەررىلىرى بىلەن ئۇنىڭ بويسۇنغۇچى ئەسكەرلىرى بولىدۇ. يالغۇز بىر زەررىنىڭ ئىنتىزاملىق يالغۇز بىر ۋەزىپىسى قولاي بىر شەكىلدە ئورۇندالغىنىدەكلا، چەكسىز ۋە ئومۇمى بولغان ۋەزىپىلىرىمۇ ياراتقۇچىنىڭ رۇخسەت ۋە قۇۋۋىتى بىلەن ياراتقۇچىغا باغلىنىش ۋە تايىنىش ئارقىلىق، ھەمدە ياراتقۇچى قۇدرىتىنىڭ جىلۋىلىنىشى ئارقىلىق ئوخشاش ۋاقىتتا، چاقماقتەك تىز سۈرئەتتە، ھُوَ نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە ھاۋانىڭ دولقۇنلىنىشىدەك

قولاي هالدا بىجىرىلىدۇ. يەنى، هاۋا، قۇدرەت قەلىمىنىڭ چەكسىز، ھەيران قالارلىق ۋە ئىنتىزاملىق خەتلىرى ئۈچۈن بىر بەت بولىدۇ. زەررىلىرى بولسا ئۇ قەلەمنىڭ ئۇچلىرى بولىدۇ. ئۇ زەررىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى بولسا تەقدىر قەلىمىنىڭ چېكىتلىرى بولىدۇ. يالغۇز بىر زەررە ھەربىر كىتىنىڭ قولايلىغىدەكلا قولاي ۋەزىپە ئورۇنلايدۇ.

مەن

قُلْ هُوَ اللّٰهُ لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ

ۋە

دىكى پىكىر ھەربىكتى ئارقىلىق قىلغان سايياھىتىمدە هُوَ

هاۋا ئالىمىنى سەيلە قىلىپ، ئۇ ماددىنىڭ بەتلىرى ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزۈۋېتىپ، بۇ ئىنچىكە ھەقىقەتنى دەل ئوچۇق ۋە تەپسىلى شەكىلدە ئەينەلىيەقىن كۆردۈم.

شۇنداقلا هُوَ نىڭ تەلەپپۇزىدا ۋە هاۋاسىدا شۇنداق پارلاق بىر دەلىل ۋە بىر تەۋھىد نۇرى بولغىنىدەك، مەنىسىدە ۋە ئىشارىتىدىمۇ ئىنتايىن نۇرلۇق بىر بىرلىك جىلۋىسى ۋە ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بىر تەۋھىد دەلىلى بار ئىكەنلىكىنى، « هُوَ ئالىمىنىڭ مۇتلەق ۋە يوشۇرۇن ئىشارىتى قايسى زاتنى كۆرسىتىدۇ؟» ئىشارىتىگە بىر ياردەمچى ئىشارەت ئۇ دەلىلدە بار بولغانلىقتىن، ھەم قۇرئانى مۆجىزۇلبايان، ھەم زىكىرچىلار تەۋھىد تىمىسىدا بۇ ئۇلۇغ كەلىمىنى كۆپ تەكرارلايدىغانلىغىنى ئىلمەلىيەقىن هالدا بىلدىم.

مەسىلەن، مەلۇمدۇركى، بىر چېكىتچىلىك ئاق قەغەزگە ئىككى - ئۈچ چېكىت قويۇلسا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بىر كىشى خىلمۇ - خىل كۆپ ۋەزىپىلەرنى بىرلىكتە قىلىشى بىلەن تەمتىرەپ قالىدۇ. بىر كىچىك

جانلىقتا كۆپ يۈكلەر يۈكلەنسە ئاستىدا ئىزىلىدۇ. ھەممە بىرلا ۋاقىتتا تۈرلۈك سۆزلەرنىڭ بىرلىكتە بىر تىلدىن چىقىپ، بىر قۇلاققا كىرىشى، ئىنتىزامنى بۇزۇپ قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. بىراق مەن ئەينەلىيەقىن ھالدا كۆردۈمكى، ھُوَ ئاچقۇچى ۋە كومپاسى ئارقىلىق پىكىر بويىچە مەن ساياھەت قىلغان ئۇ ھاۋا ماددىسىنىڭ ھەر بىر پارچىسىغا، ھەتتا ھەر بىر زەررىسىگە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مىڭلارچە چېكىتلەر، ھەرپلەر، سۆزلەر قويۇلسىمۇ، ئارىلىشىپ ئىنتىزامنى بۇزمايدۇ. باشقا ـ باشقا كۆپ ۋەزىپىلەرنى قىلسىمۇ ھېچ تەمتىرەپ قالماي ئىشلەيدۇ. ئۇ ھاۋا پارچىسىغا ۋە زەررىسىگە ناھايىتى كۆپ ئېغىر يۈكلەر يۈكلەنسىمۇ ھېچ ئاجىزلىق قىلماستىن، كىچىككىپ قالماستىن ئىنتىزام بىلەن ئۇستىگە قويۇلغاننى باشقىسىغا يەتكۈزىدۇ. مىڭلارچە باشقا ـ باشقا سۆزلەر، باشقا ـ باشقا شەكىلدە ئاجايىپ بىر ئىنتىزام بىلەن ھېچ قالايمىقانلاشتۇرماي، بۇزماي بۇ كىچىككىنە قۇلاقلارغا كىرىپ، ئۇ ئىنچىكە تىللاردىن چىقسىمۇ، ھەر زەررە ۋە ھەر پارچە ھاۋا، ئۇ ئاجايىپ ۋەزىپىلەرنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنتايىن ئەركىن ھالدا جەزىبىلىك ئەھۋال تىلى بىلەن ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ شاھادىتى ۋە تىللىرى بىلەن

لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ ۋە قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ

دەپ سەيلە قىلىدۇ. بوران، چاقماق، گۈلدۈرمامىدەك ھاۋانى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان دولقۇنلار ئىچىدە ئىنتىزامنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ھېچ بۇزمايدۇ، تەمتىرەپمۇ قالمايدۇ، ۋە بىر ئىشى بىر ئىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. بۇلارنى مەن ئەينەلىيەقىن ھالدا كۆردۈم.

دىمەك، بۇ ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن، ھەر بىر زەررىنىڭ ۋە ھەر بىر پارچە ھاۋانىڭ چەكسىز بىر ھېكمىتى، چەكسىز بىر ئىلمى، ئىرادىسى، چەكسىز بىر قۇدرىتى، قۇۋۋىتى ھەممە باشقا بارلىق زەررىلەرگە مۇتلەق ھاكىم بولىدىغان بىر خۇسۇسىيىتى بولۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ بولسا زەررىلەر سانىچىلىك مۇمكىنسىز ۋە باتىلدۇر. ھېچ بىر شەيتانمۇ بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى ئويغا كەلتۈرمەس، ئۇنداقتا ھەققەلىيەقىن، ئەينەلىيەقىن، ئىلمەيەقىن دەرىجىلىرىدە بەكمۇ ئىنىق كۆرۈنۈلىشقا بولىدۇكى، بۇ ھاۋا بىتى، ئاللاھنىڭ بەكمۇ چەكسىز ئىلمى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئىشلەتكەن قۇدرەت ۋە تەغدىر قەلىمىنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان بىر بىتى، ھەممە بىر لەۋھى مەھفۇزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئالەمدىكى ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئىشلىرىدا بىر «لەۋھى ماھۋ ئىسپات*» نامىدىكى يېزىپ بۇزىدىغان بىر دوسكىسى ھۆكمىدەدۇر.

ھاۋا ماددىسى پەقەتلا ئۈن يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىدە يۇقۇرقىدەك تەۋھىد بىلۈۋىسىنى ۋە بۇ ئاجايىپلارنى كۆرسىتىپ، زالالەت يولىنىڭ چەكسىز دەرىجىدىكى مۇمكىنسىزلىگىنى بىلدۈرگەندەك، بۇ ھاۋا ماددىسىنىڭ باشقا مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ئېلىكتىر، تارتىشىش كۈچى، ئىپىشىش كۈچى، يوروقلۇق ... قاتارلىقلارنىمۇ يەتكۈزۈشتە تەمتىرەپ قالماستىن تەرتىپلىك ھالدا، ئۈن يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا، بۇ ۋەزىپىلەرنىمۇ قىلىدىغانلىقى،

---

* لەۋھى ماھۋ ئىسبات : يوقىتىپ بار قىلىش لەۋھەسى.

يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋە ھايۋاناتلارنىڭ نەپەس ئېلىشى ۋە كۆپىيىشىدەك ھاياتقا كېرەكلىك ئىشلاردا لازىمەتلىكلىرىنى تولۇق بىر ئىنتىزام بىلەن يېتىشتۈرىدىغانلىقىنى، ھاۋانىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەمىر ۋە ئىرادە ئەرشى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا ئەخمەق تەسادىپلىق، كور قۇۋۋەت، گاس تەبىئەت، ئىشانىسىز سەۋەپلەر، ھەمدە ئاجىز، جانسىز ۋە ئەقىلسىز ماددىلارنىڭ بۇ ھاۋا بىتىدىكى خەتلەرنىڭ يېزىلىش ئىشىغا ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈنىۋاتقان ۋازىپىلەرگە ئارىلىشىشى ھېچ بىر جەھەتتە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەينەلىيەقىن دەرىجىدە ئىسپات قىلىدىغانلىقىغا قەتئىيەن قانائەت كەلتۈردۈم. ھەمدە ھەر بىر زەررە ۋە ھەر بىر پارچە ھاۋا ئەھۋال تىلى بىلەن

قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ دەيدىغانلىقىنى بىلدىم. بۇ
ئاچقۇچى ئارقىلىق ھاۋانىڭ ماددى جەھەتتىكى بۇ هُوَ
هُوَ ئاجايىپلارنى كۆرگىنىمدەك، ھاۋا ماددىسىمۇ بىر
بولۇپ مىسال ئالەمى ۋە مەنا ئالەملىرىگە بىر ئاچقۇچ بولدى.

كۆردۈمكى، مىسال ئالىمىنىڭ چەكسىز مەنىۋى سۈرئەت ئاپپاراتلىرى بار بولۇپ، ھەر بىر سۈرئەت ئاپپاراتى دۇنيادىكى چەكسىز ھادىسىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ھېچ ئارىلاشتۇرۇپ قويماستىن تارتماقتا. ھەمدە ئۇ مىسال ئالەمى مىڭلارچە دۇنيا قەدەر چوڭ ۋە كەڭرى بىر ئاخىرەتلىك كىنو بولۇپ، دۇنيادىكى فانى نەرسىلەرنىڭ فانى ۋە ۋاقىتلىق ھاللىرىنى، ۋەزىيەتلىرىنى ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتلىرىنىڭ

مۇنلىرىنى باقى بولغان تاماشاگاھلاردا ۋە جەننەتتە، ئەبەدى سائادەتكە ئېرىشكەنلەرگە دۇنيادىكى ئىشلىرىنى ۋە بۇرۇنقى ھادىسلەرنى ئەينەن كۆزلىرىگە كۆرستىدۇ. شۇڭا مسال ئالەمنى ئەنە شۇنداق بىر كىنو ئۈچۈن توختىماستىن تارتىۋاتقان ناھايىتى چوڭ بىر سۇرەت ماشىنىسى دەپ بىلدىم. (ئەسكەرتىش)*

ھەم لەۋھى مەھفۇزنىڭ، ھەم مسال ئالەمنىڭ ئىككى دەلىلى، ئىككى كىچىك مسالى ۋە ئىككى چىكىتى، ئىنساننىڭ بىشىدىكى ئەستە تۇتۇش سىزىمى ۋە خىيال سىزىمى بولۇپ، ئۇلار نۇقۇتچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئىچلىرىدە چوڭ بىر كۇتۇپخانىنىڭ كىتاپلىرى قەدەر مەلۇماتلارنىڭ ھېچ ئارىلاشماستىن، ئاجايىپ بىر تەرتىپ بىلەن يېزىلىشى قەتئى ئىسپات قىلىدۇكى، ئۇ ئىككى سىزىمنىڭ ئەڭ چوڭ نەمۇنىسى ۋە ئەسلى، مسال ئالەمى بىلەن لەۋھى مەھفۇزدۇر.

ھاۋا ۋە سۇ ماددىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىسپىرما سۇيى ۋە ھاۋا ماددىسىنىڭ، توپراق ماددىسىنىڭ بەكمۇ يۇقۇرى دەرىجىدە ۋە تېخىمۇ كۆپرەك ھىكمەت ۋە ئىرادە بىلەن، قۇدرەت ۋە تەقدىر قەلىمى بىلەن يېزىلىدىغانلىقى، ھەمدە بۇنىڭغا تەسادىپلىق ۋە كور قۇۋۋەتنىڭ، گاس تەبئەتنىڭ،

---

ئەسكەرتىش : لېكىن ئۇچۇق ھەقىقەتلەرگە ئوخشاش، قۇۋۋەتلىك دەلىللەر ۋە پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بىرىشكە ۋاقىت ۋە يەر، ئەھۋال ۋە ۋەزىيەت ئىمكان بەرمىگەنلىگى ئۈچۈن قىسقا يېزىلدى.

جانىمىز ۋە نىشانىمىز سەۋەپلەرنىڭ ئاربىلىشىشى يۈز ھەسسە ئىمكانسىزلىق ئىكەنلىكى، ۋە بۇ ھېچ بىر جەھەتتە مۇمكىن بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا چەكسىز ھىكمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ تەقدىر ۋە ھىكمەت قەلىمىنىڭ بىتى ئىكەنلىكى ئىلمەلىيەقىن ھالدا قەتئى بىلىندى.

(قالغان قىسمى ھازىرچە يازدۇرۇلمىدى.
ھەممىڭلارغا مىڭلارچە سالام)

# ئون يەتتىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى ماقامى*

تاشلا ئەي بىچارە پەرياتنى، قورقما بالادىن تەۋەككۈل قىل،
چۈنكى خاتا ئۈستىگە خاتا بولغان بۇ پەريات ـ ھەقىقى بالادۇر بىل.

* * *

بالا بەرگەننى تاپساڭ گەر، چوڭ بىر ئىھسان ـ بالادۇر بىل،
ئەگەر تاپمىساڭ، پۈتۈن دۇنيا بۇ تەنگە جاپا، بۇ باشقا بالادۇر بىل.

* * *

دۇنيادەك بىر بالا بىشىڭدا تۇرسا، نىمە ۋاقىرايسەن كىچىك بىر بالادىن، كەل تەۋەككۈل قىل،
تەۋەككۈل بىلەن بالا يۈزىگە كۈلسەڭ گەر، ئۇمۇ كۈلەر ـ دە كىچىكلەپ يوقالغان شۇ بالادۇر بىل.

* * *

بىل ئەي مەنمەنچى، بۇ دۇنيادىكى ھەقىقى سائادەت دۇنيانى تەرك قىلىشتا،

---

*بۇ ئىككىنچى ماقامدىكى پارچىلار شىئىرگە ئوخشايدۇ، ئەمما شىئىر ئەمەس. شىئىر نىيىتى بىلەن يېزىلمىدى. بەلكى ھەقىقەتلەردىكى تەرتىپنىڭ مۇكەممەللىكى ئاستىدا، بىر ئاز شىئىر سۈرىتىگە كىردى. خۇدا دىسەڭ، ئۇ كۈپايىدۇر؛ باشقا ھەممىنى تاشلىساڭمۇ، ھەممە ساڭا بولار دوستلۇقتا.

*     *     *

گەر تەكەببۇر بولساڭ ھالاكەتتۇر، نىمە قىلساڭ ھەممە نەرسە چىقار قارشىڭغا،
دىمەككى تەرك كىرەكتۇر، ھەر ئىككى ھالدا بۇ دۇنيادا.

*     *     *

تەرك بۇدۇركى، ئاللاھ مۈلكىگە، ئۇنىڭ رۇخسىتى، ئۇنىڭ نامى بىلەن قاراشتا،
تىجارەت خالىساڭ ئەگەر، شۇ فانى ئۆمرۈڭنى ئالماشتۇر باقىغا.

*     *     *

چىرىكتۇر ئاساسى، ھەم ئۆلىمىز، ئەگەر ئەگەشسەڭ نەفسى ھەۋەڭگە،
گەر خالىساڭ نام - شۆھرەت، ئۈستىدەدۇر «زاۋالغا مەھكۇم» دىگەن تامغا.

*     *     *

دىمەك ئەرزىمەس، چىرىك مالدۇر ھەممىسى، نىمە ئالساڭ بۇ بازاردا،
ئۆندىقتا يوق، ئىسىل ماللار تىزىلغاندۇر، ئارقىسىدا.

# باسْمِهِ سُبْحَانَهُ

ئېزىز، سىددىق قېرىنداشلىرىم!

بىرىنچىدىن : بارلىق نۇرچىلارنىڭ مۇبارەك بايراملىرىنى ھەمدە ھەججۇل ئەكبەر* دىكى نۇر شاگىرتلىرى ۋە ھەجدىكى نۇر تەرەپدارلىرىنىڭ ھىيت ـ بايراملىرىنى تەبرىكلەيمەن. كۆپ زامانلاردىن بىرى ئاسارەت ئاستىدا قالغان ۋە مۇستەقىللىگىنى يوقىتىپ قويغان ھىندىستان، ئەرەبىستاندەك ئىسلام ئالىمىنىڭ چوڭ مەملىكەتلىرى بىردىن ئىسلام دۆلىتى شەكلىدە ـ (يەنى ھىندىستاندا يۈز مىليون نوپۇسلۇق بىر ئىسلام دۆلىتى، جاۋادا ئەللىك مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسى بولغان بىر ئىسلام دۆلىتى ۋە ئەرەبىستاندا تۆت ـ بەش ھۆكۈمەت، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردەك بىر «ئەرەپ بىرلىگى» بىلەن ئىسلام بىرلىگىنى قۇرۇپ) ـ بىرىكىشتىن ئىبارەت بولغان ئىسلام ئالىمىنىڭ بۇ چوڭ بايرىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەبرىكلەشكە بۇ بايرام بىزگە خوشخەۋەر بەرمەكتە.

ئىككىنچىدىن : ئىستانبۇلدا رەفەت بەينىڭ ۋە مۇستافا ئورۇچنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، كۆپ زامانلار ئىسلام ئارمىيىسىگە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋە كېيىن ئۇنىۋېرسىتېت قىلىنغان ھەربى ئىشلار نازارەت ئىدارىسى ۋە مىللى مۇداپىئە ئورگىنى بولغان ئۇ يوغان بىنانىڭ پېشانىسىدا ئەرەپچە

---

*ھەججۇل ئەكبەر : جۈمە كۈنىگە توغرا كەلگەن ھەج كۈنى

## اِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِيناً   وَيَنْصُرَكَ اللّٰهُ نَصْرًا عَزِيزًا

دەپ يېزىلغان ئۇ قۇرئان ئايىتىنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەرمەر تاشلار بىلەن يېپىپ ئۇ نۇرلارنى يوشۇرغان ئىدى. بۈگۈنلەردە يىگىدىن ئۇ قۇرئان خىتىنىڭ ئىچىلىشى، قۇرئان خىتىنىڭ ئەركىنلىكىگە بىر نەمۇنە ۋە رىسالەئى نۇرنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە بىر سەۋەپ، ھەمدە ئۇ ئۇنىۋېرسىتېت كىلەچەكتە بىر نۇر مەدرىسى بولىدىغانلىقىغا بىر ئىشارەت بولغىنىدەك؛ دېڭىزلى نۇرچىلىرىدىن ئەخمەتلەرنىڭ، مەشھۇر ئالىم، ئەقىل جەھەتتە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە ئىجتىمائى پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ ئىلغارى بولغان بىسماركنىڭ ئەسىرىدىن ئىلىشقان بىر ئابزاستا، ئۆز ئەسرىدە ئۇ بىسمارك مۇنداق دىگەن:

«قۇرئاننى ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلدىم. ھەر سۆزىدە چوڭ بىر ھىكمەت كۆردۈم. بۇنىڭغا ئوخشىغان ۋە ئىنسانىيەتنى باشقۇرغىدەك ھېچ بىر ئەسەر يوقتۇر ۋە بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.» ۋە يەنە پەيغەمبەرلەرگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي مۇھەممەد! سەن بىلەن بىر ئەسىرداش بولالمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. ئىنسانىيەت سەندەك مۇستەسنا قۇدرەتنى بىر قىتىم كۆردى ۋە ئىككىنچى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا سىنىڭ ھۇزۇرۇڭدا ھەقىقى بىر ئىھتىرام بىلەن ئىگىلىمەن.»

بىسمارك

دەپ ئىمزا قويغان* ھەم ئۇ سۆزلىرىدە بۇزۇلغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن باشقا ساماۋى كىتاپلارنى بەكمۇ كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ توغرىسىدىكى جۈملىلەر يېزىلمىسۇن.

مەنمۇ ئىشارەت قويۇپ قويدۇم. ئۇ زات 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ چوڭ بىر پەيلاسوپى، ھەمدە ساياھەتتە ۋە جەمىيەتشۇناسلىقتا ئەڭ مۇھىم بىر شەخس بولىشى، ئىسلام ئالىمىنىڭ قىسمەن مۇستەقىللىققا ئېرىششى، ئەجنەبى ھۆكۈمەتلەرنىڭ قۇرئان ھەقىقەتلىرىنى ئىزدىشى، غەرپ ۋە غەربى شىمالدا قۇرئانغا دوستانە ھالدىكى چوڭ جەريانلارنىڭ بولىشى، ئامېرىكىنىڭمۇ ئەڭ ئىلغار ۋە مەشھۇر پەيلاسوپى بولغان مىستېر كارلايل مۇ بىسماركتەك:

«باشقا كىتاپلار ھېچ بىر جەھەتتىن قۇرئانغا يېتىشەلمەيدۇ. ھەقىقى سۆز ئۇدۇر، ئۇنى ئاڭلىشىمىز كېرەك.» دېيىشى **، شۇنداقلا نۇرلارنىڭمۇ ھەر تەرەپتە يېيىلىپ ئالغا ئىلگىرلىشى چوڭ بىر ياخشىلىق ئالامىتىدۇركى، ئەجنەبىلەردىن كۆپلىگەن بىسماركلار ۋە مىستېر كارلايللار چىقىدۇ، مىساللىرىمۇ بار،

---

*ئەخمەتلەرنىڭ خىتىدە ئىشارەت قىلغىنىمدەك، ئۇ ئابزاس بۇ خىتىم بىلەن بىرگە «ياشلىق رەھبىرى» گە كىرسە بولىدۇ.

**رىسالەئى نۇردىن ئەرەپچە «ئىشارەتۇل ئىجاز» تەفسىرى ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك، ھەقىقەتچىل ھۆكمىگە ئىشارەت قىلغان.

دەپ نۇرچىلارغا بىر بايرام سوغىسى قاتارىدا تەغدىم قىلىمىز ۋە بىسماركنىڭ سۆزىنى ئەينەن ئەۋەتتۇاتىمىز، ھەممىڭلارغا سالام ...

اَلْبَاقِى هُوَالْبَاقِى
قىرىندىشىڭلار
سەئىد نۇرسى

(ئەخمەتلەرنىڭ خىتى ۋە ئۇنىڭدىكى بىسماركنىڭ بايانلىرى)
مۇھتەرەم ئۇستازىمىز!
مەشھۇر نېمىس ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان پرەنس بىسماركنىڭ ھەر خىل دىنلار، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى سىز مۆھتەرەم ئۇستازىمىزغا ئەۋەتتۇاتىمىز. غەرپتە ئىسلامىيەتنىڭ نەقەدەر ئىلگىرلەيدىغانلىقىنى بۇ سۆزلەر كۆرسەتمەكتە:

كەگرى ئىجتىمائى تەتقىقاتىمىدىن بىر نەمۇنە - 19 - ئەسىردە ئۆتكەن كۆپ ساياھەتلەردە مەشھۇر بولغان پرەنس بىسماركنىڭ دىنلار ھەققىدە ئېيتىلغان بايانى:

«تۇرلۇك دەۋرلەردە ئىنسانىيەتنى يىتەكلەش ئۈچۈن غەيىپ تەرىپىدىن كەلگەن دەپ قارالغان پۈتۈن ساماۋى كىتاپلارنى تەتقىق قىلدىم. بۇزۇلغانلىغى سەۋەپلىك ھىچ بىرسىدە مەن ئىزدىگەن ھىكمەتنى

تاپالمىدىم. ئۇنىڭدىكى قانۇنلار ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى
تەمىنلەپ بېرەلەيدىغان بىر ماھىيەتتىن بەكمۇ ئۇزاقتۇر. لېكىن
مۇھەممەدىلەرنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) قۇرئانى بۇ چەكلىمىدىن
خالىدۇر. مەن قۇرئاننى ھەر جەھەتتىن، ھەر نۇقتىدىن تەتقىق قىلدىم.
ھەر سۆزىدە ئۇلۇغ ھېكمەتلەر كۆردۈم. بۇ كىتابنى ھەزرىتى
مۇھەممەدنىڭ چىقارغان ئەسىرى دېيىشىمۇ ئەڭ مۇكەممەل بىر
مىگدىن مۇنداق بىر ئاجايىپنىڭ چىقىشىنى پەرەز قىلىش، ھەقىقەتلەرگە
كۆز يۇمۇپ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەپ بولۇش پىكرىنى
چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن يېزىلىشى مۇمكىن
ئەمەس. مەن شۇنى دەپ قويايكى، ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەسنا بىر
قۇدرەتتۇر. قۇدرەت قولىنىڭ مۇنداق ئىككىنچى بىر ۋۇجۇتنى بارلىققا
كەلتۈرىشى ئېھتىمالدىن ئۇزاقتۇر.

يا مۇھەممەد! سەن بىلەن بىر ئەسىرداش بولالمىغانلىقىمدىن
بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. سەن يايغان بۇ كىتاپ سېنىڭ ئەمەستۇر،
بەلكى غەيىپ ئالەمدىن كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئىلمى قائىدە،
قانۇنلارنى ھەقىقەتسىز قاراشتەك كۈلگۈنچلۈك بىر ئىشتۇر. ئىنسانىيەت
سەندەك بىر مۇستەسنا قۇدرەتنى بىر قېتىم كۆردى. ئىككىنچىلەپ
كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ھۇزۇرۇڭدا ھەقىقى بىر ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىمەن.»

بىسمارك

(ئوتتۇز ئىككىنچى سۆزنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى)

# ئىككىنچى نۇقتىنىڭ ئىككىنچى قىسمى

ئەھلى زالالەتنىڭ ۋەكىلى قاچىدىغان ھېچ بىر يەر ۋە زالالىتىنى دەستەكلىگىدەك ھېچ بىر نەرسە تاپالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دىدىكى:

«مەن دۇنيادىكى بەخت - سائادەتنى، ھاياتتىكى لەززەتنى، مەدەنىي تەرەققىياتنى، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ كامالىتىنى، ئاخىرەتنى ئويلىماسلىققا، ئاللاھنى تونۇماسلىققا، دۇنيانى سۆيۈشتە، ئەركىن بولۇشتا ۋە ئۆزىنگىلا ئىشىنىشتە كۆرگەنلىگىم ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى شەيتاننىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يولغا باشلىدىم ۋە باشلايمەن.»

جاۋاپ : بىزمۇ قۇرئان نامىدىن دەيمىزكى: ئەي بىچارە ئىنسان! ئەقلىڭنى بېشىڭغا ئال. ئەھلى زالالەت ۋەكىلىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما. ئەگەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ زىيان ۋە ھەسرەتلىرىڭ ئۇ قەدەر چوڭ بولىدۇكى، تەسەۋۋۇر قىلىنىشىدىن روھ، ئەقىل ۋە قەلبلەر تىترەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار:

بىرسى: ئەھلى زالالەت ۋەكىلى كۆرسەتكەن خەتەرلىك يولدۇر.

يەنە بىرى: قۇرئانى كەرىم تەرىپ قىلغان سائادەتلىك يولدۇر. مانا بۇ ئىككى يولنىڭ كۆپلىگەن پەرقلىرىنى كۆپ «سۆزلەر» دە بولۇپمۇ «كىچىك سۆزلەر» دە كۆردۈڭ ۋە چۈشەندىڭ. ھازىر تىما مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ پەرقنىڭ مىڭدىن بىرىنى يەنە كۆر ۋە بىل. يەنى:

شىرىك ۋە زالالەت، گۇناھ ۋە كۇفۇر يولى ئىنساننىڭ دەرىجىسىنى چەكسىز تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ. چەكسىز ئەلەملەر ئىچىدە چەكسىز بىر

ئىگىز يۈكنى زەئىپ ۋە ئاجىز بىلىگە يۈكلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان جانابى ئاللاھنى تونىمسا ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلمىسا، ئۇ ۋاقىت ئىنتايىن ئاجىز ۋە زەئىپ، چەكسىز ھاجەتمەن ۋە پېقىر، چەكسىز بالا - مۇسىبەتلەرگە دۇچار بولغان غەم - قايغۇلۇق بىر ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ياخشى كۆرگەن ئاللاقىدار بولغان بارلىق دوست - يېقىنلىرىنى بىر قايغۇلۇق پىراق ئىچىدە تاشلاپ قويۇپ، يالغۇز ھالدا قاراڭغۇ قەبرىگە كىرىدۇ. ھايات مۇددىتى ئىچىدە ئىنتايىن ئاز بىر ئىختىيار، كىچىك بىر ئىقتىدار، قىسقىغىنا بىر ھايات، ئاز بىر ئۆمۈر، غۇۋا بىر پىكرى بىلەن، چەكسىز ئەلەملەر بىلەن، ئارزۇلار بىلەن پايدىسىز مەشغۇل بولىدۇ. چەكسىز ئارزۇلىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى يېرىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇيەسسەر بىكارغا ئىشلەيدۇ. ھەمدە ئۆز يۈكىنى كۆتىرەلمەي تۇرۇپ، يوغان دۇنيانىڭ يۈكىنى بىچارە بىلىگە ۋە بېشىغا يۈكلىۋالىدۇ. تېخى جەھەننەمگە كەتمەستىن جەھەننەم ئازابىنى تارتىدۇ.

شۇنداق، شۇ قايغۇلۇق ئەلەمنى ۋە دەھشەتلىك مەنىۋى ئازابنى ھېس قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئاداشقان زالالەت ئەھلىلىرى ھېس تۇيغۇلىرىنى بىھۇش قىلىدىغان غەپلەت مەستلىكى بىلەن ۋاقىتلىق ھېس قىلمايدۇ. لېكىن ھېس قىلىدىغان ۋاقىت، يەنى قەبرىگە يېقىنلاشقان ۋاقىت دەرھال ھېس قىلىدۇ. چۈنكى جانابى ئاللاھقا ھەقىقى قۇل بولمىسا، ئۆزىنى ئۆزىگە ئىگە دەپ بىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇ ئازغىنا ئىختىيارى ۋە كىچىككىنە ئىقتىدارى بىلەن شۇ بوران - چاپقۇنلۇق دۇنيادا ئۆز جىسمىگە ئىگە بولالمايدۇ. ھاياتىغا زىيانلىق مىكروپتىن

باشلاپ، تا يەر تەۋرەشكە قەدەر مىڭلارچە تائىپە دۈشمەنلىرىنى هاياتىغا هۇجۇم قىلدىغان بىر سىزرەتتە كۆرىدۇ. قايغۇلۇق بىر قورقۇنچ بالاسى ئىچىدە ھەر ۋاقىت ئۆزىگە دەھشەتلىك كۆرۈنگەن قەبىر ئىشىكىگە قارايدۇ. ئۆزى شۇ ئەھۋالدا تۇرۇقلۇق، ئىنسانلىق ئىتىبارى بىلەن، ئىنسانىيەت ۋە دۇنيا بىلەن ئالاقىدار بولغان ئۇ ئىنسان، دۇنيا ۋە ئىنسانىنىڭ، چەكسىزلىگەن ھىكمەت، ئىلىم ئىگىسى، چەكسىزلىگەن قۇدرەت، شەپقەت ۋە ئىلتىپات ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىگى ۋە ئۇلارنى تەسادىپىلىققا ۋە تەبىئەتكە باغلىق دەپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيانىڭ قورقۇنچلۇق ھاللىرى ۋە ئىنسانىنىڭ ئەلەملىك ئەھۋاللىرى ئۇنى دائىما ئىزىدۇ. ئۆز ئەلىمى بىلەن بىرگە باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ ئەلەملىرىنى تارتىدۇ. دۇنيادىكى يەر تەۋرەش، ۋابا، سەل، ئاچارچىلىق، ئايرىلىشلار، ئۆلۈشلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ئازاپلىق ۋە زۇلمەتلىك بالا - مۇسىبەت سۈرىتىدە كۆرىنىپ ئۇنى ئازاپتا قويىدۇ.

شۇنداقتىمۇ شۇ ھالەتتىكى ئىنسان مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە لايىق ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئازاپلىق ھالنى ئۆزى تاللىۋالغان. «سەككىزىنچى سۆز» دە، چوڭقۇر ئازگالغا چوشۇپ قالغان ئىككى كىشى ئەھۋاللىرىنىڭ سىلىشتۇرمىسىدا ئىيتىلغاندەك، مەسىلەن: بىر كىشى گۈزەل بىر باغچىدا، ئىسىل بىر زىياپەتتە، ياخشى دوست - يىقىنلىرى ئىچىدە، پاكىز، تاتلىق، نۇمۇسلۇق، يىقىملىق بولغان ھالال بىر لەززەت ۋە راھەتكە قانائەت قىلماي، ھارام ۋە مەينەت بىر لەززەت ئۈچۈن، يىرگىنچلىك ۋە نىجىس بىر شاراپنى ئىچىسە، مەست بولۇپ ئۆزىنى

قىش مەزگىلىدە ۋە بەكمۇ كىر بىر يەردە، ھەتتا جانىۋار ھايۋانلار ئىچىدە دەپ ئويلاپ تىترەپ ۋاقىراپ توۋلىسا، قانداقمۇ مەرھەمەتكە لايىق بولسۇن؟ چۈنكى، ئىپپەتلىك ۋە مۇبارەك دوستلىرىنى ھايۋان دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنى ھاقارەت قىلىدۇ. زىياپەتتىكى لەززەتلىك تائاملارنى ۋە پاكىز قاچىلارنى كىر ۋە مەينەت تاش دەپ بىلىدۇ ۋە سۇنىدۇرۇشقا باشلايدۇ. ھەممە ئۇ يەردىكى ھۆرمەتكە لايىق كىتاپلارنى، مەنىدار خەتلەرنى مەنىسىز ۋە ئەرزىمەس ئويمىلار دەپ ئويلاپ يىرتىپ يەرگە تاشلايدۇ. ۋاھاكازالار ... ئەنە شۇنداق بىر شەخس مەرھەمەتكە لايىق ئەمەس، بەلكى جازا كاچتىغا لايىق بولغىنىدەك؛ ئوخشاشلا، سۇئى ئىختىيارىدىن چىققان كۇفۇر مەستلىگى بىلەن ۋە زالالەت ئەخمەقلىگى بىلەن چەكسىز ھىكمەت ئىگىسى بولغان يارانقۇچىنىڭ شۇ دۇنيا مېھمانخانىسىنى تەسادىپىلىق ۋە تەبىئەت ئويۇنچىقى دەپ بىلىدۇ. ئىلاھى ئىسىملارنىڭ جىلۋىلىرىنى يېڭىلايدىغان نەرسىلەرنىڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەزىپىلىرىنى پۈتتۈرۈپ غەيىپ ئالەمگە ئۆتۈشىنى ئۆلۈم بىلەن يوقىلىش دەپ ئويلايدۇ. ئاللاھنى مەدھىلەش ۋە ئۇلۇغلاش سادالىرىنى، مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ۋە پىراق يىغىلىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئىلاھى خەتلەر بولغان شۇ مەۋجۇدات بەتلىرىنى مەنىسىز، قالايمىقان نەرسىلەر دەپ خىيال قىلىدۇ. رەھمەت ئالەمگە يول ئاچقان قەبىر ئىشىكىنى، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاغزى دەپ بىلىدۇ. ھەقىقى دوست - يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش چاقىرىقى بولغان ئەجەلنى، ئەكسىچە ئۇلاردىن ئايرىلىش نۆۋىتى دەپ ئويلايدۇ. ئۆزىگە ئازاپلىق غەم - قايغۇ بېرىش بىلەن

بىرگە، ھەم مەۋجۇداتنى، ھەم ئىلاھى ئىسىملارنى ۋە خەتلەرنى ئىنكار ۋە ھاقارەت قىلغانلىقىدىن مەرھەمەتكە ۋە شەپقەتكە لايىق بولمىغىنىدەك، شىددەتلىك بىر ئازاپ كۆرۈشكە تېگىشلىكتۇر. ھېچ بىر جەھەتتە مەرھەمەتكە لايىق ئەمەستۇر.

ئەي بەختسىز كۇفۇر ۋە زالالەت ئەھلىلىرى! شۇ تۈۋەن چۆكۈشكە ۋە ئەزگۈچى مەيۇسلۇققا قارشى، قايسى تەرەققىياتىڭلار، قايسى پەنلىرىڭلار، قايسى كامالىتىڭلار، قايسى مەدەنىيىتىڭلار قارشى كېلەلەيدۇ؟ ئىنسان روھىنىڭ ئىنتايىن ھاجەتمەنلىگى بىلەن مۇھتاج بولغان ھەقىقى تەسەللىنى نىمەڭلاردا تاپالايسىلەر؟

ئاللاھ يارىتىپ ئىھسان قىلغان نەرسىلەرنى تاياندۇرۇپ بەكمۇ ئىشىنىپ كەتكەن قايسى «تەبىئەت» ىڭلار، قايسى سەۋەپلىرىڭلار، قايسى شىرىكلىرىڭلار، قايسى كەشپىياتىڭلار، قايسى مىللىتىڭلار، قايسى باتىل ئىلاھىڭلار، سىلەرنى ئۆزۈڭلار ئەبەدى يوقىلىش دەپ بىلگەن ئۆلۈم قاراڭغۇلىغىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەبىر تاموژنىسىدىن، بەرزاخ تاموژنىسىدىن، مەھشەر تاموژنىسىدىن، سىرات كۆۋرۈكىدىن راھەتلىك ھالدا ئۆتكۈزەلەيدۇ؟ ۋە ئەبەدى سائادەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ؟

ھالبۇكى، قەبرىڭلارنىڭ ئىشىكىنى تاقىيالمىغانلىغىڭلار ئۈچۈن سىلەر قەتئىيەن ئۇ يولنىڭ يولۇچىسىلەر، ئەنە شۇنداق بىر يولۇچى، پۈتكۈل ئۇ چوڭ دائىرىلەر ۋە ئۇ كەڭرى تاموژنىلار، ئۆز ئەمرى ۋە ھاكىمىيىتىدە بولغان بىرسىگە تايىنىشى كېرەك.

ئەي بەختسىز غەپلەت ۋە زالالەت ئەھلىلىرى! «شەرىئەت

دائىرىسىدە بولمىغان بىر مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى، مەرھەمەتسىز ئازاپ تارتىشتۇر.» قائىدىسىنىڭ سىرى بويىچە، سىلەر تەبىئىتىڭلاردىكى جانابىي ئاللاھنىڭ زات ۋە ئىسىم سۈپەتلىرىگە سەرپ قىلىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇھەببەت (سۆيۈش) ۋە بىلىش قابىلىيىتىنى، شۈكۈر ۋە ئىبادەت قىلىش قۇراللىرىنى نەفسىڭلارغا ۋە دۇنياغا شەرىئەتكە خىلاپ بىر سۈرەتتە سەرپ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، تېگىشلىك جازاسىنى تارتىۋاتىسىلەر. چۈنكى ئاللاھقا لايىق مۇھەببەتنى نەفسىڭلارغا بەردىڭلار. شۇڭا ئۇ سۆيگەن نەفسىڭلارنىڭ چەكسىز بالالىرىنى چېكىۋاتىسىلەر. چۈنكى ھەقىقىي بولغان بىر راھەتنى ئۇنىڭغا بەرمىدىڭلار. ھەمدە ئۇ نەفسىڭلارنى، ھەقىقىي سۆيۈشكە لايىق بولغان، ھەممىگە قادىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئارقىلىق تاپشۇرمىدىڭلار ۋە داۋاملىق ئەلەمنى چېكىۋاتىسىلەر. شۇنداقلا جانابىي ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىگە تېگىشلىك مۇھەببەتنى دۇنياغا بەردىڭلار. ئۇنىڭ ياراتقانلىرىنى ئالەمدىكى سەۋەپلەرگە تەقسىم قىلدىڭلار. شۇڭا بالاسىنىمۇ تارتىۋاتىسىلەر. چۈنكى، ئۇ سىلەر ياخشى كۆرگەن چەكسىز نەرسىلىرىڭلارنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە «خوش خۇداغا ئامانەت» مۇ دېمەستىن سىلەرگە ئارقىسىنى بۇراپ تاشلاپ كېتىدۇ. ۋە بىر قىسمى سىلەرنى تونىمايدۇ. تونىسىمۇ سىلەرنى سۆيمەيدۇ. سۆيسىمۇ سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ. ھەممىشە ئۇ چەكسىز پىراقلاردىن، قايتا كەلمەسكە كەتكەن ئايرىلىشلاردىن ئۈمىتسىز ھالدا ئازاپ چېكىۋاتىسىلەر.

زالالەت ئەھلىلىرىنىڭ ھايات سائادىتى، ئىنسانىي كامالەت ۋە

ئەركىنلىك لەززىتى دېگەن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى مانا بۇدۇر. كەيىپ ـ ساپالىرى ۋە مەستلىكى بىر پەردە بولۇپ، ئۇ ئازاپلارنى ۋاقىتلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. «لەنەتلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ئەقلىگە!» دە ...

نۇرانى بولغان قۇرئانى يولى بولسا، زالالەت ئەھلىلىرى تارتىدىغان ئازاپ يارىلىرىنى ئىمانى ھەقىقەتلەر ئارقىلىق داۋالايدۇ. ئاۋالقى يولدىكى بارلىق قاراڭغۇلۇق زۇلمەتلىرىنى تارتىدۇ. پۈتۈن زالالەت ۋە ھالاكەت ئىشىكلىرىنى ياپىدۇ. يەنى:

ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ۋە كۈچسىزلىكىنى، مۇھتاج ۋە ھاجەتمەنلىكىنى، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ۋە چەكسىز شەپقەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئارقىلىق داۋالايدۇ. ھايات ۋە ۋۇجۇت يۈكىنى ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ۋە مەرھەمىتىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزىگە يۈكلىمەستىن، بەلكى ئۆزى ئۇ ھاياتقا ۋە نەفسىگە مىنىۋالغاندەك بىر راھەت تاپىدۇ. ئۆزىنىڭ «ناتىق (سۆزلەيدىغان) بىر ھايۋان» ئەمەس، بەلكى ھەقىقى بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ مەقبۇل بىر مېھمىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيانى بىر ئىلاھى مېھمانخانا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى بولسا، ئىلاھى ئىسىملارنى كۆرسەتكۈچ ئەينەكلەر ۋە ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھى خەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ئايرىلىشتىن ۋە فانى نەرسىلەرنى سۆيۈشتىن كەلگەن يارىلىرىنى تولۇق داۋالايدۇ. قورقۇنىچ قاراڭغۇ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۆلۈم ۋە ئەجەلنى، بەرزاخ ئالەمىدىكى ۋە باقى

ئالەمدىكى دوست ـ يىقىنلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە كۆرۈشۈش مۇقەددىمىسى تەرىقىسىدە كۆرستىدۇ. ئەھلى زالالەت نەزىرىدە بارلىق دوست ـ يىقىنلىرىدىن ئەبەدىلىك ئايرىلىش بولغان ئۆلۈم يارىلىرىنى ئەنە شۇ شەكىلدە داۋالايدۇ. ھەمدە ئۇ ئايرىلىشنىڭ ھەقىقەتتە ئۇچرىشش ئىكەنلىگىنى ئىسپات قىلىدۇ. قەبرىنىڭ، رەھمەت ئالەمگە، سائادەت ماكانىغا، جەننەت باغىستانىغا، ئاللاھنىڭ نۇرىستانىغا ئىچىلغان بىر ئىشىك ئىكەنلىگىنى ئىسپات قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ يارىسىنى ساقايتىپ، بەكمۇ ئەلەملىك، قايغۇلۇق ۋە ناھايىتى قىيىن بولغان بەرزاخ ساياھىتىنى، ئەڭ لەززەتلىك، يىقىملىق، راھەتلىك بىر ساياھەت ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. قەبىر ھەقىقىتى ئارقىلىق ئەژدىرھا ئاغزىنى تاقاپ گۈزەل بىر باغچىغا ئىشىك ئاچىدۇ. يەنى قەبرىنىڭ ئەژدىرھا ئاغزى ئەمەسلىكىنى، بەلكى رەھمەت باغىستانىغا ئىچىلغان بىر ئىشىك ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

ھەمدە مۆئمىنگە ئۇ ئىمان ھەقىقىتى دەيدۇ: «ئىختىيارىڭ جۈزئى بولسا، (ئىختىيارىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىڭ ئاز بولسا)، ئۆز مالىكىڭنىڭ ئۇمۇمى ئىرادىسىگە ئىشىڭنى تاپشۇر. ئىقتىدارىڭ كىچىك بولسا، ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەن. ھاياتىڭ ئاز بولسا، باقى بىر ھاياتنى ئويلا. ئۆمرۈڭ قىسقا بولسا، ئەبەدى بىر ئۆمرۈڭ بار. غەم قىلما. پىكرىڭ خۇنۇك بولسا، قۇرئان قۇياشى ئاستىغا كىر ۋە ئىماننىڭ نۇرى بىلەن قاراكى، يۇلتۇز قۇرتىدەك بولغان پىكرىڭ ئورنىغا، ھەر بىر قۇرئان ئايىتى بىردىن يۇلتۇزدەك نۇر بىرىدۇ. ھەمدە چەكسىز تىلەكلىرىڭ، قايغۇلىرىڭ

بولسا، چەكسىز بىر ساۋاپ ۋە چەكسىز بىر راھەت سىنى كۈتىۋاتىدۇ. چەكسىز ئارزۇلىرىڭ ۋە مەقسەتلىرىڭ بولسا، ئۇلارنى ئويلاپ ئازاپ چەكمە. ئۇلار بۇ دۇنياغا سىغماس. ئۇلارنىڭ يەرلىرى باشقا بىر يەردۇر ۋە ئۇلارنى بەرگەنمۇ باشقىسىدۇر؛

يەنە دەيدۇكى: «ئەي ئىنسان! سەن ئۆزۈڭگە مالىك ئەمەسسەن، سەن قۇدرىتى چەكسىز بىر قادىر، رەھمىتى چەكسىز بىر رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ قۇلىسەن، ئۇنداقتا سەن ئۆز ھاياتىڭنى ئۆزۈڭگە يۈكلەپ قىينالما، چۈنكى ھاياتنى بەرگەن ئۇ بولغىنىدەك، ئىدارە قىلغانمۇ ئۇدۇر.

ھەم دۇنيا ئىگىسىز بولمىغانلىقتىن، سەن ئۆز بېشىڭغا دۇنيا يۈكىنى يۈكلەپ، قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى ئويلۇنۇپ غەم قىلما. چۈنكى ئۇنىڭ ئىگىسى چەكسىز بىر ھېكمەت ۋە ئىلىم بىلەن ئىش كۆرگۈچىدۇر. سەن بولساڭ بىر مېھمانسەن. ئوشۇقچە ئارىلاشما، ئارىلاشتۇرما.

ھەم ئىنسانلار ۋە ھايۋانلاردەك پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ۋەزىپىسىز ئەمەس؛ بەلكى ۋەزىپىدار خىزمەتچىلەردۇر. چەكسىز بىر ھېكمەت ۋە مەرھەمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ نەزىرى ئاستىدادۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ قايغۇ ۋە مۇشەققەتلىرىنى ئويلۇنۇپ، روھۇڭغا ئەلەم چەكتۈرمە. ۋە ئۇلارنىڭ شەپقەتلىك يارانقۇچىسىنىڭ شەپقىتىدىن تىخىمۇ ئارتۇق شەكىلدە شەپقىتىڭنى كۆرسەتمە.

ھەم ساڭا دۈشمەن ۋەزىيەتكە كىرگەن مىكروپتىن باشلاپ، تا ۋابا، سەل، ئاچارچىلىق، يەر تەۋرەشكە قەدەر بارلىق ھادىسىلەرنىڭ

تىزگىنلىرى ئۇ چەكسىز شەپقەت ۋە ھىكمەت ئىگىسىنىڭ قولىدادۇر. ئۇ ھەكىمدۇر، يەنى بوش - بوشىغا ئىش قىلماس. رەھىمدۇر، مەرھەمىتى كۆپتۇر. قىلغان ھەر ئىشىدا بىر خىل ئىلتىپاتى بار»

ئۇ ئىمان ھەقىقەتلىرى يەنە دەيدۇكى: «شۇ ئالەم گەرچە فانىيدۇر. بىراق ئەبەدىي بىر ئالەمنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. گەرچە زاۋالغا مەھكۇم ۋە ۋاقىتلىقتۇر. بىراق باقىي مېۋىلەر بېرىدۇ. باقىي بولغان بىر زاتنىڭ باقىي بولغان ئىسىملىرىنىڭ جىلۋىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە لەززەتلىرى ئاز، ئەلەملىرى كۆپتۇر. بىراق رەھمانىررەھىمنىڭ ئىلتىپاتلىرى يوق بولماس ھەقىقىي لەززەتلەردۇر. ئەلەملەر بولسا، ساۋاپ نۇقتىنەزىرى بويىچە مەنىۋى لەززەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ.

ھەممە ھالال دائىرىسى، روھ، قەلب ۋە نەفسىنىڭ بارلىق لەززەتلىرىگە، كەيپلىرىگە يېتەرلىكتۇر. ھارام دائىرىگە كىرمە. چۈنكى ئۇ دائىرىدىكى بىر لەززەتنىڭ بەزىدە مىڭ ئەلەمى بولىدۇ. ھەممە ھەقىقىي ۋە دائىملىق لەززەت بولغان ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن قۇرۇق قىلىشقا سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ. ھەممە زالالەت يولىدا— يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك — جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشىرىۋەتكەندەك شۇنداق بىر چۈكۈش باركى، ھېچ بىر مەدەنىيەت، ھېچ بىر پەلسەپە بۇنىڭغا بىر چارە تاپالمىغانلىقى ۋە ئۇ چوڭقۇر زۇلمەت ئازگىلىدىن ھېچ بىر ئىنسانى تەرەققىيات، ھېچ بىر پەننى كامالەت ئىنساننى چىقىرالمىغانلىقى ئېنىقتۇر. قۇرئانى كەرىم بولسا، ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇ جەھەننەمنىڭ ئەڭ بەتتىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ جەننەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىگە چىقىرىدۇ. قەتئىي

دەللەر بىلەن چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەمدە ئۇ چوڭقۇر ئازگالنى مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ پەشتاقلىرى ۋە روھانىي كامالەتنىڭ ئۆسكۈنلىرى بىلەن تولدۇرىدۇ. ھەم ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىر بوران-چاپقۇنلۇق بولغان ئەبەدىي تەرىپىگە ئۇزانغان سەپىرىنى ئىنتايىن قولايلاشتۇرىدۇ. مىڭ، بەلكى ئەللىك مىڭ يىللىق مۇساپىنى بىر كۈندە كېسىپ ئۆتىدىغان ۋاستىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ھەم ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي سۇلتانى بولغان ئاللاھنى تونۇتۇش ئارقىلىق، ئىنساننى ئۇنىڭغا قۇل بولغان بىر خىزمەتچى ۋە ۋەزىپىدار بىر مېھمان ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. ھەم دۇنيا مېھمانخانىسىدا، ھەم بەرزاختا، ھەم ئاخىرەتلىك ماكانلاردا تولۇق بىر راھەتلىك ساياھەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. خۇددى بىر پادىشاھنىڭ سادىق بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭ مەملىكىتىدە ۋە ھەر يەرنىڭ چېگرالىرىدىن بەكمۇ قولاي ھالدا، ئايروپىلان، پاراخود، پويىزدەك تېز قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن ئۆتۈپ ساياھەت قىلالىغانغا ئوخشاش، ئەزەلىي سۇلتانغا ئىمان بىلەن باغلانغان ۋە سالىھ ئەمەللىرى بىلەن ئىتائەت قىلغان بىر ئىنسان شۇ دۇنيا مېھمانخانىسىدىن، بەرزاخ ۋە مەھشەر قاتارلىق قەبرىدىن كېيىنكى بارلىق چېگرالاردىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتىدۇ ۋە ئاخىرى ئەبەدىي بەخت-سائادەتنى تاپىدۇ.؛ ھەمدە شۇ ھەقىقەتلەرنى ئېنىق ھالدا ئىسپات قىلىدۇ، ئەسفىيالار ۋە ئەۋلىيالارغا كۆرسىتىدۇ.

يەنە قۇرئان ھەقىقىتى دەيدۇكى: «ئەي مۆئمىن! سەندىكى چەكسىز مۇھەببەت قابىلىيىتىنى يامان، نوقسان، ناچار ۋە ئۆزۈڭگە زىيانلىق بولغان نەفسى ئەممارەڭگە بەرمە (سەرپ قىلما). ئۇنى ئەڭ

سۆيىلىشكە لايىق ۋە قۇللۇق قىلىشقا لايىق ئىلاھ قىلىۋالما. بەلكى سەندىكى ئۇ چەكسىز مۇھەببەت قابىلىيىتىنى، چەكسىز بىر مۇھەببەتكە لايىق بولغان، ھەم سەن ئۈچۈن ئىھسانى چەكسىز مول بولغان، ھەم سىنى كەلگۈسىدە چەكسىز بەختلىك قىلىدىغان، ھەم ئالاقىدار بولغان ۋە بەختىيارلىقىدىن سەنمۇ سۆيۈنگەن بارلىق زاتلارنى ئۆزىنىڭ ئىھسانلىرى بىلەن بەختىيار قىلغان، ھەم چەكسىز كامالەت ئىگىسى بولغان، چەكسىز دەرىجىدە مۇقەددەس، ئۇلۇغ، پاك، قۇسۇرسىز، نوقسانسىز ئۆچمەس بىر جامال ئىگىسى بولغان، ۋە ھەر ئىسمىدا كۆپلىگەن ھۆسن ۋە جامال نۇرلىرى بولغان، ھەمدە جەننەت بارلىق گۈزەللىكلىرى ۋە نېمەتلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ رەھمەت ۋە جامالىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا سۆيۈملۈك ۋە سۆيۈلگەن كائىناتتىكى بارلىق گۈزەللىكلەر، ھۆسنلەر، جامالىلار، كامالەتلەر ئۇنىڭ جامال ۋە كامالىتىگە ئىشارەت قىلغان، دەلىل بولغان ۋە ئالامەتلىرى بولغان بىر زاتقىلا ھەقىقى مۇھەببەت ۋە قۇلچىلىق قىلىش كېرەك دەپ بىل ! ... »

يەنە دەيدۇ : «ئەي ئىنسان ! ئۇنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىگە تېگىشلىك بولغان مۇھەببەت قابىلىيىتىڭنى، باشقا فانى مەۋجۇداتلارغا بەرمە، پايدىسىز ھالدا باشقا مەخلۇقاتلارغا تارقاتما. چۈنكى ئۇلار فانىدۇر. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە نەقىش ۋە جىلۋىلىرى كۆرۈنگەن «ئەسمائۇلھۇسنا» دېگەن گۈزەل ئىسىملار باقىدۇر، دائىمدۇر. ئۇ ئىسىملار ۋە سۈپەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە مىڭلارچە ئىھسان ۋە جامال مەرتىۋىلىرى، مىڭلارچە كامالەت ۋە مۇھەببەت تەبىقىلىرى بار. سەن پەقەت شۇ «رەھمان» ئىسمىگە قاراكى، جەننەت بىر جىلۋىسى، ئەبەدى

ساتادەت شولىسى ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن رىزىق ۋە نىمەتلەر بىر تامچىسىدۇر.»

مانا شۇ يۇقۇرىدىكى سىلىشتۇرمىلاردىن كيىن زالالەت ئەھلىلرى بىلەن ئىمان ئەھلىلرىنىڭ هايات ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى ماھىيەتلىرىگە ئىشارەت قىلغان لَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسَانَ فِى اَحْسَنِ تَقْوِيمٍ

ثُمَّ رَدَدْ نَاهُ اَسْفَلَ سَافِلِينَ

اِلَّا الَّذِينَ آمَنُو وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ

ئايىتىگە، ھەمدە نەتىجە ۋە ئاقىۋەتلىرىگە ئىشارەت قىلغان

فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَآءُ وَالْاَرْضُ

بولغان ئايەتكە دىققەت قىلىپ كۆر، يۇقۇرىدا بايان قىلغان سىلىشتۇرمىنى نەقەدەر يۈكسەك ۋە مۆجىزىلىك تۈردە ئىپادە قىلغان. بىرىنچى ئايەتنىڭ «11 ـ سۆز» دە تەپسىلى ھالدا، مۆجىزىلىك ۋە بالاغەتلىك ھالدا ئىپادە قىلغان ھەقىقىتى، ئۇ «سۆز» دە بايان قىلىنغانلىقتىن ئۇنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىمىز. ئىككىنچى ئايەتنىڭ نەقەدەر يۈكسەك بىر ھەقىقەتنى ئىپادە قىلىدىغانلىغىنى كىچىك بىر ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىمىز. يەنى: شۇ ئايەت ئوچۇق ئىپادىسى بىلەن شۇنداق پەرمان قىلىدۇ: «زالالەت ئەھلىنىڭ ئۆلىشى بىلەن ئاسمان ۋە زىمىن ئۇلار ئوچۇن يىغلىمايدۇ.» ئەكس ئىپادىسى بىلەن بولسا : «ئەھلى ئىمانىنىڭ دۇنيادىن كىتىشى بىلەن ئاسمان ۋە زىمىن ئۇلار ئوچۇن يىغلايدۇ.» دەيدۇ. يەنى ئەھلى زالالەت ئاسمان ۋە زىمىنىنىڭ

ۋەزىپىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەنىلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنى قىممەتتىن چۈشىرىدۇ. ياراتقۇچىلىرىنى تونىمايدۇ. ھەمدە ئۇلارغا قارشى بىر ھاقارەت ۋە ئاداۋەت قىلغانلىقتىن، ئەلبەتتەكى ئاسمان ۋە زېمىن ئۇلار ئۈچۈن يىغلاش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا نەپرەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مەمنۇن بولىشىدۇ. ئەكس ئىپادىسى بىلەن دەيدۇكى: «ئاسمان ۋە زېمىن، ئەھلى ئىماننىڭ ئۆلۈشى بىلەن يىغلايدۇ». چۈنكى ئەھلى ئىمان بولسا، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىلىدۇ. ھەقىقى ھەقىقەتلىرىنى تەستىق قىلىدۇ ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن، ئىپادىلىگەن مەنىلەرنى ئىمان بىلەن چۈشىنىدۇ.

«نەقەدەر گۈزەل يارىتىلغان، نەقەدەر گۈزەل خىزمەت قىلىشىۋاتىدۇ - ھە» دەيدۇ. ئۇلارغا لايىق قەدىر - قىممەت بېرىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھېسابىغا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەمدە ئۇلار ئەينەك بولغان ئىلاھى ئىسىملارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەنە شۇ سىر ئۈچۈندۇركى، ئاسمان ۋە زېمىن يىغلاۋاتقاندەك، ئەھلى ئىماندىن ئايرىلىشىدىن قايغۇرىدۇ.

مۇھىم بىر سۇئال: دەۋاتىسىلەركى: «مۇھەببەت ئىختىيارىنىڭ قولىدا ئەمەس، يارىتىلىشتىن كەلگەن ئېھتىياجغا بىنائەن لەززەتلىك تاماقلارنى ۋە مېۋىلەرنى سۆيىمەن. ئاتا - ئانا ۋە ئەۋلاتلىرىمنى سۆيىمەن. ھايات رەپىقەمنى سۆيىمەن. دوست - يېقىنلىرىمنى سۆيىمەن. پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنى سۆيىمەن. باھارنى، گۈزەل نەرسىلەرنى سۆيىمەن. بۇلارنى قانداق سۆيمەي؟ پۈتۈن بۇ مۇھەببەتلەرنى ئاللاھنىڭ زات، ئىسىم سۈپەتلىرىگە قانداقمۇ بېرەلمەيمەن؟ بۇ نىمە دىمەكتۇر؟

جاۋاپ: «ئۈت نوقتا» نى ئاڭلا:

بىرىنچى نۇقتا: مۇھەببەت گەرچە ئىختىيارنىڭ قولىدا ئەمەس، لېكىن ئىختىيار ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ يۈزىنى، سۆيۈپ قالغان بىر نەرسىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ياكى مۇھەببەتكە ھەققى لايىق بولغان بىرىگە پەردە ۋە ئەينەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مۇھەببەتنىڭ يۈزىنى لايىقىدا بولمىغان تەرەپتىن لايىقىدا بولغان تەرەپكە بۇراشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى نوقتا: ئۇ سانىغان سۆيگەنلىرىڭنى «سۆيمە» دېمەيۋاتىمىز. بەلكى ئۇلارنى ئاللاھ ھېسابىغا ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتى نامىغا سۆي دەۋاتىمىز. مەسىلەن، شېرىن تاماقلارنى، لەززەتلىك مېۋىلەرنى ئاللاھنىڭ ئېھسانى، رەھمانىررەھىمنىڭ ئىنئامى دەپ سۆيۈش، «رەھمان» ۋە «نېمەت بەرگۈچى» بولغان ئاللاھنى سۆيۈشتۇر. ھەم ئۇ مەنىۋى بىر شۈكۈردۇر. شۇ مۇھەببەت پەقەتلا نەفس نامىغا ئەمەس، رەھمان نامىغا بولىشى ئۈچۈن، شەرىئەت دائىرىسىدە قانائەتكارانە تېپىش ۋە تەپەككۇر ۋە شۈكۈر قىلغان ھالدا يېيىش كېرەكتۇر.

ئاتا ـ ئانىنى شەپقەت بىلەن قوراللاندۇرغان، سىنى ئۇلارنىڭ مەرھەمەتلىك قوللىرى ئارقىلىق ئۆستۈرگەن ھىكمەت ۋە رەھمەت نامىغا ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت، جانابى ئاللاھنى سۆيۈش ھېساپلىنىدۇ. ئۇ مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە شەپقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولىشىنىڭ ئالامىتى شۇدۇركى، ئۇلار قېرىغان، ساڭا ھېچ بىر پايدىلىرى قالمىغان، ھەمدە سىنى زەخمەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا سالغان ۋاقىت تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەت، مەرھەمەت ۋە شەپقەت قىلىشتۇر.

اِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ اَحَدُهُمَآ اَوْكِلَاهُمَا  فَلَاتَقُلْ لَهُمَآ اُفٍّ

ئايىتنىڭ بەش جەھەتتىن پەرزەنتلەرنى ھۆرمەت ۋە شەپقەتكە چاقىرىشى، قۇرئاننىڭ نەزىرىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھوقۇقلىرى نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتا ھېچكىمنىڭ ئەمەس، پەقەت بالىسىنىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ ياخشى بولىشىنى خالايدۇ. شۇڭا بالىمۇ ئاتىغا قارشى ھەق داۋا قىلالمايدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا يارىتىلىشتىن قارشىلىششقا سەۋەپ يوقتۇر. چۈنكى قارشىلىشىش، يا قىزغىنىش ياكى ھەسەتخورلۇقتىن كېلىدۇ. ئاتىدا بالىغا قارشى بۇلار يوق. ياكى بولمىسا، قارشىلىشىش ھەقسىزلىقتىن كېلىدۇ. بالىنىڭ ئاتىغا قارشى ھەق داۋا قىلىشقا ھەققى يوق. ئاتىسىنى ھەقسىز كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىسيان قىلالمايدۇ. دېمەك ئاتىغا ئىسيان ۋە ئۇنى رەنجىتكەن ئىنسان، ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھايۋاندۇر.

پەرزەنتلىرىنى، چەكسىز شەپقەت ۋە ئىلتىپات ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەدىيەلىرى بولغانلىقتىن شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئۇلارنى سۆيۈش، ئاللاھنى سۆيۈش ھىساپلىنىدۇ. ئۇ سۆيۈشنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولغانلىغىنى كۆرسەتكەن ئالامەت بولسا، ئۇلار ۋاپات قىلغاندا سەبىر بىلەن شۈكۈر قىلىشتۇر، مەيۈسلىنىپ پەريات قىلماسلىقتۇر. «ياراتقۇچىنىڭ مېنىڭ قارىشىمغا بەرگەن سۆيۈملۈك بىر مەخلۇقى ۋە بىر قۇلى ئىدى. ئەمدى ھېكمىتى كېرەك قىلىپ مەندىن ئالدى ۋە

تېخىمۇ ياخشى يەرگە ئېلىپ كەتتى. مېنىڭ ئۇ قۇلدا كۆرۈنۈشتە بىر ئۆلۈشۈم بار بولسا، ھەقىقىي بولغان مېنىڭ ئۆلۈش ئۈنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ تەسلىم بولۇشتۇر.

دوست ـ يېقىنلىرىنى بولسا، ئەگەر ئۇلار ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەر ئارقىلىق جانابى ھەقنىڭ دوستلىرى بولغان بولسا، «ئاللاھ ئۈچۈن سۆيۈش» سىرى بويىچە، ئۇ سۆيۈشمۇ، ئاللاھنى سۆيۈش ھېساپلىنىدۇ.

ھايات رەپىقەڭنى، ئىلاھى رەھمەتنىڭ سۆيۈملۈك، نازۇك بىر ھەدىيەسى ئىكەنلىگى جەھەتىدىن سۆي، مۇھەببەت كۆرسەت. بىراق تېز بۇزۇلىدىغان چىرايلىق جامالىغا مۇھەببىتىڭنى باغلىما. ئايالنىڭ ئەڭ جەزىبىلىك، ئەڭ تاتلىق گۈزەللىگى، ئايالغا خاس بولغان بىر خىل نازۇكلۇق، ئار ـ نۇمۇس ئىچىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقىدادۇر. ھەمدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ شىرىن جامالى بولسا، يۈكسەك، سەممىي، نۇرانى بولغان ھەقىقى شەپقىتىدەدۇر. شۇ شەپقەت جامالى ۋە ئەخلاق گۈزەللىگى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋام قىلىپ تېخىمۇ ئارتىپ بارىدۇ. ھەمدە ئۇ ئاجىز ۋە نازۇك بولغان مەخلۇقنىڭ ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى، ئۇ مۇھەببەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. بولمىسا سىرتقى گۈزەللىكىنىڭ ئۆچىشى بىلەن ئەڭ مۇھتاج بولغان زاماندا، ئۇ بىچارە، ھۆرمەت ھەققىنى يوقىتىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنى سۆيۈش، جانابى ئاللاھنىڭ مەقبۇل قۇللىرى بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ سۆيۈشمۇ ئاللاھنى سۆيۈشتۇر.

ھاياتنى، جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ۋە ساڭا بەرگەن ئەڭ قىممەتدار ۋە باقى بىر ھاياتقا ئىرىشتۈرىدىغان بىر سەرمايە ۋە بىر دەپىنە، ھەمدە

مەڭگۈلۈك كامالەتنى نەتىجە بەرگۈزىدىغان قۇراللارنى ئىچىگە ئالغان بىر خەزىنە، دەپ ئۇنى سۆيۈش، مۇھاپىزەت قىلىش، ۋە جانابى ئاللاھقا بولغان خىزمەتتە قوللىنىش كېرەك. شۇنداقلا، بىر جەھەتتىن ئۇ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت بولىدۇ.

شېرىن ۋە گۈزەل ياشلىقنى جانابى ئاللاھنىڭ شېرىن ۋە گۈزەل بىر نېمىتى، دەپ بىلىپ قەدىرلەش، سۆيۈش، ياخشى پايدىلىنىش، شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدىكى تەشەككۇرانە بىر خىل مۇھەببەتتۇر.

باھارنى، جانابى ئاللاھنىڭ نۇرانى ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ كۆركەم ۋە گۈزەل نەقىشلىرىنىڭ بېتى ۋە چەكسىز ھېكمەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىنىڭ ھەيران قالارلىق سەنئەتلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە تەنتەنىلىك بىر سەنئەت كۆرگەزمىسى، دەپ تەپەككۇر قىلغان ئاساستا سۆيۈش، جانابى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى سۆيۈشتۇر.

دۇنيانى، ئاخىرەت ھوسۇلى ئۆچۈن ئېتىز، ئىلاھى ئىسىملارنى كۆرسەتكۈچ ئەينەك، ھەمدە ئاللاھنىڭ مەنىدار خېتى ۋە ۋاقىتلىق مېھمانخانىسى دەپ سۆيۈش — نەفسى ئەممارە ئارىلاشماسلىق شەرتى بىلەن — ئاللاھنى سۆيۈش ھېسابىغا ئۆتىدۇ.

دېمەك؛ دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخلۇقلارنى بىر مەنىنى ئىپادىلىگۈچى ھەرپ نەزىرى بىلەن سۆي. ئۆز ئىسمى بىلەن سۆي. «نېمە دېگەن گۈزەل ياسىتىلغان!» دە، «نېمە دېگەن گۈزەل» دېمە. ۋە قەلبىڭنىڭ ئىچىگە باشقا مۇھەببەتلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويما. چۈنكى قەلبىڭنىڭ ئىچى، سەمەد بولغان ئاللاھنىڭ بىر ئەينىكى بولۇپ، ئۇنىڭغىلا مەخسۇستۇر.

اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنَا حُبَّكَ وَحُبَّ مَا يُقَرِّبُنَآ اِلَيْكَ

دە.

مانا بۇ يۇقۇرىدا ساناپ ئۆتتۈلگەن مۇھەببەتلەر، ئەگەر بۇ سۈرەتتە بولسا، ھەم ئەلەمسىز بىر لەززەت بىرىدۇ، ھەم ئايرىلغاندىن كيىن قايغۇ بەرمىگەنلىكتىن بىر جەھەتتىن، زاۋالغا كەتمىگەن داۋاملىق بىر بىللە بولۇشتۇر. ھەم بۇ ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنى زىيادىلەشتۈرىدۇ. ھەم شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدىكى بىر مۇھەببەتتۇر. ھەقىقى لەززەت بولغان بىر شۈكۈردۇر. ھەم ھەقىقى مۇھەببەت بولغان بىر تەپەككۈردۇر.

مەسىلەن: ئالى بىر پادىشاھ(*) ساڭا بىر ئالمىنى ئىھسان قىلسا، ئۇ ئالمىغا ئىككى خىل مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدا ئىككى خىل لەززەت بولىدۇ. بىرى، ئالما بولغانلىغى ئۈچۈن سۆيىلىدۇ. ئالمىغا مەخسۇس ۋە شۇ ئالمىچىلىك بىر لەززەت بار. بۇ مۇھەببەت پادىشاھقا بولغان مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بۇ ئالمىنى ئاغزىغا سىلىپ يىگەن كىشى پادىشاھنى ئەمەس، بەلكى ئالمىنى سۆيىدۇ. ۋە نەفسىگە مۇھەببەت كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بولىدۇكى، پادىشاھ ئۇ نەفسىپەرۋەرانە بولغان مۇھەببەتنى ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئالما لەززىتىمۇ ئازدۇر. ھەمدە يوق بولۇپ ئايرىلىدۇ.

---

(*)بىر زامان ئىككى قەبىلە رەئىسلىرى بىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ يىزىلغاندەك ئەھۋالدا بولۇشقان ئىكەن.

ئالمنى يىگەندىن كىيىن ئۇ لەززەتمۇ يوقىلىدۇ، بىر قايغۇ قالىدۇ.

ئىككىنچى مۇھەببەت بولسا، ئاللا ئىچىدىكى ئاللا بىلەن كۆرسىتىلگەن پادىشاھ ئىلتىپاتىدۇر. خۇددى ئۇ ئاللا ؛ پادىشاھ ئىلتىپاتىنىڭ نەمۇنىسى ۋە جىسىم ھالىتىدۇر.؛ دەپ قاراپ ئۇنى يۈرىگىگە قويغان كىشى، پادىشاھقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئىلتىپاتنىڭ غىلىپى بولغان ئۇ مۆيدە شۇنداق بىر لەززەت باركى، مىڭ ئاللا لەززىتىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن، ئەنە شۇ لەززەت شۈكۈرنىڭ ئۆزىدۇر. شۇ مۇھەببەت پادىشاھقا قارشى ئىھتىراملىق بىر مۇھەببەتتۇر. دەل مۇشۇ مىسالدەك، يۈتۈن نىمەتلەرگە، مۆيلەرگە ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھەببەت كۆرسىتىلسە، پەقەتلا ماددى لەززەتلىرى بىلەن غاپىللارچە لەززەتلەنسە ئۇ مۇھەببەت نەفسانىدۇر**. ئۇ لەززەتلەرمۇ ۋاقىتلىق ۋە ئەلەملىكتۇر. ئەگەر جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىلتىپاتلىرى دەپ ۋە ئىھسانلىرىنىڭ مۆيلىرى دەپ سۆيسە، ھەمدە ئۇ ئىھسان ۋە ئىلتىپاتلارنىڭ مەنىۋى دەرىجىلىرىنى تەقدىرلەش شەكلىدە ھەقىقى ئىشتىھا بىلەن لەززەت ئالسا، ھەم مەنىۋى بىر شۈكۈردۇر، ھەم ئەلەمسىز بىر لەززەتتۇر.

ئۈچىنچى نوقتا: جانابى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ دەرىجىلىرى بار. يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بەزىدە يارىتىلغان سەنئەت ئەسەرلىرىگە مۇھەببەت شەكلىدە، ئىسىملارنى سۆيىدۇ.

**تەفسانى : نەفس بىلەن، تەننىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ئالاقىدار.

بەزىدە ئىنسان ماھىيىتىنىڭ جەمئىيلىك جەھەتى بىلەن، چەكسىز ئېھتىياجلىرى ئارقىلىق ئىسىملارغا مۇھتاج ۋە ئاشىق بولغانلىقتىن، بۇ ئېھتىياج بىلەنمۇ سۆيىدۇ. مەسىلەن، سەن شەپقەت كۆرسەتكەن يارلىق تۇققان، يوقسۇللار، ئاجىز ۋە ھاجەتمەن مەخلۇقاتلارغا قارشى، ئۇلار ئاجىز ھالدا، ياردەمگە ئېھتىياجى بولغان ۋاقتتا، بىرى كېلىپ، خالىغىنىڭدەك ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ زاتنىڭ «ئىنئام قىلغۇچى» ئۇنۋانى ۋە «كەرىم» ئىسمى نەقەدەر ساڭا ياقىدۇ ۋە ئۇ زاتنى ئۇ نام بىلەن سۆيىسەن. شۇنىڭدەكلا، جانابى ئاللاھنىڭ پەقەتلا رەھمان ۋە رەھىم ئىسىملىرىنى ئويلاكى، سەن سۆيگەن ۋە شەپقەت كۆرسەتكەن پۈتۈن ئاتا ـ ئانا، ئەجداتلىرىڭنى، تۇققان ۋە دوست ـ يېقىنلىرىڭنى دۇنيادا تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن، جەننەتتە خىلمۇ ـ خىل لەززەتلەر بىلەن، ئۇ بەختلىك ئەبەدى ئالەمدە ئۇلارنى ساڭا كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئۇلارغا كۆرسىتىش نۇقتىنەزىرى بويىچە، ئۇ «رەھمان» ۋە «رەھىم» ئىسمى نەقەدەر سۆيۈلىشكە لايىق ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇ ئىككى ئىسىمغا ئىنسان روھى نەقەدەر مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن. شۇنداقلا «ئەلھەمدۇلىللاھى ئالا رەھمانىيىەتى ۋە ئالا رەھىمىيىەتىھى» جۈملىسى نەقەدەر يېرىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن.

ھەمدە سەن ئالاقىدارلىق كۆرسەتكەن، پەرىشانلىقلىرىدىن (سەن) قايغۇرغان، سىنىڭ بىر خىل ئۆيۈڭ ـ دۇنيادۇر. ئۇ ئۆيىڭنىڭ ئىچىدىكى مەۋجۇداتلار، سىنىڭ ئۇ ئۆيۈڭنىڭ ياخشى لازىمەتلىكلىرى ۋە زىننەتلىرىدۇر. ئەنە شۇ دۇنيانى ۋە ئىچىدىكى مەخلۇقاتلارنى چەكسىز بىر ھېكمەت بىلەن تەرتىپكە سېلىپ باشقۇرغان زاتنىڭ

«ھەكىم» ۋە «مۇرەببى»* ئىسمىگە، سىنىڭ روھىڭنىڭ قانچىلىك مۇھتاج، قانچىلىك ئاشىق ئىكەنلىكىنى دىققەت قىلساڭ چۈشىنىسەن. شۇنداقلا سەن ئالاقىدار بولغان ۋە ئايرىلىشى بىلەن قايغۇرغان ئىنسانلارنى، ئۇلارنىڭ ۋاپاتى ۋاقتىدا، يوقلۇق قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، بۇ دۇنيادىن تېخىمۇ ئېسىل بىر يەرگە يەرلەشتۈرگەن بىر زاتنىڭ «ۋارىس، بائىس»، ھەمدە «باقى، كەرىم، مۇھيى، مۇھسىن»** ئىسىملىرىغا روھىڭ قانچىلىك مۇھتاج ئىكەنلىكىنى دىققەت بىلەن قارىساڭ چۈشىنىسەن. ئىنساننىڭ ماھىيىتى يۈكسەك، يارىتىلىشى جەملەنگەن بولغانلىقتىن مىڭلىغان تۈرلۈك - تۈرلۈك ھاجەتلەر بىلەن مىڭلىغان ئىلاھى ئىسىملارغا ۋە ھەر بىر ئىسىمنىڭ كۆپلىگەن مەرتىبىلىرىگە يارىتىلىشىدىن مۇھتاجدۇر. قاتمۇ - قات ئېھتىياج، ئىشتىياقتۇر. قاتمۇ - قات ئىشتىياق مۇھەببەتتۇر. قاتمۇ مۇھەببەتمۇ ئاشقتۇر. روھىڭ مۇكەممەللىكىگە قارىتا مۇھەببەت مەرتىبىلىرى يۈكسىلىدۇ. مۇھەببەت مەرتىبىلىرىمۇ، ئىسىم مەرتىبىلىرىگە قارىتا ئۆسىدۇ. بارلىق ئىسىملارغا مۇھەببەتمۇ - چۈنكى ئۇ ئىسىملار جانابى ئاللاھنىڭ نام ۋە جىلۋىلىرى بولغانلىقتىن - ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ.

*مۇرەببى : يېتىشتۈرگەن، يېتىشتۈرگۈچى.

** ۋارىس : ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى؛ بائىس : يېڭىدىن ياراتقان ئاللاھ؛ مۇھيى : تىرىلتكەن، ھايات بەرگەن؛ مۇھسىن : ياخشىلىق قىلغان، ئېھسان قىلغان.

ھازىرچە ئۇلگە سۈپىتىدە مىڭلىغان ئىسىملاردىن پەقەت «ئادىل»، «ھاكىم»*، «ھەق» ۋە «رەھىم» ئىسىملىرىنىڭ مىڭلىغان مەرتىۋىلىرىدىن بىر مەرتىۋىنى بايان قىلىمىز.

يەنى، ھېكمەت ۋە ئادالەت ئىچىدىكى «رەھمانىي رەھىم» ۋە «ھەق» ئىسىملىرىنى چوڭ بىر دائىرىدە كۆرۈشنى خالىساڭ شۇ مىسالغا قارا. مەسىلەن: بىر ئارمىيىدە تۆت يۈز مىڭ تۈرلۈك گۇرۇپپىلار بار دىسەك، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ ياقتۇرىدىغان كىيىملىرى باشقا، خالىغان رىزىقلىرى باشقا، قولاي قوللىنىدىغان قوراللىرى باشقا، داۋا بولىدىغان دورىلىرى باشقادۇر. پۈتۈن ئۇ تۆت يۈز مىڭ گۇرۇپپا ئارىلاشقان بىر ھالەتتە بولىسىمۇ، بىر مىسلىسىز پادىشاھ ئاجايىپ شەپقەت ۋە مەرھەمىتى بىلەن، ھەيران قالارلىق ئىقتىدارى، مۆجىزىلىك ئىلمى ۋە كەڭ نەزىرى بىلەن ۋە پەۋقۇلئادە ئادالەت ۋە ھېكمىتى بىلەن؛ ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى ئۇنۇتماستىن، تەمتىرەپ قالماستىن؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن باشقا - باشقا ئۆزلىرىگە لايىق كىيىم، تاماق، دورا ۋە قوراللىرىنى ياردەمچىسىز ھالدا ئۆز قولى ئارقىلىق بەرسە، ئۇ زاتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، شەپقەتلىك، ئادىل، ئىلتىپاتكار بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن. چۈنكى بىر پولكتا ئون مىللەتتىن ئەسكەر بولسا ئۇلارنى باشقا - باشقا كىيدۈرۈش، قوراللاندۇرۇش بەكمۇ قىيىن بولغانلىقتىن، مەجبۇرەن قايسى مىللەت بولسا بولسۇن بىر خىل تەمىنلەندۈرىلىدۇ.

---

* ھاكىم: ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ئاللاھ.

مانا بۇ مسالدەك، جانابى ئاللاھنىڭ ئادىللىق ۋە ھىكمەت ئىچىدىكى «ھەق» ئىسمى ۋە «رەھمانىر رەھىم» نىڭ جىلۋىسىنى كۆرۈشنى خالىساڭ، باھار پەسلىدە، زىمىن يۈزىدە چىدىرلىرى قۇرۇلغان ھەشەمەتلىك تۆت يۈز مىڭ مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئارمىيىسىگە قاراكى، پۈتۈن ئۇ مىللەتلەر، ئۇ گۇرۇپپىلار بىر ـ بىرى ئىچىدە بولۇش بولۇش بىلەن بىرگە، ھەر بىرسىنىڭ كىيىمى باشقا، رىزقى باشقا، قورالى باشقا، ھايات شەكلى باشقا، قابىلىيىتى باشقا، ھايات ۋەزىپىسىدىن بوشىنىش ۋاقىتلىرى باشقا بولسىمۇ، ھەممىدە ئۇ ھاجەتلىرىنى قاندۇرغىدەك كۆچى ۋە تەلەپلىرىنى سورىغىدەك تىللىرى بولمىسىمۇ، ھەممىدە ھىكمەت ۋە ئادالەت دائىرىسى ئىچىدە ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بىلەن بولغان «ھەق»، «رەھمان»، «رەززاق»، «رەھىم»، «كەرىم» ئىسىملىرىنى كۆزەت، كۆر. قانداق بىر دەرىجىدە، ھىچبىرىنى ئۇنۇتماستىن، تەمتىرەپ قالماستىن، ئالماشتۇرۇپ قويماستىن باقىدىغانلىغنى، قارايدىغانلىغنى، باشقۇرىدىغانلىغنى بىل.

ئەنە شۇنداق ھەيران قالارلىق، ئىنتايىن كەڭ دائىرە ئىچىدىكى بىر تەرتىپ ۋە ئۆلچەم بىلەن قىلىنىۋاتقان بىر ئىشقا باشقىلىرىنىڭ قوللىرى ئارىلىشالامدۇ. ۋاھىدى ئەھەد ۋە ھەكىمى مۇتلەق، ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھتىن باشقا، بۇ سەنئەتكە، بۇ كونترولغا، بۇ رۇبۇبىيەتكە قايسى نەرسە قولىنى ئۇزاتالايدۇ؟ قايسى سەۋەپ ئارىلىشالايدۇ.

تۆتىنچى نوقتا: دەۋاتىسەنكى: «مىنىڭ تاماقلارغا، نەفسىمگە، ئايالىمغا، ئاتا ـ ئانامغا، بالىلىرىمغا، دوست ـ يىقىنلىرىمغا، ئەۋلىيالارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئىسىل نەرسىلەرگە، باھارغا، دۇنياغا بولغان تۈرلۈك

مۇھەببەتلىرىم، قۇرئاننىڭ ئەمر قىلىشى بويىچە بولسا، نەتىجىلىرى ۋە پايدىلىرى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ : بارلىق نەتىجىلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر كىتاپ يېزىش توغرا كېلىدۇ. ھازىر قىسقىچە بىر ـ ئىككى نەتىجە ئىشارەت قىلىمىز. باشتا دۇنيادىكى نەتىجىلىرى، كېيىن ئاخىرەتتە كۆرۈنىدىغان نەتىجىلىرى بايان قىلىنىدۇ. يەنى:

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك... ئەھلى غەپلەت ۋە ئەھلى دۇنيالار* نىڭ پىكرى بويىچە ۋە نەفس نامىغا بولغان مۇھەببەتلەرنىڭ دۇنيادا بالالىرى، ئەلەملىرى، مۇشەققەتلىرى كۆپتۇر. خوشاللىقى، لەززەتلىرى، راھەتلىرى ئازدۇر. مەسىلەن: شەپقەت ئاجىزلىق سەۋەپلىك ئەلەملىك بىر بالا بولىدۇ. مۇھەببەت ئايرىلىش سەۋەپلىك ئىزدىراپلىق بىر ئازاپ بولىدۇ. لەززەت يوقىلىش سەۋەپلىك زەھەرلىك بىر شەربەت بولىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا، ئاللاھ نامىغا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يا پايدىسىزدۇر، يا ئازاپتۇر. ـ ئەگەر ھارامغا كىرگەن بولساـ

سۇئال: پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارغا قارشى بولغان مۇھەببەت قانداق پايدىسىز قالىدۇ؟

جاۋاپ : خىرىستيانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى رافىزىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولغان مۇھەببەتلىرى پايدىسىز قالغاندەك ...

---

*ئەھلى دۇنيا : دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق قىممەت بەرگەن.

ئەگەر مۇھەببەتلەر قۇرئاننىڭ دىگىنى بويىچە، ئاللاھ نامىغا، ئاللاھنى سۆيۈش ھېسابىغا بولسا، ئۇ چاغدا ھەم دۇنيادا، ھەم ئاخىرەتتە ياخشى نەتىجىلىرى بار. دۇنيادا بولسا؛ لەززەتلىك تاماقلارغا، شىرىن مىۋىلەرگە بولغان مۇھەببەتىڭ، ئەلەمسىز بىر نىمەت ۋە شۈكۈر چىقارغان بىر لەززەتتور.

نەفسىڭگە مۇھەببەت بولسا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش، تەربىيەلەش، زىيانلىق نەرسىلەردىن چەكلەشتۇر. ئۇ ۋاقىت نەفس ساڭا مىنمەيدۇ. سىنى ھاۋايى ھەۋەسكە ئەسىر قىلالمايدۇ، بەلكى سەن نەفسىڭگە مىنىسەن.

ئۇنى ھاۋايى ھەۋەسكە ئەمەس، توغرا ۋە ياخشى يولغا باشلايسەن.

ھايات رەپىقەڭگە بولغان مۇھەببىتىڭ، گۈزەل ئەخلاقىغا، شەپقەتلىك خىسلىتىگە، ھەمدە بىر رەھمەت ھەدىيەسى بولغانلىقىغا قاراپ قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سەمىمى مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىسەن. ئىككىڭلار قېرىغانسىرى بۇلارمۇ زىيادىلىشىدۇ. بولمىسا، چىرايىنىڭ گۈزەللىگىگە بولغان نەفسانى مۇھەببەت بولسا، ئۇ مۇھەببەت تېز بۇزۇلىدۇ. ئارىلىرىدىكى ياخشى ئالاقىدارلىقمۇ بۇزۇلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇھەببىتىڭ، جانابى ئاللاھ نامىغا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەم بىر ئىبادەت بولۇش بىلەن بىرگە، ھەم ئۇلار قېرىغاندا، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى ئارتتۇرىسەن. ئەڭ ئالى جاناپ بىر ھىس بىلەن ، ئەڭ مەردانە ھالدا، ئۇلارغا خىزمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن بولىشىنى ئارزۇ قىلىپ دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ يۈزىدىن تىخىمۇ

كۆپ ساۋاپ تاپاي» دەپ، سەمىمى ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈش، يۈكسەك بىر رۇھانى لەززەت ئىلىشتۇر. بولمىسا، نەفسانى شەكىلدە، دۇنيا ئېتىبارى بىلەن بولسا، ئۇلار قېرىغان ۋە ساڭا يۈك بولىدىغان بىر ھالغا كىرگەن ۋاقىتتا، ئەڭ يامان ۋە ئەڭ پەس بىر ھىس بىلەن ئۇلارنى ياقتۇرماي تۆۋەن كۆرۈش، سىنىڭ ھاياتىڭغا سەۋەپ بولغان ئۇ مۆھتىرەم زاتلارنىڭ ئۆلۈملىرىنى ئارزۇ قىلىشتەك ۋەھشى، قايغۇلۇق، رۇھانى بىر ئەلەمدۇر.

پەرزەنتلىرىڭگە بولغان مۇھەببەت بولسا، يەنى جانابى ئاللاھنىڭ سىنىڭ قارىشىڭغا ۋە تەربىيەڭگە ئامانەت قىلغان سۆيۈملۈك، يىقىملىق ئۇ مەخلۇقاتلارغا مۇھەببەت بولسا، بەكمۇ لەززەتلىك بىر مۇھەببەت ۋە بىر نىمەتتۇر. بىر بالاغا دۇچار بولسىمۇ، ئۇشۇقچە ئەلەم تارتمايسەن. ۋاپاتلىرى بىلەنمۇ مەيۇس ھالدا پەريات چەكمەيسەن. يۇقۇرىدا دېيىلگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىلىرى ھەم چەكسىز ھېكمەت ئىگىسى، ھەم چەكسىز شەپقەت ئىگىسى بولغانلىقتىن، «ئۇلار ئۈچۈن بۇ ئۆلۈم بىر سائادەتتۇر» دەيسەن. ئۇلارنى ساڭا بەرگەن زاتنىڭ رەھمىتىنى ئويلايسەن. ئايرىلىش ئەلىمىدىن قۇتۇلىسەن.

دوست - يىقىنلىرىڭغا بولغان مۇھەببەت بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئايرىلىشلىرى، ھەتتا ئۆلۈشلىرى، سۆھبىتىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىقىڭلارغا توسقۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەنىۋى مۇھەببەت ۋە رۇھانى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىسەن. بىللە ۋە باراۋەرلىك لەززىتى دائىملىق بولىدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن بولمىسا، بىر كۈنلۈك بىللە بولۇش لەززىتى يۈز كۈنلۈك ئايرىلىش ئەلىمىنى نەتىجە

بىرىدۇ. (*)

پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارغا بولغان مۇھەببىتىڭ بولسا: غاپىللارنىڭ نەزىرىدە قاراڭغۇ بىر قورقۇنچلۇق جاي دەپ بىلىنگەن بەرزاخ ئالەمىنى، ساڭا ئۇ نۇرانىلەرنىڭ نۇرلىرى بىلەن نۇرلانغان بىر ماكان سۈرىتىدە كۆرۈنگەنلىكىنى ئۇچۇن، ئۇ ئالەمگە كىتىشتىن قورقۇش ۋە ھۈركۈش ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە ئارزۇ ۋە ئىشتىياق ھىسسىنى بىرىدۇ. دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززىتىنى قاچۇرمايدۇ. بولمىسا ئۆلارغا بولغان مۇھەببەت، مەدىنى ھىساپلانغانلارنىڭ دۇنيا مەشھۇرلىرىغا بولغان مۇھەببەتلىرىدەك بولسا، ئۇ مۇكەممەل ئىنسانلارنىڭ يوقىلىش ۋە ئايرىلىشلىرىنى، ھەمدە ئۆتكەن زامان دىيىلگەن چوڭ مازاردا چىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى ئويلىنىش بىلەن، قايغۇلۇق بولغان ھاياتقا يەنە بىر قايغۇ قاتىدۇ. يەنى: «شۇنداق مۇكەممەل ئىنسانلارنى چىرىتكەن بىر مازارغا مەنمۇ كىتىمەن» دەپ ئويلايدۇ. مازارستانغا قورقۇنچ نەزىرى بىلەن قاراپ «ئاھ» تارتىدۇ. بىرىنچى كۆز قاراش بىلەن بولسا، جىسمى كىيىمنى ئۆتكەن زامانغا قويۇپ قويۇپ ئۆزلىرىنى كىلەچەك زالى بولغان
دۇنيا ئۇچۇن بولسا، بىر يىل بىر مىسكونتتۇر.
بەرزاخ ئالىمىدە تولۇق بىر راھەتلىك بىلەن ھايات سۈرىۋاتقانلىقىنى ئويلايدۇ. مازارستانغا دوستانە قىياپەتتە قارايدۇ.

---

(*) ئاللاھ ئۇچۇن بولغان بىر مىسكونتلۇق بىللە بولۇش، بىر يىلدۇر.

ئىسىل نەرسىلەرگە مۇھەببىتىڭ، ياراتقۇچىلىرى نامىغا بولغانلىقتىن «نە قەدەر گۈزەل يارىتىلغان!» دەپ قارايسەن. ئۇ مۇھەببىتىڭ تاتلىق بىر تەپەككۇردۇر. شۇنداقتىمۇ ھۆسىنپەرەس، جامالپەرەس قىزىقىش نەزىرىڭنى تىخىمۇ يۈكسەك، تىخىمۇ مۇقەددەس ۋە مىڭلىغان ھەسسە تىخىمۇ گۈزەل بولغان جامال مەرتىۋىلىرىنىڭ خەزىنىلىرىگە يول ئېچىپ قارىتىدۇ. چۈنكى ئۇ گۈزەل نەرسىلەردىن ئاللاھنىڭ سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىگە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىسىملىرىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئۇنىڭدىن سىپەتلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز جامالىغا قارشى قەلبكە يول ئاچىدۇ. مانا بۇ مۇھەببەت بۇ شەكىلدە بولسا، ھەم لەززەتلىكتۇر، ھەم ئىبادەتتۇر، ۋە ھەم تەپەككۇردۇر.

ياشلىققا مۇھەببەت بولسا، جانابى ئاللاھنىڭ ياخشى بىر نېمىتى دەپ سۆيگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئەلبەتتە ئۇنى ئىبادەتتە سەرپ قىلىسەن. گۇناھلىق يوللاردا بۇغۇپ ئۆلتۈرمەيسەن. ئۇنداقتا ئۇ ياشلىقىڭدا قازانغان ئىبادەتلەر، ئۇ فانى ياشلىقنىڭ باقى مېۋىسىدۇر. سەن قېرىغاندا، ياشلىقنىڭ ياخشىلىقلىرى بولغان باقى مېۋىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇش بىلەن بىرگە، ياشلىقنىڭ زىيانلىرىدىن، يامانلىقلىرىدىن قۇتۇلىسەن. شۇنداقلا قېرىلىقتا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىشقا مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىلاھى مەرھەمەتكە تېخىمۇ كۆپ لاياقەت قازانغانلىقىڭنى ئويلايسەن. ئەھلى غەپلەتكە ئوخشاش، بەش - ئون يىللىق بىر ياشلىق لەززىتىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەللىك يىلدا «ئىست، ياشلىقىم كەتتى!» دەپ ھەسرەت چېكىپ، ياشلىقىڭغا يىغلىمايسەن.

خوُددى شوُنداقلاردىن بىرسى دىگەنكەن:

لَيْتَ الشَّبابَ يَعُودُ يَوْماًفَأُخْبِرُهُ بِمافَعَلَ الْمَشِيبُ

يەنى: «كەشكى ياشلىغىم بىر بىر كۈن قايتىپ كەلسە ئىدى، قىرىلىقنىڭ مىنىڭ بىشىمغا نىمىلەرنى ئىلىپ كەلگەنلىگىنى شىكايەت قىلىپ خەۋەر بىرەتتىم.»

باھاردەك زىننەتلىك نەرسىلەرگە مۇھەببەت بولسا، ئىلاھى سەنئەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن بولغانلىقتىن، ئۇ باھارنىڭ كىتىشى بىلەن، قاراپ زوقلىنىش لەززىتى تۈگىمەيدۇ. چۈنكى باھار كۆركەم بىر خەتتەك ... بەرگەن مىۋىلىرىدىن ھەر ۋاقىت قاراپ زوقلىنالايسەن. سىنىڭ خىيالىڭ بىلەن ۋاقىت، ھەر ئىككىسى كىنو لىنتىلىرىدەك ساڭا ئۇ قاراپ زوقلىنىش لەززەتلىرىنى تەكرارلاش بىلەن بىرگە، ئۇ باھارنىڭ مەنىلىرى ۋە گۈزەللىكلىرىنى سەن ئۈچۈن يىڭىلايدۇ. ئۇ ۋاقىت مۇھەببىتىڭ ھەسرەتلىك، ئەلەملىك ۋە ۋاقىتلىق بولمايدۇ. لەززەتلىك ۋە زوقلۇق بولىدۇ.

دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىڭ بولسا، جانابى ئاللاھنىڭ نامىغا بولغانلىقتىن، دۇنيانىڭ دەھشەتلىك مەۋجۇداتلىرى، ساڭا يىقىن بىر دوستتەك بولىدۇ. دۇنيانى ئاخىرەت ئىتىزى دەپ سۆيگەنلىگىڭ ئۈچۈن، ھەر نەرسە ئاخىرەتتىگە پايدا بىرىدىغان بىر سەرمايە ۋە بىر مىۋە ئالالايسەن. بالا ـ مۇسىبەتلەرمۇ ساڭا قورقۇنچ بەرمەيدۇ. يوقلىنىش ۋە ئايرىلىشلىرىمۇ ساڭا قىينىچلىق تۇغدۇرمايدۇ. تولۇق راھەتچىلىك بىلەن ئۇ مىھمانخانىدا ھايات مۇددىتىڭنى ئۆتكۈزىسەن.

بولمىسا ئەھلى غەپلەتكە ئوخشاش بۇ دۇنيانى سۆيسەڭ، يۈزلىگەن قىتىم ساڭا دىدۇقكى، جان قىينايدىغان، ئىزىدىغان، بوغىدىغان، يوقلىشقا مەھكۇم بولغان نەتىجىسىز بىر مۇھەببەت ئىچىدە بۇغۇلىسەن، كىتىسەن.

سەن سۆيگەن بەزى نەرسىلەرگە، قۇرئان تەلەپ قىلغان شەكىلدە بولغان مۇھەببەت نەتىجىلىرىنىڭ يۈزدە ئاران بىر تەرىپىنى كۆرسەتتۇق. قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا بولمىغاندا بىرىدىغان نەتىجىلىرىنىڭ يۈزدە بىر زىيىنغا ئىشارەت قىلدۇق.

ئەمدى سەن سۆيگەن شۇ نەرسىلەرنىڭ باقى ئالەمدىكى، ئاخىرەت ماكانىدىكى، قۇرئانى كەرىمنىڭ پارلاق ئايەتلىرى بىلەن ئىشارەت قىلغان نەتىجىلىرىنى ئاڭلاش ۋە چۈشىنىشنى خالىساڭ «بىر مۇقەددىمە» ۋە «توققۇز ئىشارەت» ئارقىلىق يۈزدىن بىر پايدىسىنى قىسقىچە كۆرسىتىمىز.

## مۇقەددىمە

جانابى ئاللاھ، ئىنساننىڭ خىلمۇ - خىل ۋە ناھايىتى كۆپ تۇيغۇلىرى ئارقىلىق، نىمەتلىرىنىڭ چەكسىز تۈرلىرىنى، ئىھسانلىرىنىڭ قىسىملىرىنى، رەھمەت دەرىجىلىرىنى ئۇ ئىنسانغا ھىس قىلدۇرۇش، بىلدۇرۇش، تېتىتىش، تونۇتۇش ئۈچۈن، ھەمدە مىڭلارچە ئىسىملىرىنىڭ چەكسىز جىلۋىلىرىنى ئىنسانغا ئۆز تۇيغۇلىرى ئارقىلىق بىلدۇرۇش، ئۆلچىتىش ۋە سۆيدۈرۈش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك ئۇلۇغلىقى

بىلەن، ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن، چوڭ رۇبۇبىيىتى بىلەن، كەرىم شەپقىتى بىلەن، ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن، نازۇك ھېكمەتلىرى بىلەن شۇ كىچىك ئىنساننىڭ تېنىگە بۇ قەدەر ھېس ۋە تۇيغۇلارنى، بۇ قەدەر ئورگان ۋە سىستېمىلارنى، تۈرلۈك ئەزا ۋە ۋاستىلارنى، خىلمۇ - خىل ماددىي ۋە مەنىۋى سېزىملارنى بېرىپ قۇراللاندۇرغان ۋە زىننەتلەندۈرگەن. ئۇ ئىنساندىكى ناھايىتى كۆپ بولغان سېزىم ۋە تۇيغۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ باشقا - باشقا خىزمىتى، ئىبادىتى بولغىنىدەك، باشقا - باشقا لەززىتى، ئەلەمى، ۋەزىپىسى ۋە مۇكاپاتى باردۇر.

مەسىلەن: كۆز سۈرەتلەردىكى گۈزەللىكلەرنى ۋە كۆرۈلگەنلەر ئالەمىدە قۇدرەتنىڭ گۈزەل مۆجىزىلىرىنىڭ ھەر تۈرىگە قاراپ زوقلىنىدۇ. ۋەزىپىسى، تەلىم ئېلىش نەزىرى ئارقىلىق ياراتقۇچىغا شۈكۈر قىلىشتۇر. كۆرۈشكە ئائىت لەززەت ۋە ئەلەم مەلۇمدۇر. ئىزاھقا ھاجەت يوق.

قۇلاق، سادالارنىڭ تۈرلىرىنى، يېقىملىق نەغمىلىرىنى ۋە ئاۋاز ئالەمىدە جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىلتىپاتىنى ھېس قىلىدۇ. باشقا بىر ئىبادىتى، باشقا بىر لەززىتى، باشقا بىر مۇكاپاتى بار.

پۇراش سېزىمى، پۇراقلار تائىپىسىدىكى رەھمەت ئىلتىپاتىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزىگە خاس بىر شۈكۈر، بىر ۋەزىپىسى ۋە بىر لەززىتى باردۇر. ئەلبەتتە مۇكاپاتىمۇ باردۇر.

تىلدىكى تېتىش سېزىمى، يەيدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەملىرىنى بىلىش ئارقىلىق، بەكمۇ كۆپ تۈرلۈك بىر مەنىۋى شۈكۈر بىلەن ۋەزىپە كۆرىدۇ. ۋەھاكازالار...

ئىنساندىكى بارلىق تۇيغۇلارنىڭ، ھەمدە قەلب، ئەقىل ۋە روھەتەك يۈكسەك ۋە مۇھىم سىزىملارنىڭ شۇنىڭدەكلا باشقا - باشقا ۋەزىپىلىرى، لەززەتلىرى ۋە ئەلەملىرى باردۇر.

چەكسىز ھېكمەت ئىگىسى بولغان جانابى ئاللاھ، بۇ ئىنسان تىنىدە خىزمەت قىلدۇرغان بۇ تۇيغۇلارنىڭ ئەلبەتتە ھەر بىرسىگە لايىق بولغان ھەقلىرىنى بېرىدۇ. ئۇ خىلمۇ - خىل مۇھەببەت تۈرلىرىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دۇنيادىكى تېز نەتىجىلىرىنى ھەر كىم ۋىجدانى بىلەن ھېس قىلىدۇ. ۋە شۈبھىسىز ھالدا ئىسپات قىلىنىدۇ. ئاخىرەتتىكى پايدىلىرىنىڭمۇ قەتئىيەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىنچى سۆزنىڭ ئالتە ئىنىق ئاساسى ئىخچام ھالدا ئىسپات قىلغىنىدەك

اَصْدَقُ الْكَلاَمِ وَاَبْلَغُ النِّظَامِ كَلاَمُ اللهِ الْمَلِكِ الْعَزِيزِ الْعَلاَّمِ

بولغان قۇرئانى كەرىمنىڭ پارلاق ئايەتلىرى بىلەن تەپسىلى ھالدا ئىنقلاپ، ئىشارەتلەر بىلەن قەتئى ئىسپاتلايدۇ. يەنە ئۇزۇن دەلىللەرنى كەلتۈرۈشنىڭ كېرىكى يوق، ھەمدە باشقا سۆزلەردە، جەننەت توغرىسىدىكى يىگىرمە سەككىزىنچى سۆزنىڭ ئەرەپچە بولغان ئىككىنچى ماقامىدا ۋە يىگىرمە توققۇزىنچى سۆزدە كۆپلىگەن دەلىللەر يېزىلغان.

بىرىنچى ئىشارەت: لەززەتلىك تاماقلارنى، شېرىن مېۋىلەرنى شۈكۈر بىلەن شەرىئەت دائىرىسىدە سۆيۈشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى، قۇرئاننىڭ دېگىنىدەك، جەننەتكە لايىق بىر تۈردىكى لەززەتلىك تاماقلار ۋە شېرىن مېۋىلەردۇر. ھەمدە ئۇ تاماقلارغا ۋە مېۋىلەرگە

ئشتىها بىلەن مۇھەببەتتۇر. ھەتتا بۇ دۇنيادا يىگەن مېۋە ئۇچۇن دىگەن «ئەلھەمدۇلىللاھ» سۆزۈڭ، جەننەت مېۋىسى بولۇپ، جىسىم ھالىتىگە كىرىدۇ ۋە ساڭا تەقدىم قىلىنىدۇ. بۇ يەردە مېۋە يەيسەن. ئۇ يەردە «ئەلھەمدۇلىللاھ» يەيسەن. شۇنداقلا نىمەتتە ۋە تائام ئىچىدە ئىلاھى ئىنئامنى ۋە رەھمانى ئىلتىپاتنى كۆرگەنلىگىڭدىن، ئۇ لەززەتلىك مەنىۋى شۈكۈر، جەننەتتە ئىنتايىن لەززەتلىك بىر تائام سۈرىتىدە ساڭا بىرىلىدىغانلىقى ھەدىس بايانى بىلەن، قۇرئان ئىشارىتى بىلەن، ھەمدە ھىكمەت ۋە رەھمەتنىڭ تەلىپى بىلەن ئىنىقتۇر.

ئىككىنچى ئىشارەت: دۇنيادا، ئۆيغۇن ھالدىكى نەفسىڭگە بولغان مۇھەببەت، يەنى: ئارتۇقچىلىقىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكنى كۆرۈپ، تولۇقلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت، شەپقەت بىلەن ئۇنى تەربىيەلەش ۋە ئۇنى ياخشىلىققا ئۈندەش نەتىجىسىدە، ئۇ نەفسىڭگە لايىق بولغان سۆيگەنلىرى جەننەتتە بىرىلىدۇ. نەفس دۇنيادا ھەۋا ۋە ھەۋەسىنى جانابى ئاللاھ يولىدا توغرا ئىستىمال قىلغانلىقتىن، سىزىم ۋە تۇيغۇلىرىنى ياخشى سۈرەتتە خىزمەت قىلدۇرغانلىقتىن، چەكسىز ئىلتىپات ئىگىسى بولغان ئاللاھ، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى توغرا ۋە ئىبادەتكارانە بولغان مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى تۈرىدە، جەننەتتە، جەننەتنىڭ يەتمىش تۈرلۈك باشقا - باشقا زىننەت ۋە ئىلتىپات تۈرلىرىنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان، يەتمىش خىل لىباسنى كىيگۈزۈپ، نەفسىكى بارلىق ھىسلارنى مەمنۇن قىلىدىغان، خوش قىلىدىغان يەتمىش تۈرلۈك ھۆسنلەر بىلەن سۈس بىرىلگەن، ھەر بىرى بىردىن كىچىك بىر جەننەت ھۆكمىدە بولغان ھۆرلەرنى ئۇ

مەڭگۈلۈك ئالەمدە بىرىدىغانلىغى كۆپلىگەن ئايەتلەر بىلەن ئىنىقلىنىپ دەلىللەنگەندۇر.

شۇنداقلا بۇ دۇنيادا ياشلىقتا بولغان مۇھەببەت، يەنى ياشلىق قۇۋۋىتىنى ئىبادەتكە سەرپ قىلىشنىڭ نەتىجىسى، ئۇ سائادەت ماكانىدا ئەبەدى بولغان بىر ياشلىقتۇر.

ئۈچىنچى ئىشارەت: ھايات رەپىقىسىغا توغرا بىر شەكىلدە، يەنى يىقىملىق شەپقىتىگە، ياخشى خىسلىتىگە، گۈزەل ئەخلاقىغا بىنائەن بولغان سەمىمى مۇھەببەتنىڭ ھەمدە ئۇنى مەنمەنچىلىكتىن ۋە باشقا گۇناھلاردىن مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئاخىرەتلىك نەتىجىسى بولسا، چەكسىز شەپقەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ، ئۇ ھايات رەپىقىسىنى، ھۆرلەردىن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بىر شەكىلدە ئۇ سائادەت ماكانىدا ئۇنىڭغا ئەبەدى بىر رەپىقە، ھەمدە دۇنيادا بۇرۇنقى ئۆتكەن ئىشلارنى خوشاللىق بىلەن بىر - بىرىگە سۆزلەيدىغان، ئەسلىتىدىغان يىقىملىق دوست، ئەبەدى بىر سۆيۈملۈك يولداش قىلىپ بىرىدىغانلىغىنى ۋەدە قىلغاندۇر. ئەلبەتتە ۋەدە قىلغىنىنى قەتئىيەن بىرىدۇ.

تۆتىنچى ئىشارەت: ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان توغرا مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى بولسا، قۇرئان بىلدۈرىدىكى، جانابى ئەرھەمەرراھىمىن ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى باشقا - باشقا بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ بەختلىك ئائىلىگە، ساپ بولغان سۆھبەت لەززەتلىرىنى، جەننەتكە لايىق بولغان بىر شىرىن مۇناسىۋەت شەكلىدىكى ئەبەدى بىللە بولۇش نىمىتى ئىھسان قىلىندۇ. ئۇن بەش ياشقا كىرمەستىن يەنى

بالاغەتكە يەتمەستىن ۋاپات قىلغان باللارنى
وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ
دەپ تەبىر قىلىنغان جەننەت باللىرى شەكلىدە، جەننەتكە لايىق بىر تۈردە، بەكمۇ ئۇماق ۋە سۆيۈملۈك بىر سۈرەتتە، جەننەتتىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇچاقلىرىغا بىرىپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنت سۆيۈش ۋە ئاسراش ھىسلىرىنى ئەبەدى مەمنۇن قىلىدۇ ۋە لەززەتلەندۈرىدۇ. ئۇ باللار بالاغەت يىشىغا كەلمىگەنلىكتىن ئەبەدى بولغان سۆيۈملۈك ۋە تاتلىق بالا بويىچە قالىدۇ. دۇنيادىكى لەززەتلىك نەرسىنىڭ ئەڭ ئىسىلى جەننەتتە باردۇر. بىراق، جەننەت نەسىل قالدۇرۇش يىرى بولمىغانلىقتىن، ناھايىتى شىرىن بولغان ئۇ پەرزەنت سۆيۈش ۋە ئاسراش لەززىتى جەننەتتە يوق، دەپ بىلىنەتتى. مانا بۇ سۈرەتتە ئۇمۇ باردۇر. ۋە ئەڭ لەززەتلىك ۋە ئەڭ شىرىن بىر تۈردە باردۇر. بالاغەتكە يەتمەستىن، پەرزەنتلىرى ۋاپات قىلغانلارغا مانا خوشخەۋەر!

...

بەشىنچى ئىشارەت: بۇ دۇنيادا «ئاللاھ ئۈچۈن سۆيۈش» ھۆكۈمى بويىچە دىندار دوست ـ يىقىنلارغا بولغان مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى، جەننەتتە

دەپ تەبىر قىلىنغان، عَلَى سُرُرٍ مُتَقَابِلِينَ

قارشى ـ قارشىغا قويۇلغان جەننەت ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ، تاتلىق، لەززەتلىك، يىقىملىق، شىرىن بىر سۈرەتتە دۇنيادا ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە ئەسلىملەرنى بىر ـ بىرىگە ئىيتىشىپ زوقلىنىدىغان، ئايرىلىش بولمىغان ساپ بىر مۇھەببەت ۋە سۆھبەت ئۈچۈن، ئۇ دوست ـ يىقىنلىرى بىلەن

كۆرىشلىدىغانلىقىغا قۇرئان ئىپادىلىرى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئالتىنچى ئىشارەت: پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارغا قۇرئان دىگەن شەكىلدە بولغان مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى، بەرزاخ ۋە ھاشىردا، ئۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ شاپائەتلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ناھايىتى يۈكسەك ۋە ئۇلارغا لايىق مەرتىۋە ۋە ئالىي دەرىجىلىرىدىن ئۇ مۇھەببەت ۋاستىسى بىلەن فەيز ۋە لەززەت ئىلىشتۇر. شۇنداق، سىرى بويىچە، ئاددى اَلْمَرْءُ مَعَ مَنْ اَحَبَّ بىر كىشى ئەڭ يۈكسەك بىر دەرىجىگە، ئۇ سۆيگەن ئالىي مەرتىۋىلىك بىر زاتقا باغلىنىش ئارقىلىق چىقالايدۇ.

يەتتىنچى ئىشارەت: گۈزەل نەرسىلەرگە ۋە باھارغا بولغان توغرا شەكىلدىكى مۇھەببەتنىڭ، يەنى: «نىمە دىگەن گۈزەل يارىتىلغان!» نەزىرى بويىچە، ئۇ نەرسىنىڭ ئارقىسىدىكى ياساش ئىشىدا كۆرۈنگەن گۈزەللىكنى ۋە تەرتىپنى، ئاندىن ئۇ تەرتىپ ئارقىسىدىكى گۈزەل ئىسىملارنىڭ جىلۋىلىرىنى، ئاندىن ئۇ گۈزەل ئىسىملار ئارقىسىدىكى سۈپەتنىڭ شولىلىرى (ۋاھاكازالار...) سۆيۈشنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇ ئەبەدى ئالەمدە ئۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن مىڭ ھەسسە تېخىمۇ يۈكسەك شەكىلدە، ئۇ ئىسىملارنىڭ جىلۋىلىرىنى ۋە ئىسىملار ئىچىدىكى جامال ۋە سۈپەتلىرىنى جەننەتتە كۆرۈشتۇر. ھەتتا ئىمامى رابىبانى رەزىيەللاھۇئەنھۇ دىگەنكى: «جەننەتنىڭ گۈزەللىكلىرى، ئىلاھى ئىسىملار جىلۋىلىرىنىڭ ئەكس ئىتىشىدۇر.» تەسەۋۋۇر قىل !...

سەككىزىنچى ئىشارەت: دۇنياغا، يەنى دۇنيانىڭ ئاخىرەت ئىتىزى ۋە ئىلاھى ئىسىملارنىڭ ئەينىكى بولغان ئىككى گۈزەل يۈزىنى

تەپەككۇر بىلەن سۆيۈشنىڭ ئاخىرەتلىك نەتىجىسى، بۇ دۇنيادەك فانى بولمىغان دۇنياچىلىك باقى بىر جەننەت بېرىلىدۇ. دۇنيادا پەقەتلا خۇنۈك كۆلەڭگىلىرى كۆرسىتىلگەن ئىسىملار، ئۇ جەننەت ئەينەكلىرىدە ئەڭ ھەشەمەتلىك بىر سۈرەتتە كۆرسىتىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئاخىرەت ئىتىزى بولغان يۈزىنى سۆيۈش نەتىجىسى: دۇنيا بىر كۆچەتلىكى، يەنى، كۆچەتلەرنى بىر ئازلا يېتىشتۈرەلىگەن كىچىك بىر ئېتىزى ھۆكمىدە بولۇپ قالىدىغان شۇنداق بىر جەننەتنى بېرىدۇكى، ئىنساننىڭ ھېس ۋە سېزىملىرى دۇنيادا كىچىك كۆچەتلەر بولغان بولسىمۇ، جەننەتتە ئەڭ مۇكەممەل ھالدا يېتىشكەن شەكىلدە، ئۇرۇق ھۆكمىدە بولغان دۇنيادىكى قابىلىيەتلىرى تۈرلۈك لەززەتلەر ۋە كامالەتلەر بىلەن ئۆسۈپ چىقىدىغان سۈرەتتە ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ. بۇ، رەھمەت ۋە ھېكمەتنىڭ تەلىپى بولغىنىدەك، ھەدىس ئىپادىلىرى ۋە قۇرئان ئىشارەتلىرى بويىچە ئېنىقتۇر.

ھەر خاتالىقنىڭ بېشى بولغان، دۇرۇس بولمىغان دۇنيا سۆيگۈسى ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئىلاھى ئىسىملارغا ۋە ئاخىرەتكە قارىغان ئىككى يۈزىنى، ئىسىملار ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن سۆيگەنلىكتىن، ھەمدە ئىبادەت پىكرى بىلەن ئۇ يۈزلەرنى ئوكشۇالغان بولۇپ، گويا پۈتۈن دۇنياسى بىلەن ئىبادەت قىلغاندەك بولغانلىقتىن، ئەلبەتتە دۇنياچىلىك بىر مۇكاپات ئېلىشنى رەھمەت ۋە ھېكمەت كېرەك قىلىدۇ. ۋە ھەمدە ئاخىرەتكە بولغان مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭ ئېتىزىنى، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت بىلەن ئىسىملىرىنى كۆرسەتكەن ئۇ ئەينەكنى سۆيگەنلىكتىن، ئەلبەتتە دۇنيادەك چوڭ بىر سۆيىلىدىغان نەرسە خالايدۇ. ئۇ بولسا،

دۇنياچىلىك بىر جەننەتتۇر.

سوئال: ئۇنچە چوڭ ۋە خالىي بولغان بىر جەننەت نىمگە يارايدۇ؟

جاۋاپ: ئەگەر مۇمكىن بولغان بولسا، خىيال تىزلىگىدە زىمىنىنىڭ ھەر تەرىپىنى ۋە كۆپلىگەن يۇلتۇزلارنى ساياھەت قىلساڭ: «پۈتۈن ئالەم مىنىڭكى» دىيەلەيسەن. ھەدىستىكى: «بەزى جەننەتلىكلەر ئۇچۇن بىرلىدىغان بەش يۈز يىللىق مۇساپىدىكى بىرجەننەت» نىڭ سىرى يىگىرمە سەككىزىنچى سۆزدە بايان قىلىنغاندۇر.

توققۇزىنچى ئىشارەت: ئىمان ۋە ئاللاھنى سۆيۈشنىڭ نەتىجىسى، ئەۋلىيالار ۋە تەھقىقچىلەرنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن بۇدۇركى، بۇ دۇنيادىكى مىڭ يىللىق بەختلىك ھايات، بىر سائەتتىكى تەڭ بولالمىغان جەننەت ھاياتى، جەننەت ھاياتىڭنىڭمۇ مىڭ يىلى، بىر سائەت كۆرۈشكە تەڭ كىلەلمىگەن بىر مۇقەددەس ۋە پاك بولغان گۈزەللىك ۋە كامالەت ئىگىسى ئاللاھنى كۆرۈش(*) ئىھسان قىلىندۇ. بۇ ئىنىق ھەدىس ۋە قۇرئان ئىپادىلىرى بىلەن قەتئىدۇر. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك كامالىتى بىلەن مەشھۇر بىر زاتنى كۆرۈشكە بولغان ئىشتىياق ئىچىدىكى خۇشتارلىقنى،

---

(*) ھەدىستە دىيىلگەنكى: «ئۇ كۆرۈش، جەننەتنىڭ بارلىق لەززەتلىرىدىن شۇنچە يۇكسەكتۇركى، ئۇ لەززەتلەرنى ئۇنۇتتۇرىدۇ. ئۇ كۆرۈشتىن كىيىن، كۆرگەنلەرنىڭ ھۆسنى جامالى ئۇ قەدەر ئارتىدۇكى، قايتىشقاندا، سارايدىكى ئائىلە كىشىلىرى كۆپ دىققەت بىلەن قاراش نەتىجىسىدە ئاران تونىيالايدۇ.»

ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك بىر جامالى بىلەن مۇستەسنا بىر زاتنى كۆرۈشكە بولغان خۇشتارلىق ئىچىدىكى ئىشتىياقنى ھەر كىم ۋىجدانى بىلەن ھىس قىلىدۇ. ئەجىبا، دۇنيانىڭ بارلىق گۈزەللىك ۋە كامالەتلىرىدىن مىڭلار ھەسسە ئۈستۈن بولغان جەننەتنىڭ بارلىق گۈزەللىك ۋە كامالەتلىرى، گۈزەللىكنىڭ ۋە كامالىتىنىڭ بىر جىلۋىسى بولغان بىر زاتنى كۆرۈش، نەقەدەر ئىشتىياقا، ئارزۇ - ئىستەككە، خۇشتارلىققا لايىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالىساڭ قىل ...

اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنَافِيالدُّنْيَا حُبَّكَ وَحُبَّ مَايُقَرِّبُنَآ اِلَيْكَ

وَالاِسْتِقَامَةَ كَمَآاَمَرْتَ وَفِيالْاَخِرَةِرَحْمَتَكَ وَرُؤْيَتَكَ

سُبْحَانَكَ لاَعِلْمَ لَنَا اِلاَّ مَاعَلَّمْتَنَآ اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

اَللّٰهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَى مَنْ اَرْسَلْتَهُ رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ

وَعَلَى اَلِهِ وَصَحْبِهِ اَجْمَعِينَ آمِينَ

# ئون تۆتىنچى لەمئانىڭ ئىككىنچى ماقامى

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمنىڭ مىڭلارچە سىرلىرىدىن ئالتە سىرىغا دائىردۇر.»

ئەسكەرتىش: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمنىڭ رەھمەت نۇقتىنەزىرىدىكى پارلاق بىر نۇرى، ئۆچۈك ئەقلىمگە ئۇزاقتىن كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۆز نەفسىم ئۈچۈن ئىشارەت سۈرىتىدە يېزىپ قويۇشنى خالىدىم. يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەر سىرلار بىلەن ئۇ نۇرنىڭ ئەتراپىنى بىر دائىرە ئىچىگە ئېلىش ئارقىلىق، مۇھاسىرە قىلىش ۋە قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىدىم. بىراق ئەپسۇس، ھازىرچە ئۇ ئارزۇيۇمغا دەل مۇۋەپپەق بولالمىدىم. يىگىرمە - ئوتتۇزدىن بەش - ئالتىغا چۈشۈپ قالدى.

«ئەي ئىنسان» دېگەن ۋاقتىمدا، نەفسىمنى كۆزدە تۇتىمەن. بۇ دەرس ئۆز نەفسىمگە خاس بولسىمۇ، روھانىي جەھەتتىن مەن بىلەن مۇناسىۋەتدار ۋە نەفسى مېنىڭ نەفسىمدىن تېخىمۇ ھوشيار زاتلارغا بەلكى بىر پايدىسى تېگەر، دېگەن نىيەت بىلەن «ئون تۆتىنچى لەمئانىڭ ئىككىنچى ماقامى» بولۇپ يەر ئېلىشنى دىققەتلىك قىرىنداشلىرىمغا ھاۋالە قىلىمەن. بۇ دەرس ئەقلىدىن كۆپرەك قەلبكە قارايدۇ. دەلىلدىن كۆپرەك زوقىقا قارايدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ    قَالَتْ يَآ اَيُّهَا الْمَلَؤُا اِنِّى اُلْقِىَ اِلَيَّ كِتَابٌ كَرِيمٌ اِنَّهُ مِنْ سُلَيْمَانَ وَ اِنَّهُ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

شۇ ماقامدا بىر قانچە سىر بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى سىر: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمنىڭ» بىر جۈملىسىنى شۇنداق كۆردۈم. يەنى: كائىنات يۈزىدە، يەر يۈزىدە ۋە ئىنسان سىماسىدا بىر - بىرى ئىچىدە، بىر - بىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتكەن ئۈچ رۇبۇبىيەت تامغىسى بار.

بىرى، كائىناتنىڭ ئومۇمى يۈزىدە ياردەملىشىش، تايىنىش، قۇچاقلىشىش، جاۋاپ بىرىشلەردىن بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغلۇقنىڭ چوڭ تامغىسىدۇركى، «بىسمىللاھ» ئۇنىڭغا قارايدۇ.

ئىككىنچىسى، يەر شارى يۈزىدە، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ بېقىلىش ۋە باشقۇرۇلىشىدىكى ئوخشاشلىق، مۇناسىپلىق، ئىنتىزام، تەرتىپ، ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتتىن چىققان رەھمانىيەتنىڭ چوڭ تامغىسىدۇركى، «بىسمىللاھىررەھمان» ئۇنىڭغا قارايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئىنساننىڭ جەمىلىك ماھىيتى يۈزىدىكى مېھرى - شەپقەت گۈزەللىكلىرى ۋە ئىلاھى مەرھەمەت شولىلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن رەھىمىيەت ئالى تامغىسىدۇركى، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دىكى «ئەررەھىم» ئۇنىڭغا قارايدۇ. دىمەك، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم»، ئالەم بېتىدە بىر نۇرانى قۇرنى تەشكىل قىلغان ئۈچ ئەھەدىيەت (بىرلىك) تامغىسىنىڭ مۇقەددەس نامىدۇر. ھەمدە قۇۋۋەتلىك بىر يىپىدۇر ۋە پارلاق بىر خىتىمدۇر. يەنى: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» يۇقىرىدىن نازىل بولۇش بىلەن، كائىنات مۇنىسى ۋە ئالەمنىڭ كىچىك بىر نۇسخىسى بولغان ئىنسانغا ئۇچى تايىنىدۇ. فەرشنى ئەرشكە باغلايدۇ. ئىنسانى بولغان ئەرشكە چىقىشقا يول ئاچىدۇ.

ئىككىنچى سىر: قۇرئانى مۆجىزۇلىيان، چەكسىزلىكەن مەخلۇقاتلارنىڭ كۆپلۈك قىسمىدا كۆرۈنگەن ۋاھدىيەت (بىرلىك) ئىچىدە، ئەقىللەرنى بوغماسلىق ئۈچۈن، دائىم ئۇ ۋاھدىيەت ئىچىدە ئەھەدىيەت جىلۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەسىلەن: قۇياش يورىقى بىلەن چەكسىز نەرسىلەرنى قورشايدۇ. ئۇمۇمى يورىقىدا قۇياشنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كەڭ بىر تەسەۋۋۇر ۋە ناھايىتى كەڭ بىر نەزەر لازىم بولغانلىقتىن، قۇياشنىڭ ئۆزىنى ئۇنۇتتۇرماسلىق ئۈچۈن ھەر بىر پارلاق نەرسىدە، قۇياشنىڭ ئۆزىنى ئىنكاس ئەتتۈرۈش ۋاستىسى بىلەن كۆرسىتىدۇ. ھەمدە ھەر بىر پارلاق نەرسە ئۆز قابىلىيىتىگە قارىتا، قۇياشنىڭ ئۆز جىلۋىسى بىلەن بىرگە، يورۇقى، ئىسسىقلىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر پارلاق نەرسە، قۇياشنى بارلىق سۈپەتلىرىنى قابىلىيەتلىرىگە قارىتا كۆرسەتكەندەك، قۇياشنىڭ يورۇقلىقى، ئىسسىقلىقى ۋە يورۇغىدىكى يەتتە رەڭگىدەك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەر بىرسىمۇ، قارشىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى قاپلايدۇ. دەل شۇ مىسالغا ئوخشاشلا،

— مىسالدا خاتا وَلِلّٰهِ الْمَثَلُ الْاَعْلٰى

بولمىسۇن — ئىلاھى ئەھەدىيەت ۋە سەمەدىيەت بويىچە، ھەر بىر نەرسىدە، بولۇپمۇ جانلىقتا، بولۇپمۇ ئىنسانىنىڭ ئەينەكلىك ماھىيىتىدە ئاللاھنىڭ بارلىق ئىسىملىرى بىلەن بىر جىلۋىسى بولغىنىدەك، ۋاھدەت ۋە ۋاھدىيەت بويىچىمۇ مەۋجۇداتلار بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەر بىر ئىسمى، بارلىق مەۋجۇداتلارنى قاپلايدۇ. دېمەك، ۋاھدىيەت ئىچىدە، ئەقىللەرنى بوغماسلىق ئۈچۈن ۋە قەلبلەر ئاللاھنى ئۇنۇتماسلىق

ئۈچۈن، ۋاھىدىيەتتىكى ئەھەدىيەت تامغىسىنى دائىم نەزەرگە كۆرسىتىدۇكى، ئۇ تامغىنىڭ ئۈچ مۇھىم تۈگۈنىنى بىلدۈرگەن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دۇر.

ئۈچىنچى سىر: شۇ چەكسىز كائىناتنى جانلاندۇرغان ئىنىقكى، رەھمەتتۇر. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى مەۋجۇداتلارنى نۇرلاندۇرغان ئىنىقكى، يەنە رەھمەتتۇر. بۇ چەكسىز ئېھتىياجلار ئىچىدە يۇمىلانغان مەخلۇقاتلارغا جاۋاپ بەرگەن ئىنىقكى، يەنە رەھمەتتۇر. بىر دەرەخ پۈتۈن سىستىملىرى بىلەن مۇسىگە يۈزلەنگەندەك، بارلىق كائىناتنى ئىنسانغا يۈزلەندۈرگەن ۋە ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قاراتقان، ياردەمگە يۈگۈرتكەن، ئىنىقكى رەھمەتتۇر. ھەمدە بۇ چەكسىز بوشلۇقنى ۋە بوش، خالى بولغان ئالەمنى تولدۇرغان، نۇرلاندۇرغان ۋە جانلاندۇرغان، ئىنىقكى رەھمەتتۇر. شۇنداقلا بۇ فانى ئىنساننى ئەبەدكە نامزات قىلغان، ھەمدە ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان بىر زاتقا ماخاتاپ ۋە دوست قىلغان، ئىنىقكى يەنە رەھمەتتۇر.

ئەي ئىنسان! رەھمەت ئەنە شۇنداق قۇۋۋەتلىك، جەزبىلىك، مەدەتكار ۋە سۆيۈملۈك بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنداقتا «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دە، ئۇ ھەقىقەتكە يېپىش، چەكسىز قورقۇنچلاردىن ۋە چەكسىز ئېھتىياجلارنىڭ ئەلەمىدىن قۇتۇل. ئۇ ئەزەل ۋە ئەبەد سۇلتانىنىڭ تەختىگە يېقىنلاش. ھەمدە ئۇ رەھمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ۋە شولىلىرى بىلەن ئۇ سۇلتانغا مۇخاتاپ ۋە دوست بول!

شۇنداق، بارلىقلار ئالەمىنىڭ ھەر تۈرىنى ھىكمەت دائىرىسىدە

ئىنساننىڭ ئەتراپىغا يىغىپ، بارلىق ھاجەتلىرىگە ئىنتىزام ۋە ئىنايەت بىلەن يەتكۈزمەك، ئىنىقكى ئىككى ئەھۋالدىن بىرىدۇر. يا كائىناتتىكى ھەر بىر تۈر ئۆزلىگىدىن ئىنساننى تونۇيدۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ياردەمگە يەتكۈزىدۇ. بۇ بولسا مىڭ ھەسسە ئەقىلدىن ئۇزاق بولغىنىدەك، كۆپلىگەن مۇمكىنسىزلىكلەرنى نەتىجىلەندۈرىدۇ. ئىنساندەك چەكسىز ئاجىز بىر مەخلۇققا، ئەڭ قۇۋۋەتلىك بىر ھەقىقى سۇلتاننىڭ قۇدرىتى بولۇشى لازىم كېلىدۇ. يا بولمىسا، بۇ كائىناتنىڭ پەردىسى ئارقىسىدا بىر چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئىلمى بىلەن بۇ ياردەملەر بولۇۋاتىدۇ. دېمەك كائىناتتىكى تۈرلەر ئىنساننى تونۇيدۇ ئەمەس، بەلكى ئىنساننى بىلگەن ۋە تونۇغان مەرھەمەتكار بىر زاتنىڭ تونۇشى ۋە بىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەي ئىنسان! ئەقلىڭنى بېشىڭغا ئال. پۈتۈن مەخلۇقات تۈرلىرىنى ساڭا يۈزلەندۈرۈپ ياردەم قوللىرىنى ئۇزاتتۇرغان ۋە سېنىڭ ھاجەتلىرىڭگە «لەببەيك» دېگۈزگەن ئاللاھنىڭ سېنى بىلمەسلىكى، تونۇماسلىقى ۋە كۆرمەسلىكى ھېچ مۇمكىنمۇ؟

دېمەك، ئۇ سېنى بىلىدۇ ۋە رەھمىتى بىلەن بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنى بىل، ھۆرمەت بىلەن بىلگەنلىكىڭنى بىلدۈر. ھەمدە قەتئىيەن چۈشەنكى، ساڭا ئوخشىغان بىر چەكسىز ئاجىز ۋە قۇۋۋەتسىز، چەكسىز ھاجەتمەن، فانى ۋە كىچىك بىر مەخلۇققا يوغان كائىناتنى باش ئەگدۈرۈپ، ياردىمىڭگە ئەۋەتىش، ئەلبەتتە ھېكمەت، ئىنايەت، ئىلىم ۋە قۇدرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھمەت ھەقىقىتىدۇر. ئەلبەتتە مۇنداق بىر رەھمەت سەندىن ئومۇمى

ۋە خالىس بىر شۈكۈر، ھەمدە ھەقىقى ۋە ساپ ھۆرمەت خالايدۇ.
ئەنە شۇ خالىس شۈكۈرنىڭ ۋە ساپ ھۆرمەتنىڭ تەرجىمانى ۋە نامى
بولغان «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» نى دە، ئۇ رەھمەتنىڭ يېتىشىشى
ئۈچۈن ۋاستە ۋە ئۇ رەھمان بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچى
قىل.

شۇنداق، رەھمىتىنىڭ بارلىقى ۋە ھەقىقىتى قۇياشتەك ئوچۇقتۇر.
چۈنكى مەركىزى بىر نەقىش، ھەر تەرەپتىن كەلگەن يۆنىلىش ۋە
يىپلارنىڭ ئىنتىزامىدىن ۋە ئەھۋاللىرىدىن ھاسىل بولغىنىدەك،
ئوخشاشلا بۇ كائىناتنىڭ چوڭ دائىرىسىدە مىڭلىغان ئىلاھى
ئىسىملارنىڭ جىلۋىلىرىدىن ئۆزانغان نۇرانى يۆنىلىش يىپلىرى، كائىنات
يۈزىدە شۇنداق بىر رەھمەت تامغىسى ئىچىدە بىر رەھىمىيەت
مۆھرىنى، بىر شەپقەت نەقىشىنى ۋە شۇنداق بىر ئىنايەت تامغىسىنى
تۇقۇيدۇكى، قۇياشتىن تېخىمۇ پارلاق ھالدا ئۆزىنى ئەقىللەرگە
كۆرسىتىدۇ. شۇنداق، قۇياش ۋە ئاينى، ئېلېمېنت ۋە ماددىلارنى،
ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى، چوڭ بىر نەقىشنىڭ يۆنىلىش يىپلىرىدەك ئۇ
مىڭلىغان ئىسىملارنىڭ شولىلىرى بىلەن تەرتىپكە سالغان، ھاياتقا خادىم
قىلغان؛ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتتىن بولغان بارلىق ئانىلارنىڭ ئىنتايىن
شېرىن ۋە پىداكارانە شەپقەتلىرى ئارقىلىق ئۆز شەپقىتىنى كۆرسەتكەن،
جانلىقلارنى، ئىنسان ھاياتىغا باش ئەگدۈرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن
ئىلاھى رۇبۇبىيەتنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە شېرىن بولغان چوڭ بىر
نەقىشىنى ۋە ئىنساننىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ئەڭ پارلاق
رەھمىتىنى ئىزھار قىلغان ئۇ چەكسىز گۈزەللىك ئىگىسى رەھمان،

ئەلبەتتە ئۆزىنىڭ مۇھتاجسىزلىقىغا قارشى، رەھمىتىنى چەكسىز مۇھتاجلىق ئىچىدىكى جانلىقلارغا ۋە ئىنسانلارغا مەقبۇل بىر شاپائەتچى قىلغاندۇر.

ئەي ئىنسان! ئەگەر ئىنسان بولساڭ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم»دە، ئۇ شاپائەتچىنى تاپ، شۇنداق، زېمىندىكى تۆت يۈز مىڭ خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھېچ بىرىنى ئۇنۇتماستىن، ئارىلاشتۇرماستىن، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، چەكسىز بىر تەرتىپ بىلەن، ھېكمىتى ۋە ئىنايىتى بىلەن بېقىپ باشقۇرغان، ھەممە يەر شارى يۈزىگە ئەھەدىيەت مۆھرىنى قويغان ئىنىقكى رەھمەتتۇر. ئۇ رەھمەتنىڭ بارلىقى، بۇ يەر شارى يۈزىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقىدەك ئېنىق بولغىنىدەك، ھەقىقىتىنىڭمۇ ئۇ مەۋجۇداتلارنىڭ سانىچىلىك دەلىللىرى بار. شۇنداق، زېمىننىڭ يۈزىدە ئەنە شۇنداق بىر رەھمەت مۆھرى ۋە ئەھەدىيەت تامغىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ مەنىۋى ماھىيىتى يۈزىدىمۇ شۇنداق بىر رەھمەت تامغىسى باركى، يەر شارى يۈزىدىكى مەرھەمەت تامغىسى ۋە كائىنات يۈزىدىكى ئۇ چوڭ رەھمەت تامغىسىدىن تۆۋەن ئەمەس، خۇددى مىڭلىغان ئىسىم جىلۋىلىرىنىڭ بىر مەركىزى ھەرىكەت نۇقتىسىدەك بىر يىغىندىلىق خۇسۇسىيىتى بار.

ئەي ئىنسان! ساڭا بۇ يۈزنى بىرىپ، ئۇ يۈزدە ئەنە شۇنداق بىر رەھمەت تامغىسى ۋە ئەھەدىيەت مۆھرى قويغان زاتنىڭ، سېنى بوش قويۇۋېتىپ، ساڭا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، سېنىڭ ھەرىكەتلىرىڭگە دىققەت قىلماسلىقى، ساڭا يۈزلەنگەن پۈتۈن كائىناتنى مەنىسىز

قالدۇرىشى، يارىتىلىش دەرىجىسىنى مۆئىسى چىرىگەن ۋە بۇزۇلغان ئەھمىيەتسىز بىر دەرەخ قىلىش ، ھەمدە ھېچ بىر جەھەتتە شۈبھە قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ھېچ بىر جەھەتتە كەمچىلىكى بولمىغان، قۇياشتەك ئوچۇق بولغان رەھىمىتىنى ۋە كۈندۈزدەك كۆرۈنگەن ھېكمىتىنى ئىنكار قىلدۇرىشى ھېچ مۇمكىنمۇ؟ ھاشا !

ئەي ئىنسان! بىلكى، ئۇ رەھمەتنىڭ ئەرشىگە يېتىش ئۈچۈن بىر مىراج بار. ئۇ مىراج «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دۇر. بۇ مىراجنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى خالىساڭ، قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ يۈز ئون تۆت سۈرىلىرىنىڭ باشلىرىغا، پۈتۈن مۇبارەك كىتاپلارنىڭ باشلىنىشلىرىغا ۋە بارلىق مۇبارەك ئىسىملارنىڭ دەسلىۋىگە قارا. «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» نىڭ قەدىر - قىممەت جەھەتتە بۈيۈكلىكىنىڭ قەتئى بىر دەلىلى شۇدۇركى، ئىمامى شافى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دەك كۆپلىگەن چوڭ مۇجتەھىدلەر دىيىشكەنكى، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» يالغۇز بىر ئايەت بولسىمۇ، قۇرئاندا يۈز ئون تۆت قېتىم نازىل بولغاندۇر.

تۆتىنچى سىر: چەكسىز كۆپلۈك ئىچىدە ۋاھدىيەت جىلۋىسى

خىتابىنى دىيىش بىلەن. اِيَّاكَ نَعْبُدُ

ھەركىمگە يېتەرلىك بولمايدۇ، پىكىر تارقىلىدۇ. ئۇ كۆپلۈكنىڭ ئومۇمى يۈزىدىكى ۋاھدەت ئارقىسىدا ئەھەد بولغان زاتنى تەپەككۈر قىلىپ

اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ اِيَّاكَ نَسْتَعِينُ

دىيىش ئۈچۈن يەر شارى كەڭلىكىدە بىر قەلبنىڭ بولۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ سىرغا بىنائەن، بۆلەكلەردە ئوچۇق بىر سۈرەتتە ئەھەدىيەت تامغىسىنى كۆرسەتكەندەك، ھەر بىر تۈردە ئەھەدىيەت تامغىسىنى كۆرسىتىش ۋە ئەھەد بولغان زاتنى تەپەككۇر قىلدۇرۇش ئۈچۈن رەھمانىيەت مۆھرى ئىچىدە بىر ئەھەدىيەت تامغىسىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقلا ھەر كىم قىينالماستىن، ھەر مەرتىبىدە توغرىدىن ـ

## اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ اِيَّاكَ نَسْتَعِينُ

توغرا مۇقەددەس ئاللاھقا خىتاپ قىلىپ يۈزلىنەلەيدۇ. شۇڭا قۇرئانى كەرىم، بۇ چوڭ سىرنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، يەنى ئوچۇق بىر سۈرەتتە ئەھەدىيەت مۆھرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، كائىناتنىڭ چوڭ دائىرىسىدە، مەسىلەن، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىن ئېيتىۋاتقان ۋاقىتتا، بىردىنلا ئىنچىكە بىر دائىرىدىن ۋە ئەڭ كىچىك بىر نەرسىدىن سۆز ئاچىدۇ. مەسىلەن، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىن سۆزلەۋاتقاندا، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىن، ئىنساننىڭ ئاۋازىدىن، ھەمدە سىماسىدىكى نېمەت ۋە ھېكمەت ئىنچىكىلىكلىرىدىن سۆزلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىكىر تارقالمايدۇ، قەلب بۇغۇلمايدۇ، رۇھ مەبۇدىنى توغرىدىن ـ توغرا تاپالايدۇ. مەسىلەن،

## وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّموَاتِ وَالْاَرْضِ وَاخْتِلَافُ اَلْسِنَتِكُمْ وَ اَلْوَانِكُمْ

ئايىتى مەزكۇر ھەقىقەتنى مۆجىزىلىك بىر سۈرەتتە كۆرسىتىدۇ. شۇنداق، چەكسىز بىر مەخلۇقاتتا ۋە چەكسىز بىر كۆپلۈكتە، ۋاھدەت

تامغلىرىنىڭ بىر - بىرىنى ئىچىگە ئالغان چەمبەرلەردەك ئەڭ چوڭىدىن ئەڭ كىچىك تامغىغا قەدەر تۈرلىرى ۋە دەرىجىلىرى باردۇر. لېكىن ئۇ ۋاھىدەت نەقەدەر بولسا بولسۇن، يەنىلا كۆپلۈك ئىچىدىكى بىر ۋاھىدەتتۇر. ھەقىقى خىتاپنى ھەقىقى تۈردە تەمىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا كۆپلۈكنى ئەسلەتمەستىن، توغرىدىن - توغرا مۇقەددەس ئاللاھقا قارشى قەلبكە يول ئىچىش ئۈچۈن، ۋاھىدەت ئارقىسىدا ئەھەدىيەت تامغىسى بولۇشى كېرەكتۇر. ئەھەدىيەت تامغىسىغا نەزەرلەرنى بۇراش ۋە قەلپلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئەھەدىيەت تامغىسى ئۈستىدە ئىنتايىن جەزىبىلىك بىر نەقىش، ئىنتايىن پارلاق بىر نۇر، ئىنتايىن شىرىن بىر لەززەت، ئىنتايىن سۆيۈملۈك بىر جامال ۋە ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك بىر ھەقىقەت بولغان رەھمەت تامغىسى ۋە رەھىمىيەت مۆھرىنى قويغاندۇر. شۇنداق، ئۇ رەھمەتنىڭ قۇۋۋىتىدۇركى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ نەزەرلىرىنى جەلپ قىلىدۇ، ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە ئەھەدىيەت تامغىسىغا يېتىشتۈرىدۇ. ھەمدە ئەھەد بولغان ئاللاھنى تەپەككۇر قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن

دىكى ھەقىقى خىتاپقا اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ اِيَّاكَ نَسْتَعِينُ
ئېرىشتۈرىدۇ. دىمەك، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» ، «فاتىھە» سۈرىسىنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە قۇرئاننىڭ بىر خۇلاسىسى ئىكەنلىكى جەھەتتىن بۇ مەزكۇر چوڭ سىرنىڭ نامى ۋە تەرجىمانىدۇر. بۇ نامنى قولغا ئالغان رەھمەتنىڭ دەرىجىلىرىدە ساياھەت قىلالايدۇ، ھەمدە بۇ تەرجىمانىنى سۆزلەتكەن رەھمەت سىرلىرىنى ئۆگىنىدۇ، رەھىمىيەت ۋە

شەپقەت نۇرلىرىنى كۆرىدۇ.

بەشىنچى سىر: بىر ھەدىس شەرىفتە دېيىلگەنكى،

اِنَّ اللّٰهَ خَلَقَ الْاِنْسَانَ عَلَى صُورَةِ الرَّحْمنِ

ـ ئەۋ كەما قال ـ بۇ ھەدىسنى بىر قىسىم تەرىقەتچىلەر، ئىمان ئەقىدىلىرىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ئاجايىپ شەكىلدە تەفسىر قىلىشقان. ھەتتا ئۇلاردىن بىر قىسىم ئاشىق ئەھلى، ئىنسانىنىڭ مەنىۋى سىماسىغا بىر رەھمان نەزىرى بويىچە قاراشقان. ئاشىق ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىدە بىلمەستىن ئالماشتۇرۇپ قويۇش ۋە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش بولغانلىقتىن، ھەقىقەتكە زىت بولغان قاراشلىرىدا بەلكىم كەچۈرۈمگە لايىق. لېكىن ئەقلى بېشىدا بولغانلار پىكىر جەھەتتىن ئەقىدە ئاساسلىرىغا زىت بولغان مەنىلەرنى قوبۇل قىلسا بولماس، قىلسا خاتادۇر. شۇنداق، پۈتۈن كائىناتنى بىر ساراي، بىر ئۆيدەك ئىنتىزام بىلەن ئىدارە قىلغان، يۇلتۇزلارنى زەررىلەردەك ھىكمەتلىك ۋە قولاي ھالدا ئايلاندۇرغان، باشقۇرغان، زەررىلەرنى ئىنتىزاملىق خىزمەتچىلەردەك قوللانغان ئۇ مۇقەددەس ئاللاھنىڭ شېرىكى، تەڭدىشى، زىتى، تېڭى بولمىغىنىدەك،

سىرى بىلەن، سۈرىتى، لَيْسَ كَمِثْلِه شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ
مىسلى، مىسالى، ئوخشىشىمۇ بولالماس. بىراق

وَلَهُ الْمَثَلُ الْاَعْلَى فِى السَّموَاتِ وَالْاَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

سىرى بويىچە، مىسال كەلتۈرۈش ۋە مىسال بىلەن، ئىش ۋە ئىسىم سۈپەتلىرىگە قارىلىدۇ. دېمەك، مىسال ۋە مىسال كەلتۈرۈش، ئىلاھى ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ۋە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىلاھى ئىشلار تۆۋەنلىتىلمەيدۇ، بەلكى ئىلاھى ئىشلار تۆۋەنكى ئىسىملار تۈرىدە باردۇر. يۇقىرىدىكى ھەدىس شەرىفنىڭ كۆپلىگەن مەقسەتلىرىدىن بىرسى شۇدۇركى، ئىنسان «رەھمان» ئىسمىنى تامامەن كۆرسىتىدىغان بىر سۈرەتتەدۇر. شۇنداق، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كائىنات يۈزىدە مىڭ بىر ئىسىمنىڭ شولىلىرىدىن پەيدا بولغان رەھمان ئىسمى كۆرۈنگىنىدەك، ھەمدە زېمىن يۈزىدە ئىلاھى رۇبۇبىيەتنىڭ چەكسىز جىلۋىلىرى بىلەن پەيدا بولغان «رەھمان» ئىسمى كۆرسىتىلگەندەك، ئىنساننىڭ ئومۇمى سۈرىتىدە كىچىك مىقياستا، زېمىن يۈزى ۋە كائىنات يۈزىدەك يەنە «رەھمان» ئىسمىنىڭ تولۇق جىلۋىسى كۆرۈنىدۇ، دېمەكتۇر. شۇنداقلا ئىشارەتتۇركى، رەھمانىررەھىم بولغان زاتىنىڭ دەلىللىرى ۋە ئەينەكلىرى بولغان جانلىقلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇ ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولغان ئاللاھنى كۆرسىتىشى ئۇ قەدەر ئوچۇق، قەتئى ۋە ئېنىقتۇركى، قۇياشنىڭ مىسالىنى ۋە ئەكسىنى تۇتقان پارلاق بىر ئەينەكنىڭ پارلاقلىقىغا ۋە قۇياشنى كۆرسىتىشىنىڭ بەكمۇ ئېنىقلىقىغا ئىشارەت قىلىپ، «ئۇ ئەينەك قۇياشتۇر» دېيىلگىنىدەك، «ئىنساندا رەھمان سۈرىتى بار» دېيىشتىمۇ، ئىنساننىڭ رەھمانىنى بەكمۇ ئوچۇق كۆرسىتىشىگە ۋە بەكمۇ ئالاقدارلىقىغا ئىشارەت قىلىنغاندۇر، ۋە قىلىنىدۇ. ۋاھدەتۇل ۋۇجۇد ئەھلىلىرىنىڭ* نورمال بىر قىسمى، بۇ سىرغا بىنائەن، بۇ دەلىلنىڭ ئوچۇقلىقىغا ۋە مۇناسىۋەتنىڭ كامالىتىگە بىر نام سۈپىتىدە «لا مەۋجۇدە ئىللاھۇ» دېيىشكەندۇر.

اَللّٰهُمَّ يارَحْمنُ يَا رَحِيمُ بِحَقِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

اِرْحَمْنَا كَمَا يَلِيقُ بِرَحِيمِيَّتِكَ وَ فَهِّمْنَا اَسْرَار

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ كَمَا يَلِيقُ بِرَحْمَانِيَّتِكَ آمِينَ

ئالتىنچى سىر: ئەي چەكسىز ئاجىزلىق ۋە چەكسىز مۇھتاجلىق ئىچىدە يۇملانغان بىچارە ئىنسان! رەھمەت، نەقەدەر قىممەتدار بىر ئاللاھقا باغلىنىش ۋاستىسى ۋە نەقەدەر مەقبۇل شاپائەتچى ئىكەنلىكىنى بۇنىڭ بىلەن چۈشەنكى: ئۇ رەھمەت، چەكسىز ھەيۋەت ئىگىسى بولغان شۇنداق بىر سۇلتانغا يېتىشىش ۋاستىسىدۇركى، يۇلتۇزلار بىلەن زەررىلەر بىرلىكتە تولۇق ئىنتىزام ۋە تولۇق ئىتائەت بىلەن ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىشىدۇ. ئۇ ئەزەل ۋە ئەبەد سۇلتانى ھېچ بىر ۋاقىت ھېچ بىر نەرسىگە مۇھتاج ئەمەستۇر.

ھېچ بىر جەھەتتىن كائىناتقا ۋە مەۋجۇداتلارغا ئېھتىياجى بولمىغان چەكسىز بايلىق ۋە خەزىنە ئىگىسىدۇر. پۈتۈن كائىنات ئەمىر ۋە ئىدارىسى ئاستىدا، چوڭلۇق ۋە ھەيۋىتى ئاستىدا، چەكسىز ئىتائەتچانلىق بىلەن ئاجايىپ بويسۇنۇشتادۇر.

---

*ۋاھدەتۇل ۋۇجۇد ئەھلى : ھەر يەردە، ھەر نەرسىدە قەلبىنى ئاللاھ بىلەن مەشغۇل قىلىش پىكرىدە بولغانلار.

رەھمەت سنى، ئەي ئىنسان! ئۇ مۇھتاجسىز بايلىق ئىگىسى بولغان ئەبەدى سۇلتانىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا دوست قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇخاتاپ قىلىدۇ. ھەمدە سۆيۈملۈك بىر قۇل ھالىتىنى بېرىدۇ. بىراق؛ ئالايلۇق، سەن قۇياشقا يېتىشەلمەيسەن. بەكمۇ ئۇزاقسەن. ھېچ بىر جەھەتتە يېقىنلىشالمايسەن. لېكىن قۇياشنىڭ يورۇقى قۇياشنىڭ ئەكسىنى، جىلۋىسىنى سىنىڭ ئەينىكىڭ ۋاستىسى بىلەن سىنىڭ قولۇڭغا بېرىدۇ. شۇ مىسالغا ئوخشاشلا، گەرچە بىز ئۇ مۇقەددەس ئەزەل ۋە ئەبەد قۇياشى بولغان ئاللاھقا چەكسىز دەرىجىدە ئۇزاق، يېقىنلىشالمايمىز. بىراق ئۇنىڭ رەھمەت يورۇقى ئۇنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەي ئىنسان! بۇ رەھمەتنى تاپقان، ئەبەدى ۋە تۈگىمەس بىر نۇر خەزىنىسىنى تاپىدۇ. ئۇ خەزىنىنى تېپىشنىڭ چارىسى، رەھمەتنىڭ ئەڭ پارلاق بىر مىسالى ۋە ۋەكىلى، ئۇ رەھمەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تىلى ۋە دەۋەتچىسى بولغان ھەمدە قۇرئاندا «رەھمەتەن لىل ئالەمىن» (ئالەملەرگە رەھمەت) دەپ نام بېرىلگەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتتۇر. بۇ رەھمەتەن لىل ئالەمىن بولغان، جىسىملەشكەن رەھمەتكە يېتىشىش ۋاستىسى بولسا سالاۋاتتۇر. شۇنداق سالاۋاتنىڭ مەنىسى رەھمەتتۇر. ئۇ ھاياتدار جىسىملەشكەن رەھمەتكە رەھمەت دۇئاسى بولغان سالاۋات بولسا، ئۇ رەھمەتەن لىل ئالەمىنگە يېتىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئۇنداقتا سەن سالاۋاتنى ئۇ رەھمەتەن لىل ئالەمىنگە يېتىشكە ۋاستە قىل، ھەمدە ئۇ زاتنىمۇ رەھمىتىنىڭ رەھمىتىگە ۋاستە دەپ بىل.

پۈتۈن ئۈممەتنىڭ رەھمەتەن لىل ئالەمىن بولغان ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۈچۈن چەكسىز بىر كۆپلۈكتە رەھمەت مەنىسى بىلەن سالاۋات كەلتۈرۈشلىرى، رەھمەتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك بىر ئىلاھى ھەدىيە ئىكەنلىكىنى ۋە نەقەدەر كەڭرى بىر دائىرىسى بارلىقىنى پارلاق بىر سۈرەتتە ئىسپات قىلىدۇ.

خۇلاسە: رەھمەت خەزىنىسىنىڭ ئەڭ قىممەتدار گۆھىرى ۋە ئاچقۇچىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بولغىنىدەك، ئەڭ بىرىنچى ئاچقۇچى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دۇر، ھەمدە ئەڭ قولاي بىر ئاچقۇچىمۇ سالاۋاتتۇر.

اَللّٰهُمَّ بِحَقِّ اَسْرَارِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ صَلِّ وَ سَلِّمْ عَلَى مَنْ اَرْسَلْتَهُ رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ كَمَا يَلِيقُ بِرَحْمَتِكَ وَ بِحُرْمَتِهِ وَعَلَى آلِهِ وَ اَصْحَابِهِ اَجْمَعِينَ وَ ارْحَمْنَا رَحْمَةً تُغْنِينَا بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ مِنْ خَلْقِكَ آمِينَ.

سُبْحَانَكَ لَاعِلْمَ لَنَا اِلَّا مَاعَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

# يىگىرمە ئۈچىنچى سۆز

(شۇ سۆز ئىككى قىسىمدۇر)

## بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

لَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسَانَ فِى اَحْسَنِ تَقْوِيمٍ* ثُمَّ رَدَدْنَاهُ اَسْفَلَ سَافِلِينَ * اِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَ عَمِلُوا الصَّالِحَاتِ

بىرىنچى قىسىم: ئىماننىڭ مىڭلارچە خاسىيەتلىرىدىن پەقەت بىشنى «بەش نۇقتا» ئىچىدە بايان قىلىمىز.

بىرىنچى . نوقتا: ئىنسان ئىمان نۇرى بىلەن ئالايى ئىللىيىن (جەننەتتىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجە) گە چىقىدۇ، جەننەتكە لايىق بىر قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. كۇپۇر قاراڭغۇلىغى بىلەن ئەسفەلى سافىلىن (جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى) گە چۈشىدۇ، جەھەننەملىك بولىدىغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى ئىمان ئىنساننى سەنئەتكارى بولغان ياراتقۇچىسىغا باغلايدۇ. ئىمان بىر باغلىنىشتۇر. ئۇنداقتا، ئىنسان ئىمان ئارقىلىق ئىنساندا كۆرۈنگەن ئىلاھى سەنئەت ۋە رابىانى* ئىسىملارنىڭ نەقشلىرى ئىتبارى بويىچە بىر قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. كۇپۇر ئۇ باغلىنىشنى كېسىدۇ. شۇڭا رابىانى سەنئەت يوشۇرىنىدۇ.

---

*ئالّلاھنىڭ راب ئىسمىگە ئائىت.

قىممىتىمۇ پەقەتلا ماددىسى ئېتىبارى بويىچە بولىدۇ. ماددا بولسا، ھەم فانىي، ھەم يوقىلىشقا يۈزلەنگەن، ھەم ۋاقىتلىق بىر ھايۋانىي ھايات بولغانلىقىدىن ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر.

بۇ سىرنى بىر مىسال بىلەن بايان قىلىمىز. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە ماددىسىنىڭ قىممىتى بىلەن سەنئىتىنىڭ قىممىتى باشقا - باشقا بولىدۇ. بەزىدە تەڭ قىممەت ئالسا، بەزىدە ماددا قىممەتىرەك، ۋە بەزىدە بولسا، تۆمۈردىن بولغان بەش تىيىنلىق بىر ماددىدا بەش سوملۇق بىر سەنئەت كۆرۈنىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئىنتايىن ئېسىل بىر سەنئىتىنىڭ بىر مىليون قىممىتى بولۇپ، ماددىسى بەش تىيىنمۇ بولالمايدۇ.

ئەنە شۇنداق بىر قەدىمىي سەنئەت، ئاسارە - ئەتىقە سودىگەرلىرى بازىرىغا ئېلىپ بېرىلسا، ھەيران قالارلىق ئىجادىيەتلەرنى قىلغان مەشھۇر ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەنگە باغلاپ، ئۇ ھۈنەرۋەننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ كۆرگەزمە قىلىنسا بىر مىليون نەرق بىلەن سېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېسىل ئەسەر ئاددىي تۆمۈرچىلەر بازىرىغا ئېلىپ بېرىلسا بەش تىيىنلىق بىر تۆمۈر باھاسىغا ئېلىنىشى مۇمكىن.

ئىنسان بولسا، جانابىي ھەقنىڭ شۇنداق بىر ئېسىل سەنئەت ئەسىرىدۇر. ھەممىدە ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە بىر قۇدرەت مۆجىزىسىدۇركى، ئىنسانىي پۈتۈن ئىسىملىرىنىڭ جىلۋىلىرىگە ئىگە، نەقىشلىرىگە مەركەز ۋە كائىناتتا بىر كىچىك مىسال بولىدىغان بىر شەكىلدە ياراتقاندۇر.

ئەگەر ئىمان نۇرى ئىچىگە كىرسە، ئۈستىدىكى بارلىق مەنىدار

نەقشلەر ئۇ يۇرۇقلۇق بىلەن ئوقىلىدۇ. ئۇ مۆئمىن ئەقلى بىلەن ئوقۇيدۇ ۋە ئۇ باغلىنىش بىلەن ئوقىتىدۇ. يەنى «سانىئى زۇلجەلال* بولغان ئاللاھنىڭ سەنئەت ئەسىرىمەن، مەخلۇقىمەن. رەھمەت ۋە ئىنايىتىنى كۆرسەتكەن بىر ئەينەكمەن» دىگەندەك مەنىلەر بىلەن ئىنساندىكى رابىانى سەنئەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىمەك، سەنئەتكارى بولغان ئاللاھقا باغلىنىشتىن ئىبارەت بولغان ئىمان، ئىنساندىكى بارلىق سەنئەت ئەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى ئۆزىدىكى ئۇ رابىانى سەنئەتكە قارىتا بولىدۇ ھەمدە ئىلاھى ئەينەك ئىتىبارى بويىچە بولىدۇ. ئۇ ھالدا شۇ ئەھمىيەتسىز بولغان ئىنسان شۇ ئىتىبارى بىلەن پۈتۈن مەخلۇقات ئۈستىدە بىر ئىلاھى مۇخاتاپ** ۋە جەننەتكە لايىق بىر ئاللاھ مېھمىنى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ باغلىنىشنىڭ كىسىلىشىدىن كېلىپ چىققان كۇپۇر ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرسە، ئۇ ۋاقىت بارلىق ئۇ ئىلاھى ئىسىملارنىڭ مەنىدار نەقىشلىرى قاراڭغۇلۇققا چۈشىدۇ، ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى سەنئەتكارى ئۇنۇتۇلسا، سەنئەتكارىغا قارىغان مەنىۋى جەھەتلەرمۇ چۈشىنىلمەيدۇ. پۈتۈنلەي ئەكسىچە مەنە بىرىش بىلەن بىرگە، ئۇ مەنىدار ئالى سەنئەتلەرنىڭ ۋە مەنىۋى ئالى نەقشلەرنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرىنىدۇ. قالغان كۆز بىلەن كۆرۈنگەن بىر قىسمى بولسا ئەھمىيەتسىز

---

*سانىئى زۇلجەلال : چەكسىز ھەيۋەت ئىگىسى ۋە سەنئەتكار بولغان ئاللاھ.

**مۇخاتاپ : خىتاپ قارىتىلغان كىشى. 2 ـ شەخس

سەۋەپلەرگە، تەبىئەت ۋە تەسادىپىلىقتا بىرىلىپ، چەكسىز دەرىجىدە قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ھەر بىرى پارلاق ئالماس تۇرۇپ، غۇۋا بىر شىشە پارچىسى دەرىجىسىگە چۈشىدۇ. ئەھمىيىتى پەقەت ھايۋانى ماددىسىغا قارىتا بولىدۇ. ماددىنىڭ غايىسى ۋە مىۋىسى بولسا، دىگىنىمىزدەك، قىسقا بىر ئۆمۈردە جانلىقلارنىڭ ئەڭ ئاجىزى، مۇھتاجلىقى ۋە دەرت - ئەلىمى ئەڭ كۆپ بولۇش بىلەن تەڭ، پەقەت ئازغىنە بىر ھايات كەچۈرۈشتۇر. كىين چىرىپ تۈگەيدۇ. مانا كۇپۇر ئىنسان ماھىيىتىنى شۇنداق يىقىتىدۇ. ئالماستىن كۆمۈرگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئىككىنچى نوقتا: ئىمان خۇددى نۇردەك، ئىنساننى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۈستىدە يېزىلغان پۈتۈن ئىلاھى خەتلەرنى ئوقىتىدۇ. شۇنداقلا كائىناتنىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ. ئۆتكەن ۋە كىلەچەك زامانىنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇ سىرنى مەن بىر ۋاقەدە كۆرگەن

اَللّٰهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا يُخْرِجُهُمْ مِنَ الظُّلُمَاتِ اِلَى النُّورِ

سىرىغا دائىر بولغان بىر مىسال بىلەن بايان قىلىمەن. يەنى:

خىيالى بىر ۋەقەدە كۆردۈمكى، ئىككى ئېگىز تاغ بار. بىر - بىرىگە قارىغان... ئۈستىدە قورقۇنچلۇق بىر كۆۋرۈك قۇرۇلغان. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر يار... مەن ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە ئىدىم. دۇنيانىمۇ ھەر تەرىپى قاراڭغۇ قاپقارا زۇلمەتلەر قاپلىغان ئىدى. مەن ئوڭ تەرىپىمگە قارىدىم. چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر چوڭ مازار كۆردۈم، يەنى خىيال قىلدىم. سول تەرىپىمگە قارىدىم، دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق دولقۇنلىرى ئىچىدە دەھشەتلىك بوران -

چاپقۇنلار، پالاكەتچىلىكلەر، قىرغىنچىلىقلار تەييارلانغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قارىدىم، ئىنتايىن چوڭقۇر بىر يار دەپ بىلدىم. ئۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇققا قارشى غۇۋا بىر قول چىرىغىم بار ئىدى. ئۇنى ئالدىم، يىرىم يارتا يورۇغى بىلەن قارىدىم. ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ھالەت كۆرۈندى. ھەتتا ئالدىمدىكى كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا ۋە ئەتراپىدا شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق ئەجدىرھالار، شىرلار، يىرتقۇچلار كۆرۈندىكى: «كاشكى بۇ قول چىرىغىم بولمىغان بولسا، بۇ قورقۇنچلارنى كۆرمىگەن بولسام.» دېدىم. قول چىراقنى قايسى تەرەپكە تۇتسام ئوخشاشلا قورقۇنچلار ئىچىدە قالدىم. ئاچچىغىمدا: «ئىسست! شۇ چىراق بېشىمغا بالا بولدى» دېدىم ـ دە، ئۇنى يەرگە ئېتىپ چاقتىم. خۇددى ئۇنى سۇندۇرۇشۇم، دۇنيانى نۇرلاندۇرغان چوڭ بىر ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ كونۇپكىسىغا باسقاندەك، دەرھال ئۇ قاراڭغۇلۇق يوقالدى. ھەر تەرەپ ئۇ چىراقنىڭ نۇرى بىلەن تولدى. ھەر نەرسە ھەقىقى ماھىيىتىنى كۆرسەتتى، قارىدىمكى، مەن كۆرگەن ئۇ كۆۋرۈك ناھايىتى گۈزەل بىر تۈزلەڭلىكتىكى چوڭ يول ئىكەن. ئوڭ تەرىپىدە كۆرگەن چوڭ مازار، باشتىن ئاياققا گۈزەل يېشىل باغچىلار بولۇپ، نۇرانى ئىنسانلارنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدىكى ئىبادەت، خىزمەت، سۆھبەت ۋە مەجلىسلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. سول تەرىپىمدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق، پالاكەتچىلىكلەر دەپ ئويلىغان چوڭقۇر يارلار، تاغ چوققىلىرى بولسا، كۆركەم، گۈزەل ۋە جەلپ قىلارلىق بولغان تاغلارنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ بىر زىياپەتگاھ، گۈزەل بىر سەيلىگاھ،

ئىسسىل بىر تاماشاگاھ ئىكەنلىكىنى خىيالى ھالدا كۆردۇم. ئۇ قورقۇنچلۇق جانىۋارلار، ئەجدىرھالار دەپ بىلگەن مەخلۇقاتلار بولسا، سۈيۈملۈك تۆگە، ئۆكۈز، قوي، ئۆچكىگە ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرى ئىكەنلىكىنى كۆردۇم.

اَللّٰهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا يُخْرِجُهُمْ مِنَ الظُّلُمَاتِ اِلَى النُّورِ

دەپ ئايەتى كەرىمىنى ئوقۇدۇم. ئۇ ۋەقەدىن ئايرىلدىم.

ئەمدى ئۇ ئىككى تاغ بولسا، ھاياتنىڭ بىشى ۋە ئاخىرى. يەنى، دۇنيا ئالەمى ۋە قەبىر ئالەمىدۇر. ئۇ كۆۋرۈك بولسا ھايات يولىدۇر. ئۇ ئوڭ تەرەپ ئۆتكەن زامان، سول تەرەپ بولسا كېلەچەك زاماندۇر. ئۇ قول چىراق بولسا، مەغرۇر تەكەببۇر، بىلگىنىگە ئىشەنگەن ۋە ساماۋى ۋەھيىنى ئاڭلىمىغان ئىنسانىنىڭ مەنمەنلىكىدۇر. ئۇ يىرتقۇچ جانىۋارلار دەپ بىلگەن نەرسىلەر بولسا، ئالەمنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ئاجايىپ مەخلۇقاتلىرىدۇر. مەنمەنلىككە ئىشەنگەن، غەپلەت قاراڭغۇلۇقىغا چۈشكەن، زالالەت* قاراڭغۇلۇقىنىڭ بالاسىغا مۇپتىلا بولغان ئادەم، ئۇ ۋەقەدىكى ئاۋالقى ھالىمغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ قول چىرىغى ھۆكمىدىكى نۇقسان ۋە زالالەت ئارىلاشقان مەلۇماتلىرى بىلەن ئۆتكەن زامانىنى بىر چوڭ مازار سۈرىتىدە، يوقلۇق ئارىلاشقان بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرىدۇ. كېلەچەك زامانىنى ئىنتايىن بوران -

*زالالەت : ھەق ۋە ھەقىقەتتىن، ئىسلامىيەتتىن ئاداشقان.

چاپقۇنلار ۋە تەسادىپىلىقتا باغلانغان بىر قورقۇنچ ئۇۋىسى كۆرستىدۇ.

ھەم ھەر بىرى چەكسىز ھىكمەت ۋە شەپقەت ئىگىسى بولغان ئالّلاھنىڭ بىردىن ئىتائەتكار خىزمەتچىسى بولغان ھادىسىلەر ۋە مەۋجۇداتلارنى خۇددى زىيانلىق يىرتقۇچلارغا ئوخشاش بىلدۇرىدۇ.

وَالَّذِينَ كَفَرُوا اَوْلِيَاؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُمْ مِنَ النُّورِ اِلَى الظُّلُمَاتِ

ھۆكۈمگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەگەر ئىلاھى ھىدايەت يىتىشسە، ئىمان قەلبىگە كىرسە، نەفسىنىڭ فىرئەۋنلىغى سۇنسا، ئالّلاھنىڭ كىتابىنى ئاڭلىسا، ئۇ ۋاقەدىكى ئىككىنچى ھالىمغا ئوخشايدۇ. ئۇ ۋاقىت كائىنات دەرھال كۈندۈز رەڭگىگە كىرىدۇ. ئىلاھى نۇر بىلەن تولىدۇ. ئالەم

اَللّٰهُ نُورُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ

ئايىتىنى

ئوقۇيدۇ. ئۇ ھالدا ئۆتكەن زامان بىر چوڭ مازار ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئەسىر بىر پەيغەمبەرنىڭ ياكى ئەۋلىيانىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا بولۇپ، ئىبادەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن پاك روھلار جامائەتلىرىنىڭ ھايات ۋەزىپىلىرىنى پۈتتۈرۈپ، «ئالّلاھۇ ئەكبەر» دەپ ئالى دەرىجىلەرگە ئۇچۇشلىرىنى ۋە ئىستىقبال تەرەپكە ئۆتۈشلىرىنى قەلب كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. سول تەرىپىگە قاراپ، ئاخىرەت ۋە قەبىر ئالەمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاغلاردەك بەزى چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا، جەننەت باغلىرىدىكى سائادەت سارايلىرىدا قۇرۇلغان

ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ بىر زىياپىتىنى ئۇ ئىمان نۇرى بىلەن يىراقتىن پەرق قىلىدۇ. بوران ۋە يەر تەۋرەش، ۋابادەك ھادىسىلەرنى ئىتائەتكار خىزمەتچىلەر دەپ بىلىدۇ. باھار شامىلى ۋە يامغۇردەك ھادىسىلەرنى بولسا، كۆرۈنۈشتە قاتتىق، مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل ھىكمەتلەر ئۈچۈن ۋاستە دەپ بىلىدۇ. يەنە باشقا جەھەتلەرنى سەن قىياس قىل؛ ھەقىقەتنى مىسالغا تەتبىقلا.

ئۈچىنچى نوقتا: ئىمان ھەم نۇردۇر، ھەم قۇۋۋەتتۇر. شۇنداق، ھەقىقى ئىماننى قولغا كەلتۈرگەن كىشى كائىناتقا قارشى چىقالايدۇ ۋە ئىمانىنىڭ قۇۋۋىتىگە قارىتا ھادىسىلەرنىڭ بېسىملىرىدىن قۇتۇلالايدۇ. «تەۋەككەلتۇ ئەلاللاھ» دەپ ھايات كېمىسىدە مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن ھادىسىلەرنىڭ تاغدەك دولقۇنلىرى ئىچىدە سەيلە قىلىدۇ. بارلىق ئېغىرلىقلىرىنى چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرەت قولىغا ئامانەت قىلىدۇ. راھەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدۇ. قەبىر ئالەمىدە ئارام ئالىدۇ. كېيىن ئەبەدى سائادەتكە كىرىش ئۈچۈن جەننەتكە ئۇچالايدۇ. ئەگەردە تەۋەككۈل قىلمىسا، دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقلىرى ئۇچۇشقا ئەمەس، بەلكى ئەسفەلە سافىلىنگە تارتىدۇ. دېمەك ئىمان تەۋھىدنى* ، تەۋھىد تەسلىمنى، تەسلىم تەۋەككۈلنى، تەۋەككۈل ئىككى دۇنيا سائادىتىنى كىرەك قىلىدۇ. لېكىن خاتا چۈشەنمە. تەۋەككۈل سەۋەبلەرنى پۈتۈنلەي تەرك قىلىش دىگەنلىك ئەمەس.

---

*تەۋھىد : ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش.

بەلكى سەۋەپلەرنى قۇدرەت قولىنىڭ پەردىسى دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش، سەۋەپلەرنى ئورۇنلاشنى بولسا بىر خىل ھەرىكەت دۇئاسى دەپ قوبۇل قىلىپ، نەتىجىنى پەقەت جانابى ھەقتىن تىلەش ۋە ئۇنىڭدىن دەپ بىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

تەۋەككۇل قىلغان ۋە قىلمىغانىنىڭ مىساللىرى شۇ ھېكايىگە ئوخشايدۇ.

بىر ۋاقىتتا ئىككى كىشى ھەم بەللىرىگە، ھەم باشلىرىغا ئېغىر يۈكلەرنى يۈكلەپ، چوڭ بىر كېمىگە بىلەت ئېلىپ چىقىشىدۇ. بىرسى چىقىپ - چىقمايلا يۈكىنى كېمىگە تاشلاپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مىلىغا قارايدۇ. يەنە بىرى ھەم ئەخمەق، ھەم تەكەببۇر بولغانلىقىدىن يۈكىنى يەرگە قويمايدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىشتى:

— «ئېغىر يۈكۈڭنى كېمىگە قويۇپ راھەتلەن.» ئۇ دېدى:

— «ياق، مەن قويمايمەن، بەلكىم يوقىلىپ كېتىدۇ. مەن كۈچلۈك، مىلمىنى بېلىمدە ۋە بېشىمدا مۇھاپىزەت قىلىمەن.» . يەنە ئۇنىڭغا ئېيتىشتى:

— «بىزنى ۋە مىلەرنى كۆتۈرگەن سۇلتانىنىڭ شۇ ئىشەنچلىك كېمىسى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بەلكىم بېشىڭ قېيىپ يۈكۈڭ بىلەن بىللە دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن. ھەمدە بارغانسىرى قۇۋۋىتىڭدىن كېتىسەن، شۇ بۇزۇلگەن بېلىڭ، شۇ ئەقىلسىز بېشىڭ بارغانسىرى ئېغىرلاشقان شۇ يۈكلەرگە تاقەت قىلالمايدۇ. كاپىتانمۇ ئەگەر سېنى بۇ ھالدا كۆرسە، يا سېنى «سارالڭ ئىكەن» دەپ ھەيدەيدۇ، يا «خائىن ئىكەن. كېمىمىزنى پەس كۆرۈپ

بىزنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. تۈرمىگە تاشلانسۇن؛ دەپ ئەمىر قىلىشى مۇمكىن. ھەمدە ھەممىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايمەن. چۈنكى ساڭا دىققەت بىلەن قارىغانلارنىڭ نەزىرىدە زەئىپلىكىڭنى كۆرسەتكەن تەكەببۇرلۇق بىلەن، ئاجىزلىقىڭنى كۆرسەتكەن غۇرۇرلۇق بىلەن، رىيانى ۋە پەسلىكىڭنى كۆرسەتكەن ياسالما ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى قىزىقارلىق ئەخمەققە ئوخشىتىپ قويىدۇڭ. شۇڭا ھەممە ساڭا قاراپ كۈلۈشۈۋاتىدۇ.» دېيىلگەندىن كېيىن ئۇ بىچارىنىڭ ئەقلى بېشىغا كەلدى. يۈكىنى يەردە قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇردى. «ئوھ! ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن. زەخمەتتىن، تۈرمىدىن، مەسخىرىلەردىن قۇتۇلدۇردۇڭ.» دېدى.

ئەي تەۋەككۈلسىز ئىنسان! مانا سەنمۇ بۇ ئادەمگە ئوخشاش ئەقلىڭنى بېشىڭغا ئال. پۈتۈن كائىناتقا تەلەمچىلىك قىلىشتىن، ھەر ھادىسىنىڭ قارشىسىدا تىترەشتىن، ماختانچاقلىقتىن، مەسخىرىدىن، ئاخىرەت ئازابىدىن ۋە دۇنيادىكى قىيىنچىلىق تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن تەۋەككۈل قىل.

تۆتىنچى نۇقتا : ئىمان ئىنساننى ئىنسان قىلىدۇ. بەلكى ئىنساننى سۇلتان قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى ئىمان ۋە دۇئادۇر. كۇپۇر ئىنساننى ناھايىتى ئاجىز بىر يىرتقۇچ ھايۋان قىلىدۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ مىڭلارچە دەلىللىرىدىن پەقەت ھايۋان ۋە ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى پەرقلەر ئۇ مەسىلىگە ئۈچۈق ۋە قەتئىي دەلىلدۇر.

شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ ئىمان بىلەن ئىنسانىيەت بولىدىغانلىقىنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى پەرقلىرى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى ھايۋان دۇنياغا كەلگەن ۋاقىت خۇددى باشقا بىر ئالەمدە يېتىشىپ كەلگەندەك، قابىلىيىتىگە قارىتا مۇكەممەل بولۇپ كېلىدۇ. يەنى ئۆۋەتىلىدۇ. يا ئىككى سائەتتە، يا ئىككى كۈندە ۋە ياكى ئىككى ئايدا پۈتۈن ھايات شەرتلىرىنى ۋە كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ھاياتى قانۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. تېزلا ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ يىگىرمە يىلدا ئېرىشكەن ھاياتى ئىقتىدارىغا ۋە ھەرىكىتىدىكى پراكتىكىلىق ماھارىتىگە قۇشقاچ ۋە ھەرىدەك بىر ھايۋان يىگىرمە كۈندە ئىگە بولالايدۇ. يەنى، ئۇنىڭغا ئىلھام قىلىنىدۇ. دېمەك ھايۋاننىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى، ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇكەممەللىشىش ئەمەس، ياكى بىلىمگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق تەرەققى قىلىش ئەمەس، ۋە ياكى ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن مەدەت تىلەش ۋە دۇئا قىلىش ئەمەس، بەلكى قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمەل قىلىش، ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىبادەتتە بولۇشتۇر.

ئىنسان بولسا دۇنياغا كېلىشىدە ھەر نەرسىنى ئۆگىنىشكە مۇھتاج ۋە ھايات قانۇنلىرىغا قارىتا نادان بولۇپ، ھەتتا يىگىرمە يىلدىمۇ تامامەن ھايات شەرتلىرىنى ئۆگىنەلمەيدۇ. بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشكە مۇھتاج. ھەم ئىنتايىن ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بىر شەكىلدە دۇنياغا ئەۋەتىلىپ بىر - ئىككى يىلدا ئاران تۇرالايدۇ. ئون بەش يىلدا ئاران زىيان ۋە مەنپەئەتنى پەرق قىلىدۇ. ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ زىيانلاردىن ساقلىنالايدۇ. دېمەككى، ئىنساننىڭ يارىتىلىش ۋەزىپىسى، ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇكەممەللىشىش ، دۇئا ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشتۇر. يەنى،

«كىمنىڭ مەرھەمىتى بىلەن مۇنچە ھىكمەتلىك ھالدا باشقۇرىلىۋاتىمەن؟ كىمنىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇنچە شەپقەتلىك ھالدا ئۆسىۋاتىمەن؟ قانداق بىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇنچە نازۇك ھالدا بېقىلىۋاتىمەن ۋە ئىدارە قىلىنىۋاتىمەن؟» دەپ تەپەككۇر قىلىشتۇر. ھەمدە مېڭىدىن بىرسىگىمۇ قولى يېتىشمىگەن ھاجەتلىرىنى بىلىپ، پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى يېرىگە كەلتۈرگۈچى ئاللاھقا ئاجىزلىق ۋە مۇھتاجلىق تىلى بىلەن يالۋۇرۇشتۇر، تىلەش ۋە دۇئا قىلىشتۇر. يەنى، ئاجىزلىقنىڭ ۋە مۇھتاجلىقنىڭ قاناتلىرى بىلەن ئىبادەتنىڭ ئالى دەرىجىلىرىگە ئۇچۇشتۇر.

دېمەك، ئىنسان بۇ ئالەمگە ئىلىم ۋە دۇئا ۋاسىتىسى ئارقىلىق مۇكەممەللىشىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ماھىيەت ۋە قابىلىيەت ئېتىبارى بويىچە ھەر نەرسە ئىلىمگە باغلىق بولۇپ، بارلىق ھەقىقى ئىلىملەرنىڭ ئاساسى، بۇلىقى، نۇرى ۋە روھى مەرىفەتۇللاھتۇر. (ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلىشتۇر.) ئۇنىڭمۇ ئاساسى ئۇلى ئاللاھقا ئىماندۇر.

ھەم ئىنسان چەكسىز ئاجىزلىقى بىلەن بىرگە، چەكسىز قايغۇ ـ بالالارغا دۇچار ۋە چەكسىز دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا مۇپتىلا... ۋە چەكسىز مۇھتاجلىقى بىلەن باراۋەر، چەكسىز ھاجەتلەرگە ۋە چەكسىز ئارزۇلارغا گىرىپتار بولغانلىقتىن يارىتىلىشتىكى ھەقىقى ۋەزىپىسى ئىماندىن كېيىن دۇئادۇر. دۇئا بولسا، ئىبادەتنىڭ ئاساسىدۇر.

بىر بالا قولى يېتىشمىگەن بىر مەخسىدى ياكى بىر ئارزۇسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يا يىغلايدۇ، يا سورايدۇ. يەنى، يا ھەرىكىتىنىڭ، يا سۆزىنىڭ ئاجىزلىق تىلى بىلەن بىر دۇئا قىلىدۇ، مەخسىتىگە يېتىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسانمۇ بارلىق جانلىقلار ئالەمى ئىچىدە نازۇك ۋە نازلىق بالا ھېكمىدىدۇر. شۇڭا ئىنسان، ئارزۇسىنىڭ قولىغا بېرىلىشى ۋە تەلۋىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن، رەھمانىررەھىم بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يا قۇۋۋەتسىزلىگى ۋە ئاجىزلىقى بىلەن يىغلاش، ياكى ھاجەتمەنلىكى ۋە مۇھتاجلىقى بىلەن دۇئا قىلىشى كېرەك. بولمىسا بىر پاشىدىن ۋايجانلىغان ئەخمەق ۋە كەپسىز بالىغا ئوخشاش : «مەن قۇۋۋىتىم بىلەن، بۇ ئىتائەت قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ياكى مىڭ ھەسسە ئۇنىڭدىنمۇ ئىرىشىش قىيىن بولغان ئاجايىپ نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن، ئەقىل ۋە تەدبىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە باش ئەگدۈرەلەيمەن.» دەپ نېمەتلەرنى بىلمەستىن تۇزكورلۇق قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىش ماھىيىتىگە زىت بولغاندەك، مۇنداقلا شىددەتلىك بىر ئازاپقا ئۆزىنى لايىق قىلىدۇ.

بەشىنچى نوقتا: ئىماننىڭ دۇئانى ئۆزىگە قەتئى بىر ۋاستە تۇرىدە كېرەك قىلغانلىقى ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشى دۇئانى شىددەت بىلەن خالىغىنىدەك، جانابى ھەقمۇ «دۇئاڭلار بولمىسا نېمە ئەھمىيىتىڭلار بار؟» مەنىسىدە

قُلْ مَا يَعْبَؤُا بِكُمْ رَبِّى لَوْلاَ دُعَآؤُكُمْ

دەپ پەرمان

قىلىدۇ. ھەم

اُدْعُونِى اَسْتَجِبْ لَكُمْ

دەپ ئەمىر

قىلىدۇ.

ئەگەر دېسەڭ: «كۆپ قېتىملاپ دۇئا قىلىمىز. قوبۇل بولمايدۇ. ھالبۇكى ئايەت ئومۇمىدۇر. ھەر دۇئاغا جاۋاپ بار، دەيدۇ» ؟

جاۋاپ: جاۋاپ بېرىش باشقا، قوبۇل قىلىش باشقىدۇر. ھەر دۇئا ئۈچۈن جاۋاپ بېرىش بار. لېكىن قوبۇل قىلىش ۋە خالىغىنىنىڭ ئۆزىنى بېرىش جانابى ھەقنىڭ ھېكمىتىگە باغلىق. مەسىلەن: كېسەل بىر بالا چاقىرىدۇ:

— ئەي دوختۇر، ماڭا قارا! دوختۇر:

— مەرھەمەت، نېمە تىلىگىڭ بار؟ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بالا:

— شۇ دورىنى ماڭا بەر، دەيدۇ. دوختۇر بولسا يا ئەينەن خالىغىنىنى بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى بېرىدۇ، ۋە ياكى كېسىلىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھېچ بەرمەيدۇ.

جانابى ھەق، چەكسىز ھېكمەت ئىگىسى، ھەر نەرسىنىڭ يېنىدا ۋە ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇلىنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ بېرىدۇ. يالغۇزلۇق ۋە ئىگىسىزلىك دەھشىتىگە چۈشكەنلەرنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ، جاۋاپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ دەھشەتنى يوق قىلىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ ھەۋاپەرەست ۋە ھەۋەسكار نەفسىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئەمەس، بەلكى راببانى ھېكمىتىگە ئاساسەن يا خالىغىنىنىڭ ئۆزىنى ياكى تېخىمۇ ياخشىراقىنى بېرىدۇ، ۋە ياكى ھېچ بەرمەيدۇ.

دۇئا بىر ئىبادەتتۇر. ئىبادەتنىڭ مېۋىسى بولسا ئاخىرەتتەدۇر. دۇنياۋى مەقسەتلەر بولسا، ئۇ دۇئا ۋە ئىبادەتنىڭ ۋاقىتلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ مەقسەتلەر، غايىلىرى ئەمەس. مەسىلەن: يامغۇر

نامىزى ۋە دۇئاسى بىر ئىبادەتتۇر. قۇرغاقچىلىق ئۇ ئىبادەتنىڭ ۋاقتىدۇر. لېكىن ئۇ ئىبادەت ۋە ئۇ دۇئا يامغۇرنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس. ئەگەر پەقەتلا ئۇ نىيەت بىلەن بولسا ئۇ دۇئا ۋە ئىبادەت خالىس بولمىغانلىقتىن، قوبۇل قىلىنىشقا لايىق بولمايدۇ. قۇياشنىڭ پېتىشى شام نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغىنىدەك، قۇياش ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشلىرىمۇ كۇسۇف ۋە خۇسۇف نامازلىرى دېيىلگەن ئىككى مەخسۇس ئىبادەتنىڭ ۋاقىتلىرىدۇر. يەنى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ نۇرانى ئايەتلىرىنىڭ نىقابلىنىشى ئىلاھى بىر ئۇلۇغلۇقنى بىلدۈرۈشكە بىر سەۋەپ بولغانلىقىدىن، جانابى ھەق قۇللىرىنى ئۇ ۋاقىتتا بىر ئىبادەتكە دەۋەت قىلىدۇ. دېمەك ئۇ ناماز — (ئېچىلىشى ۋە نەقەدەر داۋام قىلىشى بەلگىلىك بولغان) — ئاي ۋە قۇياش تۇتۇلۇشىنىڭ تۈگەپ، ئېچىلىشى ئۈچۈن ئەمەس . دەل شۇنىڭدەك، قۇرغاقچىلىقمۇ يامغۇر نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر. بالا - مۇسىبەتلەرنىڭ بېسىۋېلىشى ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ راھەتسىزلەندۈرىشى بەزى دۇئالارنىڭ مەخسۇس ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئىنسان ئۇ ۋاقىتلاردا ئاجىزلىقىنى بىلىپ دۇئا بىلەن، تىلەك بىلەن ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەگەر دۇئا كۆپ قىلىنغان بولسىمۇ، مۇشكىلاتلار يوقالمىسا «دۇئا قوبۇل بولمىدى» دېيىلمەس. بەلكى «دۇئانىڭ ۋاقتى تۈگىمىدى» دېيىلىدۇ.

ئەگەر جانابى ھەق ئېھسان ۋە ئىنايىتى بىلەن بالالارنى يوق قىلسا نۇر ئۈستىگە نۇر، ئۇ چاغدا دۇئانىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ، قازا بولىدۇ. (پۈتىدۇ).

دېمەك، دۇئا ئىبادەتنىڭ ئىنچىكە بىر ھەقىقىتىدۇر. ئىبادەت بولسا خالىس ھالدا ئاللاھ ئۈچۈن بولىشى كېرەك. پەقەت ئاجىزلىقنى كۆرسىتىپ دۇئا بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش كېرەك. رۇبۇبىيىتىگە* ئارىلاشماسلىق كېرەك. قانداق ئىش بىجىرىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش كېرەك. ھېكمىتىگە ئىشىنىپ، رەھمىتىنى تەنقىد قىلماسلىق كېرەك.

شۇنداق، ھەقىقەتتە ئوچۇق ئايەتلەرنىڭ بايانى بىلەن تۇراقلىق بولغاندەك، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر قايسىسى مەخسۇس تەسبىھلەر، خۇسۇسى ئىبادەتلەر ۋە خاس سەجدىلەر قىلغاندەك، پۈتۈن كائىناتتىن ئاللاھ دەرگاھىغا يۈزلەنگەن پەقەتلا بىر دۇئادۇر. بۇ يا قابىلىيەت تىلى ئارقىلىق قىلغان دۇئادۇر. يەنى، بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەر بىرى قابىلىيەت تىلى بىلەن چەكسىز بەركەت ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن بىر شەكىل تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسىملىرى ئۈچۈن مۇكەممەل ئەينەك بولۇشنى تىلەيدۇ. ياكى يارىتىلىشتىكى ئېھتىياج تىلى بىلەن قىلغان دۇئادۇر. بارلىق جانلىقلارنىڭ ئىقتىدارلىرى يەتمىگەن زۆرۈرى ھاجەتلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرى بولۇپ، ھەر بىرى ئۇ ئېھتىياج تىلى بىلەن چەكسىز ئېھسان ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن ھاياتىنىڭ داۋامى ئۈچۈن رىزىققا ئوخشىغان بەزى نەرسىلەرنى تىلەيدۇ.

---

*رۇبۇبىيەت : جانابى ھەقنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە، ھەر مەخلۇققا مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنى بېرىشى، تەربىيە ۋە ئىدارە قىلىشى، پادىشاھلىق ۋە تەمىنلەپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتى.

ۋە ياكى مەجبۇرىيەت تىلى بىلەن قىلغان دۇئا بولۇپ، قىيىنچىلىقتا قالغان ھەر بىر جانلىق قاتتىق يالۋۇرۇش بىلەن دۇئا قىلىدۇ، بىر مەجھۇل قوغدۇغۇچىسىغا ئىلتىجا قىلىدۇ، بەلكى رەھىمىلىك ياراتقۇچىسىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك دۇئا بىر توسالغۇ بولمىسا دائىم مەقبۇلدۇر.

تۆتىنچى تۈرلۈك دۇئا ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، بىزنىڭ دۇئالىرىمىزدۇر. بۇمۇ ئىككى قىسىم.

بىرى، ھەرىكەت ۋە ئەھۋالى بىلەن.

يەنە بىرى، قەلب ۋە سۆزى بىلەن.

مەسىلەن: سەۋەب قىلىش، بىر ھەرىكەت دۇئاسىدۇر. سەۋەبلەرنىڭ توپلىنىشى، نەتىجىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەھۋال تىلى بىلەن نەتىجىنى جانابى ھەقتىن خالاش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشتۇر. مەسىلەن: يەر ھەيدىمەك رەھمەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى قاقماقتۇر. بۇ خىل ھەرىكەت دۇئاسى چەكسىز ئىھسان ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە يۆنەلگەنلىكتىن مۇتلەق كۆپچىلىكى قوبۇل بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، تىل ۋە قەلب بىلەن دۇئا قىلىشتۇر. قولى يېتىشمىگەن بىر قىسىم ئېھتىياجلىرىنى تىلەشتۇر. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم جەھەتى، ئەڭ ئىسىل غايىسى، ئەڭ تاتلىق مېۋىسى شۇدۇر. يەنى، دۇئا قىلغان كىشى چۈشىنىدۇكى، بىرىسى بار، ئۇنىڭ قەلب خاتىرىلىرىنى ئاڭلايدۇ. ھەر نەرسىگە قولى يېتىدۇ. ھەر بىر ئارزۇسىنى يېرىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئاجىزلىقىغا مەرھەممەت، مۇھتاجلىقىغا ياردەم قىلىدۇ.

ئەي ئاجىزلىقى ۋە مۇھتاجلىقى كۆپ بولغان ئىنسان! دۇئادەك رەھمەت خەزىنىسىنىڭ بىر ئاچقۇچى ۋە تۈگىمەس بىر قۇۋۋەتنىڭ سەۋەبى بولغان بىر ۋاستىنى قولدىن چۈشۈرمە، ئۇنىڭغا يېپىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئالايى ئىللىيىنگە چىق. بىر سۇلتاندەك پۈتۈن كائىناتنىڭ دۇئالىرىنى ئۆز دۇئاڭ ئىچىگە ئال. كۆپ جەھەتلىك قۇل ۋە ئومۇمى بىر ۋەكىلدەك

إِيَّاكَ نَسْتَعِينُ

دە، كائىنات كىتابىنىڭ ئىسىل بىر مۇندەرىجىسى بول.

# ئىككىنچى قىسىم

(ئىنساننىڭ بەختلىك ۋە بەختسىزلىكىگە سەۋەپ بولغان بەش نۆكتە* دىن ئىبارەت . )

ئىنسان ئەھسەنەتەقۋىمدە (ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يۈكسەك شەكىلدە) يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك قابىلىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەسفەلە سافىلىندىن تائالايى ئىللىيىنگىچە، پەرشتىن تا ئەرشكىچە، زەررىدىن تا قۇياشقىچە كەتكەن مەنسەپلەرگە، مەرتىبىلەرگە، دەرىجىلەرگە،

*نۆكتە : ھېكمەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز.

تەبىقىلەرگە چىقالايدىغان ۋە ياكى ئەكسىچە چۈشەلەيدىغان بىر
ئىمتىھان مەيدانىغا تاشلانغان بولۇپ، چەكسىز تۆۋەنلەش ۋە چەكسىز
كۆتىرىلىشكە قارىغان ئىككى يول ئالدىغا ئىچىلغان بىر قۇدرەت
مۆجىزىسى، يارىتىلىش نەتىجىسى ۋە ھەيران قالارلىق سەنئەت ئەسىرى
قىلىنىپ شۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەن. ئىنساننىڭ ئەنە شۇ غايەت دەرىجىدە
كۆتىرىلىش ۋە چۈشۈش سىرىنى «بەش نۇكتە» بىلەن بايان قىلىمىز.

بىرىنچى نۇكتە: ئىنسان بارلىقلار ئالەمىنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرىگە
مۇھتاج ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىداردۇر. ئېھتىياجلىرى ئالەمنىڭ ھەر
تەرىپىگە تارالغان، ئارزۇلىرى ئەبەدكە قەدەر ئۇزارغان. بىر گۈلنى
خالىغىنىدەك بىر باھارنىمۇ خالايدۇ. بىر باغچىنى ئارزۇ قىلغاندەك،
ئەبەدى جەننەتنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بىر دوستىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار
بولغاندەك، چەكسىز گۈزەللىك ۋە ھەيۋەت ئىگىسى بولغان
ئاللاھنىمۇ كۆرۈشكە ئىنتىزاردۇر. باشقا بىر يەردىكى سۆيگىنىنى
زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا مۇھتاج
بولغىنىدەك، قەبرى ئالىمىگە كۆچۈپ كەتكەن يۈزدە توقسان توققۇز
دوست - يېقىنلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك
ئايرىلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ئاجايىپ
ھادىسىلەر مەيدانى بولغان ئاخىرەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان، دۇنيانىڭ
ئورنىغا ئاخىرەتنى قۇرىدىغان ۋە قويىدىغان بىر چەكسىز قۇدرەت
ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىشقا مۇھتاجدۇر. ئەنە
شۇ ئەھۋالدىكى بىر ئىنسانغا ھەقىقى مەبۇد بولسا، پەقەت ھەر
نەرسىنىڭ تىزگىنى قولىدا، ھەر نەرسىنىڭ خەزىنىسى يېنىدا، ھەر

يەردە ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ماكانغا باغلىنىشچانلىغى بولمىغان، ئاجىزلىقتىن مۇستەسنا، قۇسۇر ۋە كەمچىلىكتىن پاك بولغان چەكسىز قۇدرەت ۋە ھەيۋەت ئىگىسى، چەكسىز مەرھەمەت ۋە گۈزەللىك ئىگىسى، چەكسىز ھىكمەت ۋە كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ بولالايدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ چەكسىز ھاجەتلىرىنى (يېرىگە) كەلتۈرگەن پەقەتلا ھەممىگە قادىر بولغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم ئىگىسى بولغان زاتلا بولالايدۇ. ئۇنداقتا مەبۇدلۇققا لايىق پەقەت ئۇدۇر.

ئەي ئىنسان! ئەگەر پەقەت ئۇنىڭغا قۇل بولساڭ، بارلىق مەۋجۇدات ئۈستىدە بىر مەرتىبە قازىنىسەن. ئەگەر قۇلچىلىقتىن يۈز ئۆرۈسەڭ، ئاجىز مەخلۇقاتلارغا پەس بىر قۇل بولۇپ قالىسەن. ئەگەر مەنمەنلىگىڭگە ۋە ئىقتىدارىڭغا ئىشىنىپ، تەۋەككۈل ۋە دۇئانى تاشلاپ، تەكەببۇر ۋە ئىسيان قىلىشقا چۈشسەڭ، ئۇ چاغدا ياخشىلىق ۋە ئىجادىيەت جەھەتىدە ھەرە ۋە چۈمۈلىدىن تۆۋەن، ئۆمۈچۈك ۋە چىۋىندىنمۇ ئاجىز بولىسەن. يامانلىق ۋە بۇزۇش جەھەتىدە تاغدىنمۇ ئېغىر، ۋابادىنمۇ زىيانلىق بولىسەن.

دۇرۇس، ئەي ئىنسان! سەندە ئىككى جەھەت بار. بىرسى، ئىجاد، بارلىق، ياخشىلىق، مۇسبەت ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتىدۇر. يەنە بىرى، بۇزۇش، يوقلۇق، يامانلىق، مەنفى ۋە تەسىرگە ئۇچراش جەھەتىدۇر.

بىرىنچى جەھەت ئېتىبارى بويىچە، ھەرە ۋە قۇشقاچتىن تۆۋەن، چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈكتىن ئاجىزسەن. ئىككىنچى جەھەت ئېتىبارى

بويىچە، تاغ، يەر، كۆكلەردىن ئاشسەن، ئۇلار چىككىنگەن ۋە ئاجىزلىق كۆرسەتكەن بىر يۈكنى كۆتۈرسەن، ئۇلاردىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭ بىر دائىرىگە ئىگە بولىسەن. چۈنكى سەن ياخشىلىق ۋە ئىجاد قىلغان ۋاقىت، پەقەت تاقىتىڭ قەدەر، قولۇڭ يېتىشكىدەك دەرىجىدە، قۇۋۋىتىڭ يەتكىدەك مەرتىبىدىلا ياخشىلىق ۋە ئىجاد قىلالايسەن. ئەگەر يامانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلساڭ، ئۇ چاغدا يامانلىغىڭ، بۇزغۇنچىلىغىڭ ھەسسىلىنىپ نەتىجە بېرىدۇ. مەسىلەن، كۇپۇر بىر يامانلىقتۇر، بىر بۇزغۇنچىلىقتۇر، ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىشتۇر. لېكىن ئۇ بىرلا يامانلىق، پۈتۈن كائىناتنى ھاقارەتلەش، پۈتۈن ئىلاھى ئىسىملارنى پەس كۆرۈش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى رەزىل كۆرۈش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ئالى بىر دەرىجىسى، ئەھمىيەتلىك بىر ۋەزىپىسى باردۇر. يەنى ئۇلار رابباني خەت، سۇبھانى* ئەينەك، ئىلاھى خىزمەتچىلەردۇر. كۇپۇر بولسا ئۇلارنى ئەينەك، ۋەزىپىدار ۋە مەنىدار بولۇش مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈپ، بوشلۇق ۋە تەسادىپىلىقنىڭ ئويۇنچۇغى بولۇش دەرىجىسىگە، يوقىلىش ۋە ئايرىلىشقا يۈز تۇتۇش بىلەن تېز بۇزۇلۇپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ماددا دەرىجىسىگە، ئەھمىيەتسىزلىك، قىممەتسىزلىك، يوقلۇق دەرىجىسىگە ئىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، پۈتۈن كائىناتتا ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئەينەكلىرىدە نەقىشلىرى،

*سۇبھانى : ئاللاھنىڭ «پۈتۈن قۇسۇرلاردىن پاك بولغان» سۈپىتىگە ئائىت.

جىلۋىلىرى ۋە جامالىلىرى كۆرۈنگەن ئىلاھى ئىسىملارنى ئىنكار قىلىپ پەس كۆرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلىق دىيىلگەن ئاللاھنىڭ بارلىق مۇقەددەس ئىسىملىرىنىڭ جىلۋىلىرىنى گۈزەل ھالدا ئىلان قىلغان (ياكى كۆرسەتكەن) ھىكمەت قەسىدىسىنىڭ شېئىرىغا ۋە ئۆلمەس بىر دەرەخنىڭ پروگراممىلىرىنى ئىچىگە ئالغان ئۇرۇققا ئوخشاش ئوچۇق بىر قۇدرەت مۆجىزىسىنى، ئەڭ چوڭ بىر ئامانەتنى زىممىسىگە ئېلىش ئارقىلىق يەر، كۆك، تاغلاردىن ئۈستۈن كەلگەن ۋە پەرىشتىلەرگە قارشى ئۈستۈنلۈك قازانغان، زېمىندىكى خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسىنى ئەڭ خور بىر فانى ھايۋاندىن تېخىمۇ خور، تېخىمۇ زەئىپ، تېخىمۇ ئاجىز، تېخىمۇ مۇھتاج بىر دەرىجىگە ئاتىدۇ. ھەمدە مەنىسىز، قالايمىقان، تېز بۇزۇلىدىغان ئاددى بىر لەۋھە دەرىجىسىگە چۈشۈرىۋىتىدۇ.

نەتىجە: يامانلىقنى خالىغان نەفس، بۇزۇش ۋە يامانلىق جەھەتتە بويىچە چەكسىز جىنايەت قىلىدۇ. لېكىن ئىجاد ۋە ياخشىلىقتا ئىقتىدارى ناھايىتى ئاز ۋە چەكلىكتۇر. شۇنداق، بىر ئۆينى بىر كۈندە بۇزۇپ خاراپ قىلىدۇ، يۈز كۈندە ياسىيالمايدۇ.

ئەگەر مەنمەنلىكنى تاشلىسا، ياخشىلىق ۋە بەرپا قىلىشنى ئاللاھتىن تىلىسە، يامانلىق، بۇزغۇنچىلۇق ۋە نەفسكە ئەگىشىشتىن ۋاز كەچسە، ئىستىغفار قىلىپ، دۇرۇس قۇل بولسا ئۇ چاغدا

يُبَدِّلُ اللّٰهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ

سىرىغا ئىگە قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىكى چەكسىز ياماnlıق قابىلىيىتى، چەكسىز ياخشىلىق قابىلىيىتىگە ئالمىشىدۇ. ئەمسەنە تەقۋىم قىممىتىنى ئىلىپ ئالايى ئىللىيىنگە چىقىدۇ.

ئەي غافىل ئىنسان! جانابى ھەقنىڭ ئىھسان ۋە ئىنايىتىگە قارا: بىر گۇناھنى مىڭ يېزىش، ساۋابىنى بىر ياكى ھېچ يازماسلىق ئادالەت ئۇرسىمۇ، بىر گۇناھنى بىر يازىدۇ. بىر ساۋابنى ئون، بەزىدە يەتمىش، بەزىدە يەتتە يۈز، بەزىدە يەتتە مىڭ يازىدۇ. ھەم شۇ نۇكتەدىن چۈشەنكى، ئۇ دەھشەتلىك جەھەننەمگە كىرىش، قىلغان ئىشنىڭ جازاسىدۇر. ھەققى ئادىللىقتىندۇر. لېكىن جەننەتكە كىرىش بولسا، چەكسىز ساخاۋەت ۋە مەرتىلىكتىندۇر.

ئىككىنچى نۇكتە: ئىنساندا ئىككى تەرەپ بار.

بىرسى، مەنمەنلىك جەھەتى بويىچە شۇ دۇنيالىق ھاياتقا قارايدۇ.

يەنە بىرى، ئىبادەت جەھەتى بويىچە ئەبەدى ھاياتقا قارايدۇ.

بىرىنچى تەرەپ ئېتىبارى بويىچە شۇنداق بىر بىچارە مەخلۇقتۇركى، سەرمايىسى پەقەت ئىختىيارىدىن بىر تال چاچتەك كىچىككىنە بىر جۇزئى ئىختىيارى* ، ئىقتىداردىن ئازغىنە بىر كۈچ، ھاياتتىن تېز ئۆچىدىغان بىر شولا، ئۆمۈردىن تېز ئۆتىدىغان بىر مۇددەت ۋە مەۋجۇتلۇقتىن تېز چىرىيدىغان كىچىك بىر جىسىمدۇر.

---

*جۇزئى ئىختىيار: ئىنساننىڭ بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتىكى بىر تەرەپكە مايىل بولۇش ئەركىنلىكى.

شۇنىڭ بىلەن باراۋەر كائىناتنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىدە يېيىلغان چەكسىز تۈرلەرنىڭ ھېساپسىز ئەزالىرى ئىچىدە نازۇك، ئاجىز بىر شەخس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچى تەرەپ ئېتىبارى بىلەن، بولۇپمۇ ئىبادەتكە قارىغان ئاجىزلىق ۋە مۇھتاجلىق جەھەتتە ناھايىتى كەڭ دائىرىنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى چوڭ بىر ئەھمىيىتى بار. چۈنكى، قۇدرىتى چەكسىز ۋە ئىنتايىن رەھىملىك ھەم بايلىقى چەكسىز ۋە ئىنتايىن مەرت بولغان بىر زاتنىڭ چەكسىز جىلۋىلىرى جەم بولالايدىغان كەڭ بىر كۆرسەتكۈچ ئەينەك بولۇشى ئۈچۈن، چەكسىز ھېكمەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچى ئاللاھ، ئىنساننىڭ مەنىۋى ماھىيىتىدە چەكسىز بىر ئاجىزلىق ۋە مۇھتاجلىق قويغان.

شۇنداق، ئىنسان بىر ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقنىڭ تۇپراق ئاستىدا ئىشلەپ ئۇ تار ئالەمدىن چىقىپ، كەڭ ھاۋا ئالىمىگە كىرىپ، ياراتقۇچىسىدىن قابىلىيەت تىلى بىلەن بىر دەرەخ بولۇشنى تىلەپ، ئۆزىگە لايىق ھالدا يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قۇدرەت تەرىپىدىن مەنىۋى ۋە مۇھىم سىستىمىلار، تەقدىر تەرىپىدىن ئىنچىكە ۋە قىممەتلىك پروگراممىلار بېرىلگەن. ئەگەر ئۇ ئۇرۇق ئۆزىنىڭ يامان تەبىئىتى سەۋەپلىك، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەنىۋى سىستىمىلارنى تۇپراق ئاستىدا بەزى زىيانلىق ماددىلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن سەرىپ قىلسا، ئۇ تار يەردە، قىسقا بىر زاماندا، پايدىسىز سېسىپ، چىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇرۇق ئۇ مەنىۋى سىستىمىلىرىنى

## فَالِقُ ٱلْحَبِّ وَالنَّوَى

نىڭ يارىتىلىش

ئەمرىگە بويسۇنۇپ ياخشى قوللانسا، ئۇ تار ئالەمدىن چىقىپ يوغان بىر مۇئىللىك دەرەخ بولۇش بىلەن بىرگە، باشتىكى كىچىك بىر پارچە ھەقىقىتى ۋە مەنىۋى روھى، چوڭ بىر ئومۇمى ھەقىقەت شەكلىنى ئالىدۇ.

دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ماھىيىتىگە قۇدرەت تەرىپىدىن مۇھىم سىستېمىلار، تەقدىر تەرىپىدىن قىممەتلىك پروگراممىلار قويۇلغان. ئەگەر ئىنسان شۇ تار زىمىن ئالىمىدە، دۇنياۋى ھايات تۇپراغى ئاستىدا ئۇ مەنىۋى سىستېمىلىرىنى نەفسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە سەرىپ قىلسا، چىرىگەن ئۇرۇقتا ئوخشاش ئازغىنا بىر لەززەت ئۈچۈن، قىسقا بىر ئۆمۈردە، تار بىر يەردە قىينالغان ھالدا چىرىپ خاراپ بولىدۇ. مەنىۋى مەسئۇلىيىتىنى بەختسىز روھىغا يۈكلەپ شۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كىتىدۇ.

ئەگەر ئۇ قابىلىيەت ئۇرىقىنى ئىسلامىيەت سۈيى بىلەن، ئىمان نۇرى بىلەن، ئىبادەت تۇپرىقى ئاستىدا تەربىيلەپ، قۇرئان ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ مەنىۋى سىستېملىرىنى ھەقىقى غايىلىرىگە يۈزلەتسە، ئەلۋەتتە رۇھانى ئالەم ۋە قەبىر ھاياتىدا تال ۋە شاخ چىقىرىدىغان ۋە ئاخىرەت ئالەمى ۋە جەننەتتە چەكسىز كامالەت ۋە نىمەتلەرگە سەۋەپ بولىدىغان، بىر باقى دەرەخنىڭ ۋە بىر دائىملىق ھەقىقەتنىڭ سىستېملىرى جەم بولغان قىممەتلىك بىر ئۇرۇق، ھەيران قالارلىق بىر ماشىنا، بۇ كائىنات دەرىخنىڭ مۇبارەك ۋە نۇرلۇق بىر مىۋىسى

بولىدۇ.

شۇنداق، ھەقىقىي تەرەققىيات بولسا، ئىنسانغا بېرىلگەن قەلب، سىر، رۇھ، ئەقىل ھەتتا خىيال ۋە باشقا سېزىملەرنىڭ يۈزلىرىنى ئەبەدىي ھاياتقا بۇراپ، ھەر بىرىنى ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىي بىر ئىبادەت ۋەزىپىسى بىلەن مەشغۇل قىلىشتا. بولمىسا، زالالەتتىكىلەر تەرەققىيات دەپ بىلگەن دۇنيا ھاياتىنىڭ پارلاق ئىنچىكىلىكلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ۋە لەززەتلەرنىڭ ھەر تۈرىنى، ھەتتا ئەڭ پەس لەززەتلەرنى تېتىش ئۈچۈن پارلاق سېزىملىرىنى، قەلب ۋە ئەقلىنى يامانلىقنى خالايدىغان نەفسىنىڭ ئەمرىگە باش ئەگدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلسا، ئۇ تەرەققىيات ئەمەس، بەلكى چېكىنىپ ئەكسىچە تۆۋەنلەشتۇر. شۇ ھەقىقەتنى بىر خىيالىي ۋاقەدە شۇنداق بىر مىسالدا كۆردۈم:

مەن بىر چوڭ شەھەرگە كىردىم، ئۇ شەھەردە چوڭ - چوڭ سارايلار بار ئىكەن. بەزى سارايلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا قارىدىم. ناھايىتى جانلىق ۋە ھەشەمەتلىك بىر تىياتىرخانىدەك كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى جەلپ قىلاتتى. كىشىگە راھەتلىك بېغىشلايدىغان بىر جەزبىدارلىق بار ئىدى. دىققەت قىلدىمكى، ئۇ سارايىنىڭ خوجايىنى ئىشىككە كىلىپ ئىت بىلەن ئويناۋاتاتتى ۋە ئويىنىشىغا ياردەم قىلىۋاتاتتى. ئاياللار باشقا ياشلار بىلەن تاتلىق سۆھبەتلەردە ئىدى. يېتىشكەن قىزلار ئۇششاق بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋاتاتتى. دەرۋازىۋەنمۇ ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك بىر ئارتىست ھالىتىدە ئىدى. ئۇ ۋاقىت بىلدىمكى، ئۇ چوڭ سارايىنىڭ ئىچى قۇپ - قۇرۇق، مۇھىم ۋەزىپىلەر تەرك قىلىنغان. ئەخلاقلىرى شۇ قەدەر تۆۋەن

دەرىجىگە چۈشكەنلىگى ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا يۇقۇرىقىدەك ھالەت شەكىللەنگەن.

ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر چوڭ سارايغا دۇچ كەلدىم. كۆردۈمكى، ئىشىك ئالدىدا ياتقان ۋاپادار بىر ئىت، ئاددى، توك، جىمخور بىر دەرۋازىۋەن ھەمدە جىمجىت بىر ھالەت بار ئىدى. ھەيران قالدىم. نىمە ئۈچۈن ئۇ ئۇندىق، بۇ مۇنداق؟ ئىچىگە كىردىم. قارىسام ئىچىدە ناھايىتى جانلىق كەيپىيات، قاتمۇ ـ قات قەۋەتلەردە سارايدىكىلەر باشقا ـ باشقا مۇھىم ۋەزىپىلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بىرىنچى قەۋەتتىكى كىشىلەر سارايىنىڭ باشقۇرۇلىشىنى كۆزدىن كەچۈرىۋاتاتتى. ئىككىنچى قەۋەتتە قىزلار ۋە ئۇششاق باللار دەرس ئوقۇشۇۋاتاتتى. ئۈستىدىكى قەۋەتتە ئاياللار ناھايىتى ئىنچىكە سەنئەت ۋە چىرايلىق كەشتە ـ ئويمىلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەڭ يۇقۇرى قەۋەتتە خوجايىن پادىشاھ بىلەن خەۋەرلىشىپ خەلقىنىڭ ئامانلىغى ۋە ئۆزىنىڭ كامالىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس ۋە يۈكسەك ۋەزىپىلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا كۆرۈنمىگەنلىگىم ئۈچۈن «رۇخسەت يوق» دىيىشمىدى. بىر قۇر قاراپ چىقالىدىم.

كېيىن چىقىپ قارىسام، ئۇ شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىدە ئۇ ئىككى خىلدىكى سارايلار بار. سەۋەبىنى سورىدىم. «ئۇ ئىشىك ئالدى ھەشەمەتلىك ۋە ئىچى بوش سارايلار كافىرلار ۋە زالالەتتىكىلەردۇر. يەنە بىرى ئۇمۇسۇلۇق مۇسۇلمان چوڭلىرىدىندۇر.» جاۋابىنى ئالدىم. كېيىن بىر بۇلۇڭدا يەنە بىر سارايغا دۇچ كەلدىم. ئۈستىدە «سەئىد» ئىسمىنى كۆردۈم. قىزىقىپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن قارىدىم. رەسىمىنى

ئۈستىدە كۆرگەندەك بولدۇم. بەكمۇ ھەيرانلىقىمدىن توۋلاپ تاشلىدىم. ئەقلىم بىشىمغا كەلدى. ئېسىمگە كەلدىم.

مانا بۇخىيالى ۋەقەنى ساڭا تەبىر قىلىمەن. ئاللاھ خەيرلىك قىلسۇن.

ئۇ شەھەر بولسا ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدىنىي شەھىرىدۇر. ئۇ سارايلارنىڭ ھەر بىرسى بىردىن ئىنساندۇر. ئۇ ساراي ئىچىدىكىلەر بولسا ئىنساندىكى كۆز، قۇلاق، قەلب، سىر، رۇھ، ئەقىلگە ئوخشىغان تۈيغۇلار ۋە نەفس، ئارزۇ، ئىشتىھا ۋە غەزەپ سىزىملىرىدەك نەرسىلەردۇر. ھەر بىر ئىنساندا ھەر بىر سىزىمنىڭ باشقا - باشقا ئىبادەت ۋەزىپىلىرى بار، باشقا - باشقا لەززەتلىرى ۋە ئەلەملىرى بار. نەفس ۋە ئارزۇ، ئىشتىھا ۋە غەزەپ سىزىملىرى بىر دەرۋازىۋەن ۋە ئىت ھۆكمىدىدۇر. ئەنە شۇ يۈكسەك سىزىملارنى ھاۋايى نەفسكە ئەگەشتۈرۈش ئەلۋەتتە تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈشتۇر، تەرەققىيات ئەمەس. باشقا تەرەپلەرنى سەن تەبىر قىلالايسەن.

ئۈچىنچى نۇكتە: ئىنسان ھەرىكەت ۋە ئىش جەھەتى بويىچە ۋە ماددىي ئەمگەك ئىتىبارى بويىچە ئاجىز بىر جانلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۇ جەھەتتىكى باشقۇرۇش ۋە ئىگىدارچىلىق دائىرىسى ئۇ قەدەر تار كى، قول ئۇزاتسا ئۇنىڭغا يېتىشەلەيدۇ. ھەتتا ئىنساننىڭ قولىغا تىزگىنىنى بەرگەن ئۆي ھايۋانلىرى ئىنساننىڭ زەئىپلىك، ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقىدىن (ئۈلۈش) ئېلىشقان بولۇپ، ياۋايىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا چوڭ پەرق كۆرىنىدۇ. (ئۆچكە ۋە ئۆكۈزلەر بىلەن ياۋا ئۆچكە ۋە ياۋا ئۆكۈزلەردەك). لېكىن ئۇ ئىنسان تەسىرگە ئۇچراش، قوبۇل قىلىش، دۇئا ۋە تىلەك جەھەتتە شۇ دۇنيا سارىيىدا ئەزىز بىر

يولۇقىدۇر. شۇنداق بىر مەرت بولغان ئاللاھقا مېھمان بولغانلىقى، چەكسىز رەھمەت خەزىنىلىرىنى ئۇنىڭغا ئاچقان، ھېساپسىز ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتكار قىلغان. ھەم ئۇ مېھماننىڭ سەيلە قىلىشى، ھۇزۇرلىنىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇنداق چوڭ بىر دائىرە ئېچىپ تەييارلىغانلىقى، ئۇ دائىرىنىڭ رادىئوسى، يەنى مەركىزىدىن ئەڭ چېتىگە قەدەر بولغان ئارىلىق كۆز يەتكەن، ھەتتا خىيال كەتكەن يەرلەرگىچە كەڭ ۋە ئۇزۇندۇر. ئەگەر ئىنسان مەنمەنلىككە تايىنىپ، دۇنياۋى ھاياتنى غايە قىلىپ، تىرىكچىلىك دەرتلىرى ئىچىدە، ۋاقىتلىق بەزى لەززەتلەر ئۈچۈن ئىشلىسە، بەكمۇ تار بىر دائىرە ئىچىدە بوغۇلۇپ تۈگىشىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن سىستېمىلار، ئەزالار ۋە سېزىملار ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلىپ، مەھشەردە* ئۇنىڭغا قارشى گۇۋاھچى ۋە داۋاگەر بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى چەكسىز مەرت بولغان ئاللاھقا مېھمان بىلسە، ئۆمۈر سەرمايىسىنى ئۇنىڭ رۇخسىتى دائىرىسىدە سەرپ قىلسا ناھايىتى كەڭ بىر دائىرە ئىچىدە، ئۇزۇن بىر ئەبەدى ھايات ئۈچۈن ياخشى ئىشلەپ، ئارام تاپىدۇ ۋە راھەت ئالىدۇ. كېيىن ئالايى ئىللىيىنگە قەدەر چىقالايدۇ. ھەمدە ئۇ ئىنسانغا بېرىلگەن بارلىق سىستېمىلار ۋە ئەزالار ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا تەرەپتار بولۇپ گۇۋاھچىلىق قىلىدۇ.

---

*مەھشەر : قىيامەتتىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىپ يىغىلىشى ۋە يىغىلغان يەر، ھاشىر مەيدانى .

شۇنداق، ئىنسانغا بېرىلگەن يارلىق ھەيران قالارلىق سىستېمىلار بۇ ئەھمىيەتسىز دۇنياۋى ھايات ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەكمۇ مۇھىم بولغان بىر باقىي ھايات ئۈچۈن بېرىلگەن. چۈنكى ئىنساننى ھايۋان بىلەن سېلىشتۇرساق كۆرىمىزكى، ئىنسان مەنىۋى سىستېما ۋە ئەزالار ئېتىبارى بويىچە ئىنتايىن باي بولۇپ ھايۋاندىن يۈز ھەسسە ئۈستۈن. دۇنياۋى ھايات لەززىتىدە ۋە ھايۋانىي ياشىشىدا ھايۋاندىن يۈز ھەسسە تۆۋەن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى كۆرگەن ھەر بىر لەززىتىدە بىر ئەلەم ئىزى بار. ئۆتكەن زاماننىڭ ئەلەملىرى ۋە كېلەچەك زاماننىڭ قورقۇنچلىرى ھەمدە ھەر بىر لەززەتنىڭمۇ ئايرىلىش قايغۇسى ھۇزۇرىنى بۇزىدۇ ۋە لەززىتىدە بىر ئىز قويىدۇ. بىراق ھايۋان ئۇنداق ئەمەس. ئەلەمسىز بىر لەززەت، قايغۇسىز بىر ھۇزۇر ئالىدۇ. ئۆتكەن زاماننىڭ ئەلەملىرىمۇ ئۇنى قورقۇتمايدۇ، كېلەچەك زاماننىڭ قورقۇنچلىرىمۇ ئۇنى ئۆركۈتمەيدۇ. راھەت بىلەن ياشايدۇ. ياتىدۇ. ياراتقۇچىسىغا شۈكرە قىلىدۇ.

دېمەك، ئەھسەنە تەقۋىم سۈرىتىدە يارىتىلغان ئىنسان پىكىر-چۈشەنچىلىرىنى پەقەت دۇنياۋى ھاياتقا يۈزلەندۈرسە، سەرمايە بويىچە ھايۋاندىن يۈز ھەسسە ئۈستۈن بولسىمۇ، قۇشقاچتەك بىر ھايۋاندىن يۈز ھەسسە تۆۋەن چۈشىدۇ. باشقا بىر يەردە بۇ ھەقىقەتنى بىر مىسال بىلەن بايان قىلغانىدىم. مۇناسىۋەت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ مىسالنى يەنە قايتىلايمەن.

بىر كىشى بىر خىزمەتكارىغا ئون ئالتۇن بېرىپ: «ياخشى بىر رەختتىن ئۆزۈڭگە بىر يۈرۈش كىيىم ئال» دەيدۇ. يەنە بىر

خىزمەتكارىغا مىڭ ئالتۇن بىرىپ بىر ۋاراقچىغا بەزىبىر نەرسىلەرنى يىزىپ يانچۇغىغا سىلىپ قويىدۇ ۋە بىر بازارغا ئىۋەتىدۇ. ئالدىنقى خىزمەتكار ئۇن ئالتۇنغا ئىسىل بىر رەختتىن ياخشى بىر كىيىم ئالىدۇ. ئىككىنچىسى ئەخمەقلىق قىلىپ، بىرىنچىسىگە قاراپ، يانچۇغىدىكى ۋاراقچىنى ئوقۇماي بىر دۇككانچىغا مىڭ ئالتۇن بىرىپ بىر يۈرۈش كىيىم سورايدۇ. ئىنساپسىز دۇككانچىمۇ رەختنىڭ ئەڭ ياماندىن بىر كىيىم بىرىدۇ. ئۇ بەختسىز خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ قاتتىق ئازار يەيدۇ ۋە دەھشەتلىك ئازاپ تارتىدۇ.

ئەلۋەتتە ئازغىنا بىر ئەقلى بولغان چۈشىنىدۇكى، ئىككىنچى خىزمەتكارغا بىرىلگەن مىڭ ئالتۇن بىر يۈرۈش كىيىم ئىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر تىجارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنساندىكى مەنىۋى سىستىملار ۋە ئىنسانى سىزىملارنىڭ ھەر بىرى ھايۋانغا نىسبەتەن يۈز ھەسسە ئۈستۈن. مەسىلەن، گۈزەللىكنىڭ بارلىق دەرىجىلىرىنى ئايرىغان ئىنسان كۆزى، تائاملارنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك مەخسۇس تەملىرىنى پەرق قىلالىغان ئىنسان تىلى، ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىق ئىنچىكىلىكلىرىگە كىرەلەيدىغان ئىنساننىڭ ئەقلى، كامالەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قىزىقىدىغان ئىنساننىڭ قەلبى ۋە شۇنىڭدەك باشقا سىستىملىرى ۋە ئەزالىرى قەيەردە؟ ھايۋاننىڭ ناھايىتى ئاددى، پەقەت بىر - ئىككى دەرىجە تەرەققى قىلغان ئەزالىرى قەيەردە؟ شۇ قەدەر پەرق باركى، ھايۋان ئۆزىگە خاس بىر ھەرىكەتتە، پەقەتلا ئۇ ھايۋاندا، بىر مەخسۇس سىستىمىسى كۆپرەك تەرەققى قىلىدۇ. لىكىن ئۇ تەرەققىيات

خۇسۇسدۇر.

ئىنسانىنىڭ ئىستىملىرى بويىچە بايلىقى شۇ ئىردىندۇركى، ئەقىل ۋە پىكىر سەۋەبى بىلەن ئىنسانىنىڭ سېزىم ۋە تۇيغۇلىرى ناھايىتى تەرەققى قىلغان ۋە كېڭەيگەن. ئېھتىياجلىرىنىڭ كۆپلىگى سەۋەبلىك ئۇنىڭدا خىلمۇ - خىل ھېسسىيات پەيدا بولغان ۋە سېزىمچانلىقى كۆپ خىللاشقان. يارىتىلىشتىكى يېغىندىلىق سەۋەبىدىن ناھاياتى كۆپ مەقسەتلەر ئۈچۈن يۈنەلگەن ئارزۇلارنىڭ مەنبىئى بولغان، ھەم يارىتىلىتىكى ناھايىتى كۆپ ۋەزىپىلىرى سەۋەبلىك ئەزالىرى ۋە ئىستىملىرى كۆپ تەرەققى قىلغان. ئىبادەتنىڭ ھەر تۈرىنى قىلىشقا مۇۋاپىق بىر شەكىلدە يارىتىلغانلىقىدىن، بارلىق كامالەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى يىغىلغان بىر قابىلىيەت بېرىلگەن. مانا شۇ قەدەر باي ئىستىملار ۋە كۆپ سەرمايىلار، ئەلۋەتتە ئەھمىيەتسىز، ۋاقىتلىق شۇ دۇنياۋى ھايات ئۈچۈن بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ دەرىجىدىكى ئىنسانىنىڭ ھەقىقى ۋەزىپىسى، چەكسىز مەقسەتلەرگە قارىغان ۋەزىپىلىرىنى كۆرۈپ، ئاجىزلىق، مۇھتاجلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئىبادەت يولى ئارقىلىق ئىلان قىلىش، كۆپ تەرەپلىمىلىك نەزىرى بىلەن مەۋجۇداتلارنىڭ تەسبىھ - زىكىرلىرىنى كۆرۈپ بىلىش، نىمەتلەر ئىچىدە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ياردەملىرىنى كۆرۈپ شۈكۈر قىلىش ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدە رابباني قۇدرەتلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىشتۇر.

ئەي دۇنياپەرەست، دۇنياۋى ھاياتقا ئاشىق ۋە ئەھسەنە تەقۋىم سىرىدىن خەۋەرسىز ئىنسان! شۇ دۇنيالىق ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى بىر

خىيالى ۋەقەدە كونا سەئىد كۆرگەن. ئۇنى يېڭى سەئىدكە ئۆزگەرتكەن شۇ مىسالى ۋەقەنى ئاڭلا:

كۆردۈمكى، مەن بىر يولۇچى، ئۇزۇن بىر سەپەرگە كىتىۋاتىمەن. يەنى ئىۋەتىلدىم. خوجايىنىم بولغان زات ماڭا ئايرىغان ئاتمىش ئالتۇندىن بىر مىقتاردىن، بىر مىقتاردىن پۇل بىرەتتى. مەنمۇ سەرىپ قىلىپ، ناھايىتى ھۇزۇر بىغىشلايدىغان بىر سارايغا كىردىم. ئۇ سارايدا بىر كېچە ئىچىدە ئون ئالتۇننى قىمارغا، تاماشالارغا، شۆھرەتپەرەستلىك يوللىرىغا خەجلىدىم. ئەتىگىنى قولۇمدا ھېچ پۇل قالمىدى. بىر تىجارەت قىلالمىدىم. كېتىدىغان يېرىمگە بىر مال ئالالمىدىم. پەقەت ئۇ پۇللاردىن قولۇمدا ئەلەملەر، گۇناھلار ھەمدە تاماشالاردىن كەلگەن يارىلار، ئىزلار، قايغۇلار قالغاندى. مەن ئۇ چۈشكۈن ھالەتتىكى چاغدا توساتتىن بىر كىشى پەيدا بولدى. ماڭا دىدى:

— سەرمايەڭنى پۈتۈنلەي زايا قىلدىڭ، كاچاتقا لايىق بولدۇڭ. كېتىدىغان يېرىڭگىمۇ مۇنقەرز بولۇپ قولۇڭ قۇرۇق ھالدا كېتىسەن. لىكىن ئەقلىڭ بولسا تۆۋبە قىل، تۆۋبە ئىشىكى ئوچۇقتۇر. بۇنىڭدىن كىيىن يەنە ساڭا بىرىلىدىغان ئون بەش ئالتۇنۇڭدىن ھەر ئالغىنىڭدا يېرىمىنى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قوي. يەنى كېتىدىغان يېرىڭدە ساڭا لازىملىق بەزى نەرسىلەرنى ئال.

قاراپ باقسام نەفسىم رازى بولمىدى. «ئۈچتىن بىرسىنى» دىدى. ئۇنىڭغىمۇ نەفسىم چىدىمىدى. كىيىن «تۆتتىن بىرىنى» دىدى. قارىسام نەفسىم مۇپتىلا بولغان ئادىتىنى تەرك قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ كىشى

غەزەپلىنىپ يۈزىنى ئۆرۈپ كىتىپ قالدى. تۇيۇقسىز ئەھۋال ئۆزگەردى. قارىسام مەن تونىل ئىچىدە ناھايىتى تېزلىك بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كىتىپ بارغان بىر پويىزدا تۇرىمەن. قورقتۇم. لىكىن بىر تەرەپكە قاچىدىغانغا ھېچبىر چارە يوق ئىدى. قىزىق يېرى، ئۇ پويىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھايىتى جەلىپ قىلارلىق گۈللەر، مېۋىلەر كۆرۈنۈۋاتاتتى. مەنمۇ ئەقىلسىز دۆتلەردەك ئۇلارغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇ گۈللەرنى ئۈزۈش ۋە مېۋىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندىم. بىراق ئۇ گۈل ۋە مېۋىلەر تىكەنلىك بولۇپ، قولۇم تەگسە سانجىلاتتى، قانىتاتتى. پويىزنىڭ يۈرىشى بىلەن ئايرىلىشىدىن قولۇمنى تارتىپ پارچىلايتتى. ماڭا بەك قىيىن كەلگەنىدى. تۇيۇقسىز پويىزدىكى خىزمەتچى دىدى:

— بەش تىيىن بەرسەڭ ماڭا ئۇ گۈل ۋە مېۋىلەردىن خالىغىنىڭچە بىرىمەن. بەش تىيىن ئورنىغا قولۇڭ تىتىلىپ يۈز تىيىن زىيان كۆرىسەن. ھەممە جازا بار. رۇخسەتسىز ئۈزەلمەيسەن.

ئېچىم سىقىلىپ بۇ تونېل قاچان تۈگەيدىغاندۇ دەپ بېشىمنى چىقىرىپ ئالدى تەرىپكە قارىدىم. كۆردۈمكى، تونېل ئىشىكى ئورنىغا كۆپ تۆشۈكلەر بار بولۇپ، ئۇلارغا ئۇ ئۇزۇن پويىزدىن كىشىلەر تاشلىنىۋاتاتتى. مېنىڭ دەل ئۇدۇلۇمدا بىر تۆشۈك كۆردۈم. ئۇ تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى مازار تېشى قويۇلغان بولۇپ قىزىقىپ قارىدىم. تاش ئۈستىدە چوڭ ھەرپلەر بىلەن «سەئىد» ئىسمى يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. قورقۇنچ ۋە ھەيرانلىقىمدىن: «بۇ نىمە ئىش؟» دىدىم. تۇساتتىن ھېلقى ساراي ئىشىكىدە ماڭا نەسىھەت قىلغان زاتنىڭ

ئۇنىنى ئاڭلىدىم:

ــ ئەقلىك بىشىڭغا كەلدىمۇ ؟

ــ ھەئە كەلدى. بىراق ئۇۋۇەت قالمىدى، ئامال يوق ــ دىدىم. دىدى:

ــ تۇۋبە قىل، تەۋەككۇل قىل.

ــ قىلدىم، دىدىم، ئىسىمگە كەلدىم. كونا سەئىد يوقىلىپ، ئورنىغا يىڭى سەئىد دەپ ئۆزۈمنى كۆردۈم.

شۇ خىيالى ۋەقەنى ئاللاھ خەيرلىك قىلسۇن، بىر ـ ئىككى قىسمىنى مەن تەبىر قىلاي، باشقا جەھەتلىرىنى ئۆزۈڭ تەبىر قىل.

ئۇ سەپەر بولسا، روھلار ئالەمىدىن، ئانا رەھمىدىن، ياشلىقتىن، قېرىلىقتىن، مازاردىن، قەبىر ئالىمىدىن، مەھشەردىن، كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىغان ئەبەدىل ئەبەد تەرەپكە سوزۇلغان بىر سەپەردۇر. ئۇ ئاتىمىش ئالتۇن بولسا، ئاتمىش يىللىق ئۆمۈردۇركى، بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى قىرىق بەش ياشتا بىلەتتىم. قولۇمدا ھۆججەت يوق. بىراق قېلىپ قالغان ئون بەشتىن يىرىمىنى ئاخىرەتكە سەرپ قىلىش ئۈچۈن قۇرئانى كەرىمنىڭ خالىس بىر شاگىرتى مىنى ئىرشاد قىلدى. (توغرا يولغا باشلىدى.)

ئۇ ساراي بولسا مەن ئۈچۈن ئىستانبۇل ئىكەن.

ئۇ پويىز بولسا ۋاقىتتۇر. ھەر بىر يىل بىر ۋاگوندۇر.

ئۇ تونىل بولسا دۇنيا ھاياتىدۇر.

ئۇ تىكەنلىك گۈل، مىۋىلەر بولسا، ھارام لەززەتلەر ۋە گۇناھلىق ئويۇن ـ تاماشالار بولۇپ، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەسناسى يوق بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىشتىن كەلگەن ئەلەم يۈرەكنى قانىتىدۇ.

ئايرىلىشىدا پارچىلايدۇ. تېخى جازانىمۇ چەكتۈرىدۇ. پويىز خىزمەتچىسى دىگەن ئىدى: «بەش تىيىن بەرسەڭ ئۇلاردىن خالىغىنىڭچە بىرىمەن.» ئۇنىڭ تەبىرى شۇكى، ئىنسانىنىڭ هالال ئەمگەك بىلەن هالال دائىرىدە ئالغان لەززەتلەر ۋە هۇزۇرلار كەيپكە يەتەرلىكتۇر. هارامغا كىرىشكە كېرىكى قالماس. باشقا قىسىملىرىنى سەن ئۆزۈڭ تەبىر قىلالايسەن.

تۆتىنچى نۇكتە: ئىنسان شۇ كائىنات ئىچىدە ناهايىتى نازۇك، نازدار بىر كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. كۈچسىزلىكىدە چوڭ بىر قۇۋۋەت، ئاجىزلىقىدا چوڭ بىر قۇدرەت باردۇر. چۈنكى، ئۇ كۈچسىزلىكىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ۋە ئاجىزلىقىنىڭ قۇدرىتى بىلەن شۇ مەۋجۇداتلار ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان. ئەگەر ئىنسان كۈچسىزلىكىنى چۈشىنىپ تىلى، ئەھۋالى ۋە هەرىكىتى ئارقىلىق دۇئا قىلسا هەمدە ئاجىزلىقىنى بىلىپ ياردەم تىلىسە، شۇنداقلا بويسۇندۇرۇلغان نەرسىنىڭ شۇكرىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق تىلىگىنىگە شۇ دەرىجىدە مۇۋەپپەق بولىدۇ ۋە مەقسەتلىرى شۇ دەرىجىدە ئىتائەت قىلدۇرۇلىدۇكى، ئۆز ئىقتىدارىغا قالسا ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەس. بىراق ئىنسان بەزىدە ئەھۋال تىلى بىلەن قىلغان دۇئاسى ئارقىلىق هاسىل بولغان نەتىجىنى خاتا هالدا ئۆز ئىقتىدارىنىڭ مېۋىسى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: چۈجىنىڭ ئاجىزلىقىدىكى قۇۋۋەت توخىنى شىرغا ئېتىلدۇرىدۇ. يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن شىرنىڭ بالىسى، ئۇ يىرتقۇچ ۋە ئاچ شىرنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈپ، ئۇنى ئاچ قويۇپ، ئۆزى توق بولىدۇ. دىققەت تارتىدىغان نۇقتا، ئاجىزلىقتىكى بىر قۇۋۋەت ۋە هەيران قالارلىق بىر رەهمەت

جىلۋىسى...

نازدار بىر كىچىك بالا يىغىسى بىلەن، ياكى تىلەش بىلەن ۋە ياكى بىچارە ھالى بىلەن ئىستەكلىرىگە شۇنداق مۇۋەپپەق بولىدۇكى، ھەمدە چوڭلار ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئىتائەت قىلىدۇرىلىدۇكى، ئۇ ئىستەكلەردىن مىڭدىن بىرىگىمۇ مىڭ ھەسسە ئارتۇق قۇۋۋىتى بىلەن يېتىشەلمەيدۇ. دېمەك، كۈچسىزلىق ۋە ئاجىزلىق ئۇنىڭغا قارىتا شەپقەت ۋە مۇھاپىزەت قىلىش تۇيغۇسىنى قوزغىتالىغانلىقى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر بارمىقى بىلەن قەھرىمانلارنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بىر كىچىك بالا ئۇ شەپقەت ۋە مۇھاپىزەتنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئەخمەقلەرچە بىر تەكەببۇر بىلەن: «مەن قۇۋۋىتىم ئارقىلىق بۇلارنى باش ئەگدۈرىۋاتىمەن» دېسە ئەلۋەتتە كاچات يەيدۇ.

ئىنسانمۇ ياراتقۇچىسىنىڭ رەھمىتىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ھىكمىتىنى ھاقارەتلەيدىغان بىر شەكىلدە نېمەتلەرگە قارشى تۇزكورلۇق قىلغان ھالدا قارۇنغا ئوخشاش

يەنى: «مەن ئۆزۈمنىڭ اِنَّمَآ اُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ

ئىلمى ۋە ئىقتىدارى ئارقىلىق تاپتىم» دېسە، ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئازاپ كاچىتىغا لايىق قىلىدۇ.

دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى سەلتەنىتى، تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆسۈش، تارتىش ئارقىلىق، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئارقىلىق ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كۈچسىزلىگى ئۈچۈن ئەمرىگە ئىتائەت قىلدۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن ياردەم قىلىنغان، ئۇنىڭ مۇھتاجلىقى ئۈچۈن ئېھسان قىلىنغان،

ئۇنىڭ نادانلىقى ئۇچۇن ئىلهام قىلىنغان، ئۇنىڭ ئېهتىياجى ئۇچۇن ئىلتىپات كۆرسىتىلگەن. ئۇ سەلتەنەتىنىڭ كىلىش سەۋەبى، قۇۋۋىتى ۋە ئىلمى ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى رابباني شەپقەت ۋە مەرھەمەت ھەمدە ئىلاھى رەھمەت ۋە ھىكمەت بولۇپ، كۆپ نەرسىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەرگەندۇر.

شۇنداق، كۆزسىز بىر چايان ۋە پۇتسىز بىر يىلاندەك ھاشارەتكە مەغلۇپ بولغان ئىنسانغا، بىر كىچىك قۇرتتىن يىپەكنى كىيگۈزگەن ۋە زەھەرلىك ھەرىدىن ھەسەلنى يىگۈزگەن ئۇنىڭ ئىقتىدارى بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ مىۋىسى بولغان رەببىنىڭ باش ئەگدۇرىشى ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئېھسانىدۇر.

ئەي ئىنسان! ھەقىقەت ئەنە شۇنداق. ئۇنداقتا غۇرۇر ۋە مەنمەنلىكنى تاشلا. ئاللاھ دەرگاھىدا ئاجىزلىق ۋە كۈچسىزلىكىڭنى ياردەم تىلەش تىلى بىلەن، مۇھتاجلىق ۋە ئېهتىياجلىرىڭنى يالۋۇرۇش ۋە دۇئا تىلى بىلەن ئىلان قىل ھەمدە قۇل ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەت ۋە

حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

دە، ئۆس.

ھەم «مىنىڭ ھىچ بىر قەدرىم يوق. بۇ كائىناتىنىڭ بىر چەكسىز ھىكمەت ئىگىسى تەرىپىدىن ماڭا ئىتائەت قىلدۇرىلىشىدا ۋە مەندىن ئۇمۇمى بىر شۈكۈر خالىنىشىدا مىنىڭ نىمە ئەھمىيىتىم بار ئىكەن؟ » دىمە.

چۈنكى سىنىڭ نەفس ۋە سۇرىتىڭ ئېتىبارى بويىچە ھىچ قەدرىڭ

يوق. بىراق، ۋەزىپە ۋە مەرتىۋە نۇقتىسىدىن ، سەن شۇ ھەشەمەتلىك كائىناتنىڭ دىققەتلىك بىر كۆزەتكۈچىسى، شۇ ھېكمەتلىك مەۋجۇداتلارنىڭ ناھايىتى گۈزەل سۆزلىگەن بىر تىلى ، شۇ ئالەم كىتابىنىڭ ئەقىللىق مۇھاكىمىچىسى، شۇ تەسبىھ بىلەن مەشغۇل مەخلۇقاتلارنىڭ ھەيران قالارلىق بىر رەئىسى ۋە شۇ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر يېتەكچىسى ھېسابلىنىسەن.

شۇنداق، ئەي ئىنسان! سەن ئۆسۈملۈكلەرچە بەدىنىڭ ۋە ھايۋانلارچە نەفسىڭ جەھەتى بويىچە كىچىككىنە بىر پارچە، قەدىرسىز بىر بارلىق، يوقسۇل بىر مەخلۇق، ئاجىز بىر جانلىق بولۇپ، قورقۇنچ بىرىپ ، ئىقىپ كېتىۋاتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ دولقۇنلىرى ئىچىدە چايقىلىپ كېتىپ بارىسەن. بىراق ئىلاھى مۇھەببەت يورۇقلۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلانغان ئىسلامىيەت تەربىيىسى ئارقىلىق مۇكەممەللەشسەڭ، ئىنسانىيەت جەھەتى بويىچە، قۇللۇغۇڭ ئىچىدە بىر سۇلتانسەن بىر پارچىلىقىڭ ئىچىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگىسەن. كىچىكلىكىڭ ئىچىدە بىر ئالەمسەن. ھەمدە قەدىرسىزلىكىڭ ئىچىدە دەرىجىسى بەك چوڭ، ھوقۇق دائىرىسى كەڭ بىر نازارەتچى بولۇپ، «مېنىڭ رەھىملىك رەببىم، دۇنيانى ماڭا بىر ئۆي، ئاي ۋە قۇياشنى ئۇ ئۆيۈمگە بىر چىراق، باھارنى بىر دەستە گۈل، يازنى بىر نېمەت داستىخىنى، ھايۋانلارنى بىر خىزمەتكار، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇ ئۆيۈمنىڭ چىرايلىق لازىمەتلىكلىرى قىلدى. » دېيەلەيسەن.

خۇلاسە: سەن ئەگەر نەفس ۋە شەيتانىنىڭ سۆزىگە كىرسەڭ

ئەسفەلە سافىلىنگە چۈشىسەن. ئەگەر ھەق ۋە قۇرئاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىساڭ ئالايى ئىللىيىنگە چىقىپ كائىنات كىتابىنىڭ ئىسىل بىر مۇندەرىجىسى بولىسەن.

بەشىنچى نۇكتە: ئىنسان شۇ دۇنياغا بىر خىزمەتچى ۋە مېھمان قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. كۆپلىگەن مۇھىم قابىلىيەتلەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن. قابىلىيىتىگە قارىتا مۇھىم ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەن. ئىنسانغا ئۇ غايە ۋە ئۇ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق تەشۋىقلەر ۋە دەھشەتلىك تەھدىتلەر قىلىنغان. «ئەھسەنە تەقۋىم» سىرىنىڭ چۈشىنىلىشى ئۈچۈن، بىز باشقا يەردە ئىزاھ قىلغان ئىنسانىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ ئاساسلىرىنى بۇ يەردە قىسقىچە يىغىنچاقلايمىز.

ئىنسان شۇ كائىناتقا كەلگەندىن كېيىن «ئىككى جەھەت بىلەن» ئىبادىتى بار.

بىرىنچى جەھەت: غەيبى شەكىلدىكى بىر ئىبادىتى ۋە بىر تەپەككۇرى بار.

يەنە بىرى: توغرىدىن ـ توغرا خىتاب قىلىش سۈرىتىدە بىر ئىبادىتى، بىر دۇئاسى بار.

بىرىنچى جەھەت شۇدۇركى، كائىناتتا كۆرۈنگەن رۇبۇبىيەت سەلتەنىتىنى ئىتائەچانلىق بىلەن تەستىق قىلىپ، كامالەتلىرى ۋە گۈزەللىكلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتىشتۇر.

كېيىن ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئىسىملىرىنىڭ نەقشلىرىدىن ئىبارەت بولغان بەدىئى سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ ئۇقتۇرۇش ۋە ئىلان قىلىشتۇر. ئاندىن ھەر بىرى بىردىن يوشۇرۇن

مەنۋى خەزىنە ھۆكمىدە بولغان رابيانى ئىسملارنىڭ ماھىيىتىنى ئەقىل تارازىسى بىلەن تارتىش، قەدىر ـ قىممەتنى بىلگۈچى قەلپ ئارقىلىق تەقدىرلەپ باھا بېرىشتۇر.

ئاندىن قۇدرەت قەلىمىنىڭ خەتلىرى ھۆكمىدە بولغان مەۋجۇدات بەتلىرىنى، زېمىن ۋە ئاسمان ۋاراقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەيرانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىشتۇر.

ئاندىن شۇ مەۋجۇداتلاردىكى ھۆسۇنلەرنى ۋە نازۇك سەنئەتلەرنى مەدھىلەپ كۆزىتىش ئارقىلىق چەكسىز گۈزەللىك ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىنى تونۇشقا ئىنتىلىش، ئۇلارنىڭ چەكسىز كامالەت ئىگىسى بولغان سەنئەتكارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىش ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشتىياق كۆرسىتىشتۇر.

ئىككىنچى جەھەت بولسا، توغرىدىن ـ توغرا خىتاپ قىلىش دەرىجىسى بولۇپ، ئەسەردىن ئەسەر ئىگىسىگە ئۆتىدۇ. كۆرىدۇكى، چەكسىز ھەيۋەت ئىگىسى بولغان سەنئەتكار ياراتقۇچى ئۆز سەنئەتلىرىنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە بىلدۈرۈشنى خالايدۇ. ئۇمۇ ئىمان بىلەن، تونۇش بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ.

كېيىن كۆرىدۇكى، بىر رەھىملىك ياراتقۇچى، رەھمىتىنىڭ گۈزەل مېۋىلىرى بىلەن ئۆزىنى سۆيدۈرۈشنى خالايدۇ. ئۇمۇ مۇھەببىتىنى تامامەن ئۇنىڭغا بېرىش، ئىبادىتىنى پەقەتلا ئۇنىڭغا يۈنەلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۇنىڭغا سۆيدۈرىدۇ.

ئاندىن كۆرىدۇكى، چەكسىز مەرت بولغان بىر نېمەت بەرگۈچى ئۇنى ماددى ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ لەززەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن، ھەرىكەت، ئەھۋال ۋە تىللىرى بىلەن، ھەتتا قولىدىن كەلسە بارلىق سىزىملىرى بىلەن شۈكۈر ۋە ھەمدۇ سانا قىلىدۇ.

ئاندىن كۆرىدۇكى، چەكسىز گۈزەللىك ۋە ھەيۋەت ئىگىسى بولغان بىر زات شۇ مەۋجۇدات ئەينەكلىرىدە چوڭلۇق ۋە كامالەتلىرىنى، ھەيۋەت ۋە گۈزەللىكلىرىنى ئىزھار قىلىپ دىققەت نەزىرىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن «ئاللاھۇ ئەكبەر، سۇبھاناللاھ» دەپ، يوقلۇق ئىچىدە ھەيرانلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن سەجدە قىلىدۇ.

ئاندىن كۆرىدۇكى، بىر چەكسىز بايلىق ئىگىسى، چەكسىز ساخاۋىتى ئىچىدە ھېسابسىز بايلىق ۋە خەزىنىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن، ھۆرمەت ۋە سانا ئىچىدە مۇھتاجلىقىنى دەل ھېس قىلىپ تىلەيدۇ ۋە سورايدۇ.

ئاندىن كۆرىدۇكى، ئۇ ھەيۋەت ئىگىسى بولغان ياراتقۇچى، يەر يۈزىنى بىر كۆرگەزمىگە ئوخشاش تەييارلاپ، ھەيران قالدۇرىدىغان بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۇ يەردە يايغان. ئۇمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن «ماشائاللاھ» دەپ تەقدىرلەپ، «بارەكاللاھ» دەپ ئالقىشلاپ، «سۇبھاناللاھ» دەپ ھەيران بولۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

ئاندىن كۆرىدۇكى، ۋاھىدى ئەھەد بولغان (بىر بولغان) ئاللاھ شۇ كائىنات سارايىدا تەقلىت قىلىنماس تامغىلىرى، ئۇنىڭغىلا خاس ئىمزالىرى، ئۇنىڭغىلا مەخسۇس مۆھۈرلىرى، ئۇنىڭغىلا يارىشىدىغان

پەرمانلىرى بىلەن بارلىق مەۋجۇداتقا بىرلىك تامغىسىنى قويىدۇ. تەۋھىد دەلىللىرىنى نەقىشلەيدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھەر تەرىپىدە بىرلىكنىڭ بايرىقىنى قادايدۇ ۋە رۇبۇبىيىتىنى ئىلان قىلىدۇ. ئۇمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن تەستىق بىلەن ، ئىمان بىلەن، تەۋھىد بىلەن، ئىتائەت بىلەن، شاھادەت بىلەن، ئىبادەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ.

مانا بۇ خىل ئىبادەت ۋە تەپەككۇرلەر بىلەن ھەقىقى ئىنسان بولىدۇ. ئەھسەنە تەقۋىمدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىماننىڭ بەرىكىتى بىلەن ئامانەتكە لايىق زېمىننىڭ ئىشەنچلىك خەلىپىسى بولىدۇ.

ئەي ئەھسەنە تەقۋىمدە يارىتىلغان ۋە ئىختىيارىنى يامانغا قوللىنىش ئارقىلىق ئەسفەلە سافىلىنگە كەتكەن غافىل ئىنسان! ماڭا قۇلاق سال. مەنمۇ سىنىڭدەك ياشلىق مەستلىگى بىلەن، غەپلەت ئىچىدە دۇنيانى ياخشى ۋە گۈزەل كۆرگەنىدىم. ياشلىق مەستلىگىدىن قېرىلىق ئەتىگىنىدە ھوشۇمنى تاپقان ۋاقتىمدا، مەن گۈزەل دەپ بىلگەن دۇنيانىڭ ئاخىرەتكە قارىمىغان يۈزىنى نەقەدەر ناچار كۆرگەنلىگىمنى ۋە ئاخىرەتكە قارىغان ھەقىقى يۈزىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭ كەلسە، ئۇن يەتتىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىنىڭ 219، 220 ـ بەتلىرىدە يېزىلغان ئىككى ھەقىقەت لەۋھەلىرىگە قارا، سەنمۇ كۆر.

بىرىنچى لەۋھە: زالالەتتىكىلەرگە ئوخشاش، بىراق مەست بولماستىن، مەن بۇرۇنلاردا غەپلەت پەردىسى ئارقىلىق كۆرگەن غەپلەتتە يۈرگەنلەرنىڭ دۇنياسىنىڭ ھەقىقىتىنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئىككىنچى لەۋھە: ھىدايەتتىكىلەر (ھەق يولدىكىلەر) ۋە ئۆزلىرىنى

ھەر دائىم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھېس قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيالىرىنىڭ ھەقىقەتتە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇرۇن قانداق يېزىلغان بولسا شۇ پېتىچە قويدۇم. شېئىرغا ئوخشايدۇ. بىراق شېئىر ئەمەس...

سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

رَبِّ اشْرَحْ لِي صَدْرِي ۞ وَيَسِّرْ لِي أَمْرِي ۞ وَاحْلُلْ عُقْدَةً مِنْ لِسَانِي ۞ يَفْقَهُوا قَوْلِي

اَللّٰهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَى الذَّاتِ الْمُحَمَّدِيَّةِ اللَّطِيفَةِ الْأَحَدِيَّةِ شَمْسِ
سَمَاءِ الْأَسْرَارِ وَمَظْهَرِ الْأَنْوَارِ وَمَرْكَزِ مَدَارِ الْجَلَالِ وَقُطْبِ فَلَكِ
الْجَمَالِ اَللّٰهُمَّ بِسِرِّهِ لَدَيْكَ وَبِسَيْرِهِ إِلَيْكَ آمِنْ خَوْفِي وَأَقِلْ عَثْرَتِي
وَأَذْهِبْ حُزْنِي وَحِرْصِي وَكُنْ لِي وَخُذْنِي إِلَيْكَ مِنِّي وَارْزُقْنِي
الْفَنَاءَ عَنِّي وَلَا تَجْعَلْنِي مَفْتُونًا بِنَفْسِي مَحْجُوبًا بِحِسِّي وَاكْشِفْ لِي
عَنْ كُلِّ سِرٍّ مَكْتُومٍ يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ
۞ وَارْحَمْنِي وَارْحَمْ رُفَقَائِي وَارْحَمْ أَهْلَ الْإِيمَانِ
وَالْقُرْآنِ آمِينَ يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ وَيَا أَكْرَمَ الْأَكْرَمِينَ ۞

وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞

# قىرىندىشىمىز زىۋەر گۆندۆز ئالپىنىڭ كونيا نۇر شاگىرتلىرى نامىدىن رىسالەنى نۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېت ياشلىرىغا ئەۋەتكەن بىر دوكلاتىدۇر

رىسالەئى نۇرنىڭ دەرسى بىلەن، ئېزىز ۋە قىممەتلىك ئۇستازىمىز بەدىئۇززاماننىڭ ياردىمى بىلەن يېزىلغان بۇ دوكلات، رىسالەئى نۇر ھەققىدىكى تاتلىق ۋە لەززەتلىك بىر سۆھبەتتۇر. رىسالەئى نۇرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. ۋە جاسارەت قىلالمايمەن. ھەمدە مۇنداق چۈشىنىلمىسۇن. چۈنكى، مەن رىسالەئى نۇرنىڭ يېڭى، سەۋىيىسىز، نادان ۋە ئەڭ ئاجىز ئوقۇغۇچىسىمەن. خەلقلەر ئىچىدە بۇنچە شۆھرەت قازانغان بىر شاھ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە سەۋىيەم يەتمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. يۈكسەك شەرەپ، پەقەت رىسالەئى نۇرنىڭ نۇرلۇق، ئىلىملىك، پەزىلەتلىك، ئەقىل - ئىدراكلىق بولغان تەقدىرگە لايىق ئوقۇغۇچىلىرىغا خاس ۋە مەخسۇستۇر.

تەفسىرى بولغان «رىسالەئى نۇر» ئەسەرلىرىنى ئىھسان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر قۇرئانى كەرىمدىن ئىلىنغان ۋە قۇرئانى كەرىمنىڭ ئاساسلىرى دائىرىسىدە يىزىلغان ئەسەرلەردۇر. ئەسەرنى يازغان بەدىئۇززاماندۇر. پۈتۈن ئالىملار بىرلىكتە، «رىسالەئى نۇر» نىڭ مۆھتەرەم مۇئەللىپىنىڭ «بەدىئۇززامان» دىيىلىشگە لايىق بىر شەخس ئىكەنلىگىنى تەستىق قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ بۇ قەدەر شۆھرەت ئىگىسى ئىقتىدارلىق بىر شەخسنى ھەر كىم تونىمايدۇ. دىيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق، ئىچىمىزدە ئون بەش  يىگىرمە يىلدىن بىرى كومۇنىستلار ھەرىكەت قىلىشتى. مۇنداق داھىلىرىمىزنى تونۇتۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، خىلمۇ  خىل تۆھمەتلەر بىلەن يامانلاشتى. بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولۇش ئۈچۈنمۇ بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشتى. ئىلىم كىشىلىرىمىزنى خەلققە يامان كۆرستىش ئۈچۈن، پۈتۈن غەيرەتلىرىنى سەرپ قىلىشتى. بۇنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىنى ئاران بۇ بىر يىلغا يىقىن چۈشىنەلىدۇق. گىزىت  ژورنال، كىتاپلارنىڭ كومۇنىست مىكروپلىرى بىلەن تولغانلىغىنى، دىموكراتچىلارنىڭ مەملىكىتىمىزدە راۋاجلىنىشقا باشلىنىش سايىسىدا چۈشىنەلىدۇق. ئەمىلىيەتتە ئالدىنىپتۇق. ھازىرغا قەدەر دىنى كىشىلەر ھەققىدە بەرگەن ساختا چۈشەنچىلىرىنى ۋە يالغان تەشۋىقلىرىنى، بۇ ھەقىقەتنى بىلگەندىن كىيىن كاللىمىزدىن چىقىرالىدۇق ۋە مەنفى چۈشەنچىلەرنى ئۆچىرەلىدۇق. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەقىقى مۇنەۋۋەر كىشىلەر پايدىلىنىۋاتقان قۇرئانىمىزغا ئاندىن ئىسلالىدۇق. ۋە قۇرئاندىن تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدۇق. ئەسەرلىرى غەرپ تىللىرىغا تەرجىمە

شۇنداق، رىسالەئى نۇر قولۇمغا چۈشۈشتىن بۇرۇن، كىتاپلىرىمىزدا قۇرئاني كەرىمنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرگەن ھېچ بىر نەرسە ئوقۇمىغان ئىدىم. كېيىن چۈشەندىمكى، قۇرئاني كەرىمنى يىرىم ئەسىردىن بېرى، بىزدە يېتىشكەن ئەدىپلەردىن كۆپرەك، ئەجنەبىي چوڭلىرى تەقدىرلەيدىكەن. ئامېرىكىدا ئاق سارايدا پۈتۈن دۇنيانىڭ قۇياشى بولغان قۇرئاني كەرىم يېشىل يىپەكلىكلەر ئارىسىدا لايىق بولغان يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇشۇپتۇ. كەشپىياتچىلار، پەيلاسوپلار، دوختۇرلار، سىياسىيونلار ۋە پسىخولوگلار قۇرئاني كەرىمنى ئاساس تۇتۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشىۋاتىدۇ ۋە پايدىلىنىۋاتىدۇ. بۇ شەخسلەر بۇ مۇقەددەس كىتاپتىن ئالغان مەلۇماتلار بىلەن خەلقارادا شۆھرەت قازىنىشىۋاتىدۇ. شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، فىنلاندىيە ئەڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر تەشكىلات قۇرۇشۇپتۇ. ياشلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ قۇتقازغۇچى بىر كىتاپنى يىللارچە ئىزدىشىپتۇ. نەتىجىدە ياشلارنى ئەڭ يۈكسەك ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلاندۇرۇش ۋە دۇنيادا ئېنىق پىكىرگە ئىگە بولغان ئىلىم مۇتەخەسسىسى قىلىش ئۈچۈن قۇرئاني كەرىمنى ئوقۇتۇۋېتىشىپتۇ. ئىسلامىيەتنى ۋە قۇرئاننى تەقدىرلىگەن چەتئەللىكلەر ناھايىتى كۆپ. مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر، ئىسلام كىتابىنىڭ قىممىتىنى تەقدىرلەپ پايدىلىنىشسا، ئۇيغاق مۇسۇلمان ياشلىرى يەنە كۆپ تۇرالماس ۋە ئۇخلىماس. شانلىق مەبۇدىمىز ئاللاھ ياشلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ۋە چىن يۈرەكتىن خالىغان ئارزۇلىرىنى يىگىرمىنچى ئەسىردىمۇ يىرىگە كەلتۈردى. بۇ مەدەنىيەت ئەسرىدە قۇرئاني كەرىمنىڭ ھەقىقى بىر

تەفسىرى بولغان «رىسالەئى نۇر» ئەسەرلىرىنى ئېھسان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر قۇرئانى كەرىمدىن ئېلىنغان ۋە قۇرئانى كەرىمنىڭ ئاساسلىرى دائىرىسىدە يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. ئەسەرنى يازغان بەدىئۇززاماندۇر. پۈتۈن ئالىملار بىرلىكتە، «رىسالەئى نۇر» نىڭ مۆھتەرەم مۇئەللىپىنىڭ «بەدىئۇززامان» دېيىلىشىگە لايىق بىر شەخس ئىكەنلىكىنى تەستىق قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ بۇ قەدەر شۆھرەت ئىگىسى ئىقتىدارلىق بىر شەخسنى ھەر كىم تونىمايدۇ. دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق، ئىچىمىزدە ئون بەش - يىگىرمە يىلدىن بېرى كومۇنىستلار ھەرىكەت قىلىشتى. مۇنداق داھىلىرىمىزنى تونۇتۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، خىلمۇ - خىل تۆھمەتلەر بىلەن يامانلاشتى. بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولۇش ئۈچۈنمۇ بارلىق ئىمكانلاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشتى. ئىلىم كىشىلىرىمىزنى خەلققە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن غەيرەتلىرىنى سەرپ قىلىشتى. بۇنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىنى ئاران بۇ بىر يىلغا يېقىن چۈشىنەلىدۇق. گېزىت - ژۇرنال، كىتاپلارنىڭ كومۇنىست مىكروپلىرى بىلەن تولغانلىقىنى، دېموكراتچىلارنىڭ مەملىكىتىمىزدە راۋاجلىنىشقا باشلىنىش سايىسىدا چۈشىنەلىدۇق. ئەمىلىيەتتە ئالدىنىپتۇق. ھازىرغا قەدەر دىنى كىشىلەر ھەققىدە بەرگەن ساختا چۈشەنچىلىرىنى ۋە يالغان تەشۋىقلىرىنى، بۇ ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن كاللىمىزدىن چىقىرالىدۇق ۋە مەنفى چۈشەنچىلەرنى ئۆچۈرەلىدۇق. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەقىقى مۇنەۋۋەر كىشىلەر پايدىلىنىۋاتقان قۇرئانىمىزغا ئاندىن ئىسلالىدۇق. ۋە قۇرئاندىن تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدۇق. ئەسەرلىرى غەرپ تىللىرىغا تەرجىمە

قىلىنغان مەۋلانە جالالىددىن، يۇنۇس ئەمرە، ئەۋلىيا چەلەبىدەك كۆپلىگەن چوڭلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ھەققى قىممەتلىرىنى ياشلار قانداق بىلمىگەن بولسا، بەدىئۇززاماندەك بىر چوڭىمىزنىمۇ ياشلار ھەققى تونىمايدۇ. بىراق شۇنداق قىممەتلىك بىر كىشىنىڭ ھازىرمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەر، قىممىتىنى تېزلا چۈشەندى ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېتىلىشتى. ئىنشائاللاھ پۈتۈن تۈرك خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيامۇ بۇ چوڭنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ. بۇ پىكىر ۋە ئارزۇنى رىسالەئى نۇردىكى ئىقتىدار، قۇۋۋەت ۋە يېڭىلىق تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ.

شۇنداق، بۇ ئەسىردىكى ئىنسانلارنى سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەسەر پەقەتلا رىسالەئى نۇردۇر. بۇ ھۆكۈم نۇر رىسالىلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ قەتئى بىر ھۆكمىدۇر. مېنىڭدەك بىر مىسكىننىڭ سۆزى ئەمەس. قۇرئانى كەرىمگە ئىسلىغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىرى تۈزەلگىنىدەك، ئۇنىڭ پارلاق ۋە يۈكسەك تەفسىرى بولغان رىسالەئى نۇرنى ئوقۇپ ئەمەل قىلغانلارمۇ ھەققى سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان ياشلارنىڭ ئىستىقبالى پارلايدۇ، ئىلىم ۋە ئىرفان ئىگىسى بولىشىدۇ. ئوقۇغانسىرى ئەخلاقلىرىمىزنىڭ يۈكسىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. بۇنىڭغا تەۋرىمەس بىر ئىمان بىلەن ئىشىنىمىز... ئوقۇغانسىرى ئاللاھىمىزغا، پەيغەمبىرىمىزگە، ئاتا - ئانىمىزغا، ھەقلىق ھەققى قانۇنغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋاتىمىز. بۇ سۆزلەر قارشىسىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىر سۆز ئېيتىلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئوقۇلسۇن، تەرجىمە قىلىنسۇن. ئۇ

ۋاقىت ھۆكۈملەرنى، ئوقۇغانلارنىڭ ئۆزلىرى بىرىشىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مەسجىدىگە كىرەلىسەم، مۇنارىغا چىقالىسام، ئاللاھىمۇ سۆزلىرىمنى پۈتۈن جاھان ئاڭلىيالايدىغان تۈردە ياڭراق بىر سادا بەرسە، پۈتۈن قۇدرەت ۋە قۇۋۋىتىم بىلەن رىسالەئى نۇرنىڭ، پۈتكۈل ياشلارنى ۋە ئىنسانلارنى يامانلىقتىن، زالالەت ۋە ھايۋانى ھاللاردىن قۇتقۇزىدىغان بىر شاھ ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىلان قىلاتتىم ... رىسالەئى نۇر ئويغاتقان بۇ ئۇلۇغ ئارزۇ مېنىڭدەك ئاران توقۇغۇز - ئون كىتابنى ئوقۇيالىغانلاردا بۇ قەدەر بولسا، ئوقۇش ئارقىلىق نۇر دەرياسىغا غەرق بولغانلاردىكى ئارزۇ - ئىستەكنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلىگىنى پەرەز قىلالمايمەن. رىسالەئى نۇردىن بىر پىكىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھېچ بىر يەردىن ئىزاھ ئىلىشقا كىرەك يوق. سىلەر بۇ نۇرلۇق ئەسەرلەرنى ئوقۇڭلار. قۇرئانى كەرىمنىڭ سىلەرنىڭ ئىچىڭلارغا تولۇپ، ئىمانىڭلارنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ. ئىمان جەھەتتە دۇنيانىڭ جەننەتتىنمۇ لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى رىسالەئى نۇر بىلدۇرىدۇ. دۇنيانى فانى ھايات ئۈچۈن ئەمەس، ئەبەدى ئالەم ئۈچۈن سۆيۈشكە باشلايسىلەر. ناماز ئوقۇشنىڭ يۈكسەك ۋە ھەقىقى بىر لەززەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر دەرىجە چۈشىنىسىلەر.

نامازدا، ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈك ئاللاھىمىزنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇشتىن ئۇ قەدەر كۆپ لەززەت ئىلىشقا باشلايسىلەركى، نامازسىز ھالدا ئۆتكەن كۈنلىرىڭلار ئازاپ ۋە قىينىچىلىقلار بىلەن ئۆتىدۇ. ئەڭ شات - خورام، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ ھوزۇرلۇق ۋاقىتلىرىڭلار نامىزىڭلاردا

بولىدۇ. مىلەرمۇ بىلسىلەركى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ھەقىقى تۈردە ئورۇنلىغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتى ھۇزۇر ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ ۋە ئۆتىۋاتىدۇ.

رىسالەئى نۇر خىزمىتىدە بولغىنىڭلاردا، بۇ دۇنيادىن جەننەتكە دەۋەت قىلىشسا، قۇرئانى كەرىمگە خىزمەت قىلىشتەك چوڭ بىر شەرەپنى تەرك قىلىپ، مۇنداق مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنىڭ، مۇنداق ئۇلۇغ بىر سائادەتنىڭ دۇنيادا بار ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپ، ئۇ خىزمەتنى تاشلاپ، جەننەتكە كىتىشنى خالىمايسىلەر. دۇنيانىڭ ئىمان جەھەتتە مەنىۋى بىر جەننەت ھۆكمىدە ئۆتىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، بۇ دۇنيادىن ھازىرغا قەدەر نىمە كۆردۇقكى، بۇندىن كىيىن راھەت كۆرىدىكەنمىز، دەيدىغانلار بولىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، دۇنيانىڭ ئەھلى ئىمان ئۈچۈن ئىمان جەھەتتە بىر خىل مەنىۋى جەننەت ھۆكمىدە بولىدىغانلىقىنى رىسالەئى نۇر قۇۋۋەتلىك ئۆلچەم ۋە قەتئى دەلىللىرى بىلەن ئىسپات قىلغاندۇر.

رىسالەئى نۇر، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مۇسۇلمانلىرىنى ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنى قويۇق پىكىر قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ۋە قورقۇنچلۇق زالالەت يوللىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇئەللىفنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، جانابى ئاللاھنىڭ ئىھسانى بىلەن يىزىلغان بىر ئەسەردۇر. رىسالەئى نۇرنى داۋاملىق توختالغان ئاساستا ۋە ئىچىدىكى يىگى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆگىنىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئىچىڭلاردا كىچە ـ كۈندۈز ئىرىشقانلاردەك بىر ھۇزۇر بىر ھەۋەس ئويغىنىدۇ. ئەگەر بىر ئاز سۇسلۇق كۆرسەتسەڭلار، نەفسىڭلارنىڭ تەسىرى

ئاستىدا قالغانلىغىلارنى ئەسلەپ، دەرھال پائالىيىتىڭلارنى ئارتتۇرىشىڭلار كېرەك. چۈنكى ياشلىق كېتىۋاتماقتا، بۇنىڭدەك قەدىر - قىممىتى چەكسىز بولغان ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن بەش مىنۇتنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەسلىك بىزنىڭ قۇۋۋەتلىك بىر نىيىتىمىزدۇر.

رىسالەئى نۇر ئۈچۈن تىرىشقان بەختىيار كىشىلەر ئارىسىدا شەخسى مەنپەئەت قەتئىيەن نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى غايە ئاللاھنىڭ رازىلىقىدۇر. شۇكۈرلەر بولسۇنكى، رىسالەئى نۇر ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن دوستلىرىمىز مىليونلاردىن ئاشتى. ئەقلى ۋە پىكرى يېرىدە بولغانلار ئۈچۈن ناھايىتى ئاشكارە بولغان بۇ ھەقىقەتنى ھېچكىم ئىنكار قىلالماس. ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەتكە كىرىشىش بولغان رىسالەئى نۇر خىزمىتىدە كىچە ئۇيقۇلىرىنى تەرك قىلغانلارمۇ بار. رىسالەئى نۇرغا خىزمەت قىلغان نۇرنىڭ شۇنداق ھەقىقى تالىپلىرى باركى، ئۇلاردىن بىرسىگە: «رىسالەئى نۇر ئورنىغا شۇ كىتاپلارنى كۆپەيتىپ باسساڭ، ئامېرىكىلىق مىليونېر فوردنىڭ بايلىقىنى ساڭا بېرىمىز» دېيىشسە، رىسالەئى نۇرنىڭ قۇرلىرىدىن قەلەمنىڭ ئۈچىنىمۇ كۆتۈرمەستىن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «دۇنيانى بايلىغى ۋە سەلتەنىتى بىلەن قوشۇپ بەرسەڭلارمۇ قوبۇل قىلمايمەن. چۈنكى جانابى ئاللاھ رىسالەئى نۇر خىزمىتى بىلەن تۈگىمەس بىر باقى خەزىنىنى بېرىدۇ. ئەجەبا سىلەرنىڭ ئۇ بايلىقىڭلار مېنى بەختلىك قىلالامدۇ؟ ئۇ گۇمانلىق. بىرلا جانابى ئاللاھ ئېھسان قىلىدىغان باقى بايلىق بىلەن ھەقىقى بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا شەك - شۈبھە يوقتۇر.»

ئەگەر بىر ياش «رىسالەئى نۇر» نىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشتە بىر ئاز كېچىككەن بولسا ئەپسۇسلىنىپ شۇنداق دەيدۇ: «شۇ كېچىكىپ ئويغانغان بىچارە ياشلىقىمنى فانى نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ۋە ئىمانغا خىزمەت ئۈچۈن، سۆيۈملۈك ئاللاھىمىزغا ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە يېتىشىش ئۈچۈن خىزمەتكە بېغىشلىشىم كېرەك. ئۇلارنىڭ مىليونلىرى ئۈچۈن رىسالەئى نۇرنى يېزىشتىن چېكىنمەيمەن.»

رىسالەئى نۇرغا بۇ قەدەر باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ، دۇنيادىن ئاللاقىمىزنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ئويلىغانلار بولىشى مۇمكىن. ئەكسىچە بۇ جەھەت بۇ سۈپەتلىرىمىزدە كۆرۈنىدۇ: بويتاق بولغان بولساق ئىشلىرىمىزنى ئەڭ ئاۋال، ئوقۇغۇچى بولغان بولساق دەرسلىرىمىزنى ئەڭ بۇرۇن، خىزمەتچى بولغان بولساق ۋەزىپىلىرىمىزنى ئەڭ باشتا ئورۇنلايمىز. رىسالەئى نۇرنىڭ ئوقۇلىشى بۇ ئىشلىرىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى قەۋەت ـ قەۋەت ئارتتۇرۇپ قۇۋۋەت ۋە ھەۋەس بېرىدۇ. بىزگە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. يولدا، ئۇ يەردە، بۇ يەردە ، خىزمەت سائەتلىرىدە بوشقا ۋاقىت ئۆلتۈرۈشتىن بىزنى چەكلەيدۇ. ئىشلىرىمىزنى پروگراما ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا دەم ئېلىش زامانلىرىدىمۇ خىزمەت نىيىتىنى ئۇنۇتقۇزمايدۇ.

رىسالەئى نۇرنىڭ قىممىتىنى دەل بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ قىممىتى ئوقۇغانلارنىڭ ئىچىنى ئۇ قەدەر نۇرلاندۇرىدۇكى، ئۇلاردىن شۇنداق پىداكارلىرى باركى، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇلاردىن بىرسىنىڭ بېشىغا يىغىلىپ ۋاز كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشسا

يەنىلا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

رىسالەئى نۇرنى يېزىش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئۇستازنىڭ خىزمەتچىسى بولىمەن. خىزمەتچىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشنىمۇ بىر شەرەپ دەپ بىلىمەن. بۇ باغلىنىشنى ئارتۇق كۆرگەنلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەتتىيەن ھېچ ئارتۇق كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. قىممەتلىك بىر ئەسەر ئوقۇماق، ئۇنى يازغانغا قارشى ئىچىمىزدە ئاز - تولا بىر باغلىنىش بولىدۇ. مەسىلەن: مولىيېرنىڭ، شېكسپىرنىڭ، ۋىكتور ھۇگونىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوقۇغانلاردا بىر تەقدىر ھېس قىلىندۇ. ئەجەبا ئىسلام دىنىنىڭ رەھبىرى بولغان قۇرئاننى كەرىمنىڭ تەفسىرلىگۈچىسىگە قارشى باغلىنىش دەرىجىسى قانداق بولىدۇ؟ مەشھۇر گېزىتەنىڭ ئەسىرى قەغەزگە يېزىلسا، بەدىئۇززاماننىڭ ئەسىرى، يەنى رىسالەئى نۇر، ئالتۇن - كۈمۈش لەۋھەلىرى ئۈستىدە نەقىش چېكىلىشكە لايىقتۇر. پلاتوننىڭ ئۇستازى سوقراتنىڭ ۋە ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق ئۈچۈن كېچە يېرىمىغا قەدەر ئولتۇرۇلسا، بەدىئۇززاماننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن، ئۇيقۇلىرىمىزنى تەرك قىلساق ئارتۇق كۆرۈش كېرەكمۇ؟ پەقەت دۇنيا بويىچە شۆھرەت قازانغان بىر مۇئەللىفنىڭ ئەسىرىگە بەش لىرا بېرىلسە، رىسالەئى نۇردەك ھەر ئىككى ئالەمدە ئەڭ چوڭ شۆھرەت ۋە يۈكسەك دەرىجىلەرگە لايىق بولغان مۇقەددەس بىر ئەسەر ئۈچۈن پۈتۈن بايلىقلار پىدا قىلىندۇ ۋە قىلىنىشى كېرەك. توغرا پىكىرلىك ئەسەرلەرگە باغلىنىشىمىزنىڭ دەرىجىسى ئون بولسا، رىسالەئى نۇردەك دۇنيا ۋە ئاخىرىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلغان بىر قۇرئان مۆجىزىسىگە

بولغان باغلىنىشىمىز چەكسىز بولىشى كىرەك. ئۇنداقتا قېرىنداشلىرىم، كىلىڭلار. نۇرىدىن نۇر ئېلىشقا ئىنتىلايلى. قاتتىق ئېھتىياجى بولغان يۈزلىرىمىزنى، كۆزلىرىمىزنى قۇرئانى كەرىمنىڭ مەنىۋى مۆجىزىسى بولغان رىسالەئى نۇر كۈتۈپخانىسىغا بۇرايلى. قۇرئانى كەرىمنىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىنى پۈتۈن كۈچ ۋە قۇۋۋىتىمىز بىلەن تەكرارلايلى. قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەقىقىي بىر تەفسىرى بولغان رىسالەئى نۇر، بىزنىڭ ماھىيىتىمىز، قەلبىمىز، روھ ۋە جانىمىزدۇر. ئۇنى ھايات غايىمىز ۋە ئۆمۈر سەرمايىمىز دەپ بىلىمىز ۋە بىلىشىمىز كىرەك. شۇنداق قېرىنداشلىرىم. رىسالەئى نۇردىكى خۇسۇسىيەتلەر ھازىرغا قەدەر يېزىلغان ھېچ بىر ئەسەردە كۆرۈلمەيدۇ. بۇنى قايەردىن بىلىسەن؟ دېيىشىڭلار مۇمكىن. پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلاپ تۇم - تۇم ئەسەر ئوقۇغانلار بۇ ھەقىقەتنى ئىلان قىلىشماقتا. ھەمدە ئۇ شەخسلەر، شۇ زاماندا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىلمى نەقەدەر يۈكسەك ۋە باي بولسا بولسۇن رىسالەئى نۇرنى ئوقۇشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىگە قانائەت كەلتۈرىشىدۇ. غۇرۇر، تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىكتەك كىسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇشتىن قورققان ئالىم، تەقۋا، مۆنەۋۋەر ئىنسانلار رىسالەئى نۇرغا دەرھال يېپىشماقتا. بەزىلىرى ئاتمىش - يەتمىش ياشلاردا بولسىمۇ، رىسالەئى نۇرغا شاگىرت بولۇشقا تىرىشماقتا: «ھەرقانداق بىر ئەسەر ئوقۇلسا، مەلۇمات ئالغىلى بولىدۇ. لىكىن رىسالەئى نۇر ئەقىل بىلەن بىرگە قەلب ۋە روھقا بىر مەنىۋى ۋە ھۇزۇرلۇق دەرس بېرىدۇ.»

شۇنداق قېرىنداشلىرىم، رىسالەئى نۇرنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى

ئوقۇغۇچىلىرىدا كۆز بىلەن كۆرۈنىدۇ. تۈرك مۇسۇلمان ياشلىرىمۇ ئۆزلىرىنى قاراڭغۇ پىكىرلىك ئەمەس، ئىمانلىق، نۇرلۇق ئىلىم ۋە پەن كىشىلىرى قىلىشنى خالىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مەلۇماتلارنىڭ ئاساسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرنى ئوقۇش كېرەك. قانۇن، مېدىتسىنا ۋە پەن پاكۇلتېتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار بولغان ئىلىملارنى رىسالەئى نۇردا ئوقۇغان ۋاقىتتا ئىلمى، ئىجتىمائىي، روھانىي، خىلمۇ - خىل بىلىملەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئەدەبىياتقا قىزىققانلار رىسالەئى نۇرنى ئوقۇشۋاتىدۇ. كەلام، شېئىر، يېزىقچىلىق ئىقتىدارلىرى رىسالەئى نۇرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بىر بولسا، ئوقۇغاندىن كېيىن ئون بولىدۇ. رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغان، ھەرقانداق بىر ئىلىم توپلىمىدا بولغان مۇنازىرىلەردە چوقۇم ئۇتۇق قازىنىدۇ. ھەقىقەتنى ئەڭ ئوچۇق بىر ئىپادە بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. رىسالەئى نۇرنى ھەقىقى قوبۇل قىلىش بىلەن ئوقۇغان سوتچىلارنىڭ خاتا قارار بېرىشى كۆرۈلمەيدۇ. ھەقىقى مەدەنىيەتنىڭ، يۈكسەك جەمىيەتلەرنىڭ ۋە ئىنسانىيەت قانۇنلىرىنىڭ ئاساسى قۇرئاندۇر. ئىزدىگەنلىرىڭلارنى قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەقىقى بىر مۇبارەك تەفسىرى بولغان رىسالەئى نۇردا تاپىسىلەر. تەقدىرلەش ھىسلىرى ئىچىدە تەكرار - تەكرار ئوقۇش ئىشتىياقىغا ئىگە بولىسىلەر.

ئۇنىۋېرسىتېتكە كىرىشتىن بۇرۇن رىسالەئى نۇرنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈش پايدىلارنىڭ ئۈستىدە بىر پايدىدۇر. بولمىسا چوڭ زىيانلارغا دۇچار بولۇش ئېھتىمالى بەك كۆپتۇر. بۇ جەلپ قىلغۇچى راۋان ئۇسلۇپ دائىم ئوقۇش ئىشتىياقىنى ئويغىتىدۇ. ھەممە بۇ ئەسىردە

ئىنسانغا تەڭداشسىز بىر ئەسەرنىڭ تاتلىق ۋە باشقىچە ئۇسلۇبىنىڭ بەرگەن بىر لەززىتى بىلەن نۇر توپلىمىنى بىر ئاز بۇرۇن ئوقۇش ئۈچۈن غەيرەت ۋە ھەۋەس كىلىدۇ. قۇرئانى كەرىم، مەنىسى بىلىنمەستىن ئوقۇلسىمۇ ئوقۇغانغا مەنىۋى بىر تەسىر بېرىدۇ. رىسالەئى نۇردا قۇرئانى كەرىمنىڭ مەنىۋى مۆجىزىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىچىدە كۆرۈلگەن ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى چۈشىنەلمىسەڭلارمۇ ئۇلارنىڭ فەيزى ۋە روھ ئىنسانغا ئۆتىدۇ ۋە ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇندىق رىسالەئى نۇردىن بىر پارچە ئوقۇغان، ئوقۇغان شۇ پارچىسى بىلەن «رىسالەئى نۇر» توپلىمىنىڭ بىر شاھ ئەسەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم بېرىدۇ ۋە بەرمەكتە. رىسالەئى نۇر شۇنداق بىر تەڭداشسىز ئەسەركى، ھەقىقەتلىرىنى ھەر ئالىم چۈشەنگىنىدەك ھەر ئوقۇيالىغانغا ۋە ھەر ئاڭلىغانغا — ھەتتا ساۋاتسىز بولسىمۇ — چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئىقتىدار ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

رىسالەئى نۇر، بالاغەتلىك ھەقىقەتلەر ۋە سۆزلەر خەزىنىسىدۇر. رىسالەئى نۇرنىڭ جۈملە ۋە بالاغەتلىك سۆزلىرىنى ياتقا ئالساق، ئۇلارنىڭ قەلبىمىزدىن ۋە تىلىمىزدىن ناھايىتى قىممەتلىك جەۋھەرلەر پارچىلىرى ھالىتىدە چىققانلىقىنى كۆرىمىز. بەدىئۇززامان ئىخلاس رىسالىسىنىڭ ئاخىرىدا بىزلەرگە ناھايىتى چوڭ خۇشخەۋەر بەرمەكتە. بۇ قەدەر ھەيران قالارلىق بىر قولايلىقنى خۇشخەۋەر بىرىش، ھازىرغا قەدەر ھىچ بىر مۇئەللىفكە نىسىپ بولمىغان دەپ قانائەت كەلتۈرمەكتىمىز. ھەزرىتى ئۇستاز ئۇ رىسالىدە دەيدۇكى: «بۇ رىسالىلەرنى چۈشىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ بىر يىل ئوقۇغان بۇ

زاماننىڭ ھەقىقەتلىك بىر ئالىمى بولالايدۇ.» ئالىم دېمەك، ئىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشى دېمەكتۇر. بۇنىڭدا ياش - قېرى پەرقى يوقتۇر. رىسالەئى نۇر ئۆزىنى ساداقەت بىلەن ئوقۇغان ياشلارنى بىر يىلدا ئالىم قىلىدۇ. سۆيۈملۈك ئاللاھىمىز بۇ زامان ئىنسانلىرىغا ئېھسان قىلغان بۇنچە قۇلاي ۋە تېز ئىگەللىنىۋېلىدىغان بىر ئىلىمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئەقلى بېشىدا، قەلبى يېرىدە بولغان بىر ياش، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەش مىنۇتىنىمۇ يوقاتماسلىق نىيىتى بىلەن تىرىشماقتىن كېيىن قالامدۇ؟ ياق. ھېچ كېيىن قالماس.

بۇ ۋەتەن ۋە بۇ خەلق ياشلىرى ئويغانماقتا. بۇ ئويغانغان ياشلار ، ھەقىقى راھەت ۋە سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان خىزمەتنى رىسالەئى نۇر بىلەن ئورۇنلاش قابىلىيىتىگە ئىگىدۇر. بىراق كىرەك تار دائىرىدە بولسۇن، كىرەك كەڭ دائىرىدە بولسۇن، يۇقۇرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى شەخسىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاجدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى شەخسىگە ھەقىقى ۋە سەممىي بىر ئالاقە بىلەن باغلىنىش لازىمدۇر.

ئەزىز قېرىنداشلىرىم !

بۇ قەدەر قىممەتلىك ئەسەرلەرنى بىر ئاز بۇرۇن ئوقۇش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىمىز بىلەن تىرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. ھەمدە شۇنداق بولىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن. ھازىردىن باشلاپ ئىچىڭلاردا مەنىۋى بىر قۇۋۋەتنىڭ سىلەرنى تىرىشىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىسلەر ۋە جۇشىنىۋاتىسلەر. بۇ ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كونا يېزىقنى ئۆگىنىشكە قارار بېرىڭلار . بىز ئۆزىمىزنى يېتىشتۈرۈش

زۆرۈرىيىتىدە ۋە نىيىتىدەمىز. ئىنشائاللاھ، داۋاملىق، چىداملىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن تىرىشىش ئارقىلىق ئەلبەتتە يۈكسىلىمىز. رىسالەئى نۇر ئارقىلىق بىزلەرگە بىرىلگەن ئاجايىپ ئېھسانلارنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان تۈرك ـ مۇسۇلمان ياشلىرى يەنە كۆپ سەبىر قىلالماس، قىلالمايدۇ. كاللىسىنى ئىلىم بىلەن، قەلبىنى نۇر بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە تولدۇرىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھىمىزنىڭ ھەقىقى بىر قۇلى ۋە پۈتۈن دۇنيا ياشلىرىغا ئۈلگىلىك بىر مۇسۇلمان ـ تۈرك ياش بولۇشقا تىرىشىۋاتىمىز. رىسالەئى نۇرنى يېزىشتىكى ئۇتۇقلىرىمىز كۆپ چوڭ ۋە تۈرلۈكتۇر. كونا يېزىقنى ناھايىتى قىسقا بىر زاماندا ئۆگەنسە بولىدۇ. ھەمدە يېزىۋاتقاندا مەلۇمات ئىگەللىگىلى بولىدۇ. رىسالەئى نۇرنى كۆپەيتىش، قۇرئانى كەرىمگە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر بەتلىك خەتكە، بەتلەر سانىچىلىك ئۇتۇقلار ئېھسان قىلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن يېزىلىپ ئۆگىنىلگەن ئىلىممۇ تېخىمۇ ياخشى ئەستە قالىدۇ. رىسالەئى نۇرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ ئوقۇشقا باشلىغان بىر دوست سورىغانىدى: «رىسالەئى نۇر ئىككى توممۇ؟». دىدىم: «ياق، باي بىر توپلام». تەكرار سورىدى: «ھەممىسى يىڭى يېزىقمۇ؟». دىدىم: «سەن كۆرگەن شۇ توملار يىڭى يېزىق». ئۇ دوست بىر ئاز ئويلاندى. تىز ۋە توغرا قارار بىرىدىغان چوڭ بىر كىشى سۈپىتىدە، غەيرەت ۋە سەگەكلىكنى ئىپادىلىگەن بىر ھال بىلەن مۇنداق دىدى: «بۇ قەدەر قىممەتلىك بىر ئەسەرنىڭ كونا يېزىقتىكىلىرىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالالمايمەن. كونا يېزىقنى ئۆگىنىشكە باشلىشىم كېرەك».

بىز، ئىلىم ۋە كامالەت بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەڭ يۈكسەك بىر خىزمەت قىلىشنى خالايمىز ۋە ئىنشائاللاھ قىلىمىز ...

بۈرۈندىنلا پاكىز ۋە دۇرۇس دوستلار تۇتۇشقا قىزىقاتتىم. بىرى بىلەن تونۇشقاندا ئەڭ ئاۋال ئۇنى دوستلۇققا نامزات دەپ تاللايتتىم. دوستلۇق ھەققى ۋە ئەبەدى بولىشى ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئاز بىر - ئىككى يىل تەجرىبە قىلىش كېرەك دەيتتىم. ئەمدى بىرى بىلەن تونۇشقاندا، رىسالەئى نۇرنىڭ سادىق ۋە ھەققى شاگىرتى دېيىلگەن ھامان، ئۇنىڭغا پۈتۈن جىنىم بىلەن يېقىن باغلىنىمەن.

رىسالەئى نۇردىكى ئاجايىپ قۇۋۋەت، مىسكىنلەرگە شوق بېرىدۇ. پەس ۋە ناچار ھەۋەسلەردىن راھەتلەنگەن كىشىلەرنى، نورماللاشتۇرىدۇ. ناچار ھەۋەسلەردىن يىرگىنىدۇرىدۇ ۋە چېكىندۇرىدۇ. ھەممە ئەڭ ساپ، ھەققى، ئەبەدى، چەكسىز لەززەتلەرنى بېرىدۇ. ئىنسانغا ھاياتنى سۆيدۈرىدۇ. مەنمەنچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ ئىمانلىق بىر بەختىيارلىق بېرىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەس، ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ يۈكسەك بىر ئىنسان بولۇش ھەۋىسىنى ۋە ئىشتىياقىنى بېرىدۇ. غۇرۇر ۋە تەكەببۇرلۇقتەك ناچار ئىللەتلەرنى داۋالايدۇ. كەمتەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىقتەك پەزىلەتلەر بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرنى ئىناقلىققا ئايلاندۇرىدۇ. يامانلىققا قارشى يامانلىق بىلەن قارشىلىق ئەمەس، ئەكسىچە ياخشىلىق قىلىشنى، سەبىر ۋە چىدامچانلىقنى ئۆگىتىدۇ. سىلەردەك مۇلايىم، ئىستقامەتلىك، ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، پاكىز ۋە قىممەتلىك ياشلارنى، بۇزۇق ۋە ناچار مۇھىتنىڭ ۋە ئەركىن ھاياتنىڭ تەسىرىدە ئەخلاقسىز،

تەربىيەسىز، يىرگىنچلىك، قەدىر ـ قىممەتسىز بىر ئىنسان ھالىتىگە كىرىپ قېلىشتىن توسىدۇ. شۇڭا رىسالەئى نۇرنىڭ سادىق، ھەقىقى بىر شاگىرتى مىليونلارچە ئەخلاقسىز ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا قالسا، ئەخلاقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەكسىچە ئەخلاقىنى تىخىمۇ يۈكسەلتمەك ئۈچۈن، نەفس جىھاتىغا ئاتلىنىدۇ. رىسالەئى نۇردىن ئالغان مەلۇماتى بىلەن غەيرەت ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت بىلەن ئۇتۇق قازىنىدۇ. ئۆزىنى ئۇ بۇزۇق جەمىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ جەمىيەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە رىسالەئى نۇر بەرگەن تەھقىقى ئىمان دەرسلىرى بىلەن ئەڭ ئىغار ۋە ئەڭ يۈكسەك ئىجتىمائى ئاساسلار بىلەن قوراللانغان بىر ئىسلاھاتچى بولىدۇ. بۇزغۇنچىلىقلا يۈز تۇتقان، ئىنسانىيەت دائىرىسىدىن چىققانلارنى مەدىنىلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بىزلەر ياردەمچىمىز بولغان ۋە ئۇلۇغلۇق ۋە قۇدرەتتە چېكى بولمىغان ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا سىغىنىپ ۋە يالۋۇرىۋاتىمىز. پۈتۈن ئىنسانلارنى، ئىنسانىيەتكە، راھەت ۋە سائادەتكە ئىگە قىلغان ھەقىقى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسچىسى ۋە يايغۇچىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن ھەمدە رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى شەخسىدىن ياردەم تىلەپ كۆچ سەرپ قىلماقتىمىز.

شۇنداق قېرىنداشلىرىم، بۈگۈندە ئىجتىمائى دەرت ۋە يارىلىرىمىزنى داۋالايدىغان ئاساسلىق يالغۇز بىر ھەقىقەت بار. ئۇ بولسا قۇرئانى كەرىمنىڭ تەفسىرى بولغان رىسالەئى نۇر دورىلىرىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى، ياشلارنى يېتىشتۈرۈش شەرەپ ۋە قىممىتىگە ئىگە بولغان مۇئەللىملەر

چۈشىنىۋاتىدۇ. كۆزىمىز دائىم تەرەققىدا بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئەبەدى سائادەتنى ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تىجارەتگاھ ئىكەنلىكىنى رىسالەئى نۇر دەرس بېرىدۇ. بىزمۇ چېكى بولمىغان بىر ئىلىم ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىشتا ئازغا قانائەت قىلمايمىز. دائىم كۆپرەك قازىنىش ۋە ئىلىم بويىچە يۈكسىلىش ئۈچۈن غەيرەت ۋە چىدام بىلەن تىرىشىمىز ئىنشائاللاھ.

پەن پۈتۈن تېزلىگى بىلەن ئىلگىرلىمەكتە. مەنىۋىيەتتە يۈكسىلىشمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراللېلدۇر. ماددىي ساھەدە بىر سائەتلىك يول بىر مىنۇتقا چۈشۈرۈلگەن بىر دەۋرنى ياشاۋاتىمىز. مەنىۋىيەت ساھەسى بولسا تېخىمۇ تېز ۋە تېخىمۇ كەڭرىدۇر. كونا زامانلاردا يېرىم ئەسىردە ئېگەللىنىدىغان ئىلمى ھەقىقەتكە، ھازىر بىر يىلدا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بەلكى تېخىمۇ قىسقا ۋاقىتتا ئېرىشىلىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەت بولسا، پەقەت ۋە پەقەت غەيرەتلىك ۋە داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ.

شۇنداق قېرىنداشلىرىم!

ھەقىقى ۋە يۈكسەك بىر ئىنسان بولۇش، ھەمدە بۇ ئارقىلىق خەلق ۋە ۋەتىنىمىزگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا يۈكسەك بىر خىزمەت قىلىش ئۈچۈن رىسالەئى نۇر يولىدا يۈگرىشىمىز لازىمدۇر. ھەتتا بىر يۈگرىشىمىزدە تېخىمۇ يۇقۇرى سۈرئەت كۆرسىتىشىمىز لازىم. يەنى بەش مىنۇتلۇق ئوقۇشقا مۇمكىن بولغان بىر ۋاقىتىمىزنى بوش ئۆتكۈزمەسلىكىمىز زۆرۈردۇر. ئوقۇشتىكى تېزلىك بۇ شەكىلدە بولىدۇ. ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە ئۆزىمىز بىلەن شۇنداق

سۆزلىشىمىز كېرەك : «ۋاقىت يوقىتىۋاتىمىز، دىققەت، ۋاقتىمىز بوشقا ئۆتمىسۇن. ھايات سەرمايىمىز بولغان ۋاقتىمىزنى ئۆلتۈرمەيلى ۋە ۋاقىت ئۆتتۈش ئۈچۈن شۇنى قىلايلى، بۇنى قىلايلى» دەپ ۋاقىتقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ «نۇر» خىزمەتلىرى بىلەن يۈكسىلىشكە ھەققى تۈردە تىرىشىشىمىز كېرەك.

كونيا نۇر تالىپلىرى نامىدىن

زىۋەر گۈندۈز ئالىپ

## بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ

## اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللهِ وَ بَرَكَاتُهُ اَبَدًا دَائِماً

شۇ كائىنات ساماسىنىڭ پاتماس مەنىۋى قۇياشى بولغان قۇرئانى كەرىم، شۇ مەۋجۇدات چوڭ كىتابىنىڭ يارىتىلىش ئايەتلىرىنى ئوقۇتتۇرۇش، ماھىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شولىلىرى ھۆكمىدە بولغان نۇرلىرىنى يايماقتا. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ، توپ - توغرا يولنى كۆرسەتمەكتە. ئىنسانىيەت ئالىمىدە ھەر بىر كىشى، يارىتىلىشتىكى مەقسەتلەر، تەبىئىتىدىكى ئارزۇلار ۋە ھاياتىدىكى غايىلىرىنى ئۇ ھىدايەت قۇياشىنىڭ نۇرى بىلەن كۆرىدۇ ۋە بىلىدۇ. ئۇ ھىدايەت نۇرىنىڭ جىلۋىسىگە ئىگە بولغانلار، قەلىپ قابىلىيىتى نىسبىتىدە، ئۇنىڭغا ئەينەك بولۇپ يىقىنلىشىدۇ. شەيئىلەر ۋە ھاياتىنىڭ

ماھىيىتى، ئۇ نۇر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەقەت ۋە پەقەت ئۇ نۇر بىلەن كۆرىنىدۇ، چۈشىنىلىدۇ ۋە بىلىنىدۇ. ئەزەلىي قۇياشنىڭ مەنىۋى ھىدايەت نۇرلىرىغا ۋەكىل بولغان قۇرئانى كەرىم، ئەقىل ۋە قەلب كۆزى بىلەن ھەق ۋە ھەقىقەتنى كۆرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ نۇرىدىن ئۇزاق قالغانلار قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. چۈنكى ھەر نەرسە نۇر بىلەن كۆرىنىدۇ، چۈشىنىلىدۇ ۋە بىلىنىدۇ. ئەنە شۇ ھەقىقەتنىڭ مەنىۋى ۋە ئەبەدىي قۇياشى بولغان قۇرئانى كەرىمنىڭ  نۇر جىلۋىلىرىگە، بۇ ئەسىرىمىزدە «نۇر» ئىسمىدىكى «رىسالەئى نۇر» نىڭ مەنىۋى شەخسى ئىگە بولغان. ئۇ نۇرلار، زۇلمەتتىن ئايرىلىشنى خالىمىغان مۈشۈكياپىلاقتەك، غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن كۈندۈزنى كېچە قىلغان، كەيىپ ـ ساپاغا مۈپتىلا، ئەقلى كۆزىگە چۈشۈپ قالغان، قاراڭغۇلۇقتا قېلىپ، كۆزى كۆرمەس بولغانلارغا ۋە يولىنى بىلەلمەيۋاتقانلارغا قارشى پىروژېكتۇردەك نۇرلىرىنى ئىمان ھەقىقەتلىرىگە يۈزلەندۈرۈپ سىراتى مۇستەقىم بولغان توپ ـ توغرا يولنى پۈتتۈنلەي كور بولۇپ كەتمىگەنلەرگە كۆرسەتمەكتە. نۇر توقمىغىنى كاپىر ۋە ئىنكارچىلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، «يا ئەقلىڭنى بېشىڭدىن چىقار، ھايۋان بول. يا ئەقلىڭنى بېشىڭغا ئال، ئىنسان بول» دېمەكتە. ئىلىم بىر نۇر بولغانلىقتىن «رىسالەئى نۇر» نىڭ ئىلىمگە بولغان ئەڭ چوڭقۇر سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر ـ ئىككى دەلىلگە قىسقىچە ئىشارەت قىلىمىز:

بىرىنچى، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، رىسالەئى نۇر باشقا كىتاپلارنى ئەمەس، پەقەت قۇرئانى كەرىمنى ئۇستاز تۇتىشى ۋە

ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى. ئۇنىڭ مەقبۇلىيىتى ھەققىدە بىزنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىشىمىزگە ھاجەت قالدۇرمايدۇ. بىز پەقەتلا ئىلىم ئەرباپلىرى نەزىرىدە رىسالەئى نۇرنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەيمىزكى، رىسالەئى نۇر ھازىرغا قەدەر ھېچ بىر ئالىمنىڭ ھەقىقى شەكىلدە ئىسپات قىلالمىغان ئەڭ ئىنچىكە مەسىلىلەرنى، ئىنتايىن قولاي ھالدا ئەڭ ئاددى ئاۋام تەبىقىسىدىن، تا ئەڭ يۇقۇرى تەبىقىگە قەدەر ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا چۈشىنەلەيدىغان بىر تۈردە، دەل قانائەتلەندۈرىدىغان ھالدا ئىزاھ ۋە ئىسپات قىلىشدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت ھېچ بىر ئالىمنىڭ ئەسىرىدە يوقتۇر.

ئىككىنچى: پۈتۈن نۇر ئەسەرلىرى، قۇرئانى كەرىمنىڭ بىر قىسىم ئايەتلىرىنىڭ تەفسىرى بولۇپ ئۇنىڭ مەنىۋى جىلۋىلىرى ئىكەنلىكىنى ھەر جەھەتتە كۆرسىتىشدۇر.

ئۈچىنچى: ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئېھتىياجلىرىغا، قەتئى دەلىل ۋە پاكىتلار بىلەن ئىلمى بىر ماھىيەتتە جاۋاپ بېرىشدۇر. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئاخىرەت ۋە باشقا ئىمان ئاساسلىرىنى، بىر زەررىنىڭ سۆزى ۋە ئەھۋال تىلى ئارقىلىق تەرجىمانلىق قىلىپ ئىسپات قىلىشدۇر. ئەڭ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن ئىبنى سىنا، فارابى، ئىبنى رۇشد بۇ مەسىلىلەردە پۈتۈن مەۋجۇداتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، رىسالەئى نۇر ئۇ ھەقىقەتلەرنى بىر زەررە ۋە ياكى بىر ئۇرۇق تىلى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر رىسالەئى نۇرنىڭ ئىلمى ئىقتىدارىنى ئۇلارغا كۆرسىتىش مۇمكىن بولغان بولسا، ئۇلار دەرھال تىز چۆكۈپ رىسالەئى نۇردىن دەرس ئېلىشاتتى.

تۆتىنچى: رىسالەئى نۇرنىڭ، ئىنسانىنىڭ يىللارچە مەشغۇل بولۇپ بىلەلمىگەن بىلىملەرنى يىغىنچاق خۇلاسىلەر تۈرىدە قىسقا بىر ۋاقىتتا بىلدۈرىشىدۇر.

بەشىنچى: رىسالەئى نۇرنىڭ، ئىلمىنىڭ ئاساسى غايىسى بولغان ئاللاھنىڭ رازىلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەپ بولىشى، ھەمدە ئىلمىنى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېچ بىر جەھەتتە قورال قىلماستىن ھەقىقى تۈردە ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىشتەك ئەڭ يۈكسەك ۋەزىپىگە ۋەكىل بولىشىدۇر.

ئالتىنچى: رىسالەئى نۇر قۇۋۋەتلىك، مۇقەددەس ۋە ئىمانى بىر تەپەككۇر سەرمايىسى بولۇپ، پۈتۈن مەۋجۇداتقا سۆز ۋە ئەھۋال تىلى ئارقىلىق تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئىمان ھەقىقەتلىرىنى ئىلمەلىيەقىن، ئەينەلىيەقىن ۋە ھەققەلىيەقىن دەرىجىلىرىدە تەرەققى قىلغۇزىدۇ.

يەتتىنچى: رىسالەئى نۇرنىڭ، ئاساستىن ئالغاندا پۈتۈن ئىلملەرنى ئۆز ئىچىگە ئىلىشىدۇر. گويا ئىلىم يىپەكلىرى بىلەن توقۇلغان زىننەتلىك بىر رەختكە ئوخشايدۇ. ھەمدە ھازىرغا قەدەر ھېچ بىر ئالىم تەرىپىدىن سۆزلەنمىگەن ۋە ھەر تۈرلۈك ئىلمى سالاھىتى كۆرۈنگەن بالاغەتلىك سۆزلەر توپلىمىدۇر. مىسال تۈرىدە بىر قانچىسىنى زىكىر قىلىپ، پۈتۈن توپلام ھەققىدە بىر پىكىر گە ئىگە بولۇشنى ئارزۇلىغانلارغا رىسالەئى نۇر دىڭىزىگە مۇراجەت قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

1 . پاشىنىڭ كۆزىنى ياراتقان كىم بولسا، قۇياشنىمۇ ئۇ

ياراتقاندۇر.

2 . بۇرگىنىڭ ئاشقازىنىنى تەرتىپكە قويغان كىم بولسا، قۇياش سىستېمىسىنىمۇ ئۇ تەرتىپكە قويغاندۇر.

3 . بىر زەررىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كائىناتنى ئىجاد قىلغۇدەك بىر چەكسىز قۇدرەت كېرەكتۇر. چۈنكى، شۇ كائىنات چوڭ كىتابىنىڭ ھەر بىر ھەرپىنىڭ، بولۇپمۇ جانلىق بولغان ھەر بىر ھەرپىنىڭ، ھەر بىر جۈملىسىگە قارىغان بىر يۈزى ۋە قارايدىغان بىر كۆزى باردۇر.

4 . تەبىئەت، مىسالى بىر مەتبەدۇر، مەتبەچى بولالماس. نەقىشتۇر، نەققاش بولالماس. ھەرىكەتنىڭ كىلىپ چىقىشىدا قۇرال بولىدۇ. ھەرىكەت مەنبەسى بولالماس. تەرتىپتۇر، تەرتىپكە قويغۇچى بولالماس. قانۇندۇر، قۇدرەت ئەمەس، ئىلاھى ئىرادە شەرىئىتىدۇر. سىرتقى بارلىقتىكى ھەقىقەت ئەمەس.

5 . تۇراقلىق، دائىمى، تەبىئى قانۇنلاردەك، رۇھمۇ ئەمىر ئالىمىدىن ۋە ئىرادە سۈپىتىدىن كەلگەندۇر ۋە قۇدرەت ئۇنىڭغا ھىس ۋۇجۇدىنى كيگۈزگەندۇر. ھەمدە بىر نازۇك ئاققۇچى جىسمىنى، ئۇ جەۋھەرگە غىلاپ قىلغاندۇر» ... ۋاھاكازالار... مىڭلارچە بالاغەتلىك سۆزلەر بار.

اَلْبَاقِى هُوَ الْبَاقِى

دوكتور. مۇستافا ھىلمى رامازان ئوغلى.